

# غەرب دېموكراتىيىسى ۋە

# ئۇيغۇرلار

مەمەت ئېمىن

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مەسىلىلىرى ھەققىدە ماقالىلەر توپلىمى

# غەرب دېموكراتىيىسى

# ۋە ئۇيغۇرلار

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مەسىلىلىرى ھەققىدە ماقالىلەر توپلىمى

مەمەت ئېمىن

**يازغۇچى :**

مەمەت ئېمىن

**نەشرگە تەييارلىغۇچىلار :**

ئەركىن سىدىق

شۆھرەت تېكىن

**مەسئۇل مۇھەررىرى:**

ئۇيغۇر كۆكئارت

**تەھرىرى:**

ھېكمەتيار ئىبراھىم

**چىقارغۇچى ئورۇن :**

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

2022-يىلى 10-ئاي

ISBN 978-62772-022-10

# مۇندەرىجە


زىيالىي ۋە سىياسىئون توغرىسىدا 1
ئۆزىمىزنى تونۇش 6
ئۆزۈڭ بول 12
تەنقىد ۋە ئۆزىمىزنى تەنقىد قىلىش 20
ئىنسانلارنىڭ شەخسىيىتى، ئەخلاقى، مەسئۇلىيىتى ۋە ھەق-ھوقۇقى 27
ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت 30
سەۋر-تاقەت ۋە شۈكۈر 37
خەلقىمىز نېمىگە ئېھتىياجلىق؟ 49
توغرا ۋە خاتا 61
بىزدىكى ئىختىلاپ ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى 69
ئىختىلاپ ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش 75
قوراشتۇرۇش ئويۇنى 81
بىر كۆزلۈك ئادەملەر 86
لاگېر تاقالسا مەسىلىمىز ھەل بولامدۇ؟ 88
ئەخلاق توغرىسىدا 94
خەلقنى كونترول قىلىشنىڭ بەش خىل ئۇسۇلى 101
ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركىيە ئارىسىغا چۈشكەن قارا داغلار 107
ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە نەزەر 119
ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرى 124
مۇنازىرە ئەخلاقى ۋە بىزدىكى رېئاللىق 135
بىزدىكى ئىنكار قىلىش پسىخىكىسى 141
سىياسى ئاكتىپلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان تەنقىد ۋە ھۇجۇملار توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە 146
خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئۇيغۇر داۋاسى 153
بىز ئويغاندۇقمۇ؟ 163
ئالدىنقى 10 يىل ۋە بۈگۈنىمىز 171
تاساددىپىيلىقمۇ ياكى پىلانلىغان ئىشمۇ؟ 176
قوينى قاسساپ سويسۇن 182
ئوقۇتقۇچۇمنى ئەسلەپ 186
بىزدىكى زىددىيەتلىك كۆز قاراشلار 189
چېركاۋنى مەسچىتكە ئۆزگەرتىش داۋاغا راستىنلا سەلبىي تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟ 192

| | |
|---|---|
| جۇمھۇرىيەت پارتىيىسمۇ ياكى دېموكراتىيە پارتىيىسمۇ؟ | 195 |
| مايمۇن ئويۇنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى روھىي ئاسارەت | 199 |
| سۇيىقەست نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرلىرى | 205 |
| «ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» دىن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھالىتىگە نەزەر | 208 |
| غەرب بىزنى قوللامدۇ؟ | 213 |
| غەربنىڭ دېموكراتىيەسى ۋە ئۇيغۇرلار | 217 |
| غەربتىكى مەنبە ئىشەنچلىكلىكى ۋە بىزنىڭ داۋا | 220 |
| ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىقنى خالامدۇ؟ | 224 |
| تەلۋە ئات ھېكايىسىدىن پەيدا بولغان تۇيغۇلار | 228 |

# زىيالىي ۋە سىياسىئون توغرىسىدا

بىزدە «ئالىم بولغۇچە ئادەم بول» دېگەن ئاتا سۆزى بار. بۇنداق دېگەنلىك ئادەم بولساڭ، ئالىم بولمىساڭمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بۇ دېگەنلىك ئالىم بول، شۇنداقلا ئادەم بولۇشنىمۇ ئۇنۇتما دېگەنلىكتۇر. ئالىم دېگەنلىك پەقەت كۆپ نەرسە بىلىدۇ دېگەنلىك، ئەگەر ئۇ شۇ بىلگەن بىلىمنى توغرا ئورۇنغا ئىشلەتمىسە، ئۇ ئالىم ئەمەس بەلكىم زالىم بولۇشى ۋە خەلققە بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.




**رۇسىيەلىك داڭلىق يازغۇچى، شائىر ۋىسارىيون بېلىنىسكى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «زىيالىي، شائىر، ئەسكەر، ئادۋۇكات بولۇش ياخشىدۇر، بىراق ئادەم بولماسلىق خاتادۇر.»**

بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، روناق تېپىشى ۋە بۇ دۇنيادا قانچە ئۇزۇن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ئۇلاردىن چىققان ئالىم ۋە زىيالىيلارنىڭ ئاز كۆپلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئارانلا 15 مىليون نوپۇسى بار يەھۇدىلارنىڭ دۇنياغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ ئالىم ۋە بىلىم ئادەملىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ بولغانلىقىدىندۇر. يېتەرلىك ئالىم ۋە بىلىم ئادەملىرى بولمىغان، ياكى ئالىم، زىيالىيلىرىنى تونۇمىغان، ئۇلارنى ئېتىراپ قىلمىغان، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلمىغان مىللەت ھەرگىز روناق تاپالمايدۇ، ھەتتا باشقىلارغا بېقىندا بولۇشپ قېلىشى مۇمكىن.

زىيالىي ھەقىقەتەنمۇ بىر مىللەتنىڭ ئاساسىي كۈچى، يول باشچىسى، مەنىۋىي ئوزۇقى ۋە ئۈمىدىدۇر. ئۇنداقتا زىيالىي دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ سىياسىئون بىلەن پەرقى نېمە؟ مەن تۆۋەندە ئۆزەمنىڭ بۇ جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

زىيالىي دېگىنىمىز مەلۇم كەسىپ بويىچە ئالىي مەكتەپ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى تەربىيە ئالغان ۋە شۇ كەسىپ بويىچە ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىۋاتقان بىلىم ئادەملىرىدۇر.

زىيالىيلارنى، ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسىگە، بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا، ئىلمىي پوزىتسىيىسىگە ۋە ئۇلارنىڭ بىتەرەپلىمىلىكىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

1. زىيالىي: ئالىي مەكتەپ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى تەربىيە كۆرگەن ھەرقانداق بىلىم ئادەملىرى؛ ئۇ كۆپىنچە ھالدا ئۇنىۋېرسال بىر ئۇقۇم.

2. بېقىندى زىيالىي: مەلۇم ئورگان، مەلۇم پارتىيە، مەلۇم گۇرۇھ ۋە ئۆزى تەۋە بولغان دائىرىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىلىم ئادەملىرى.

3. مۇستەقىل زىيالىي: ھېچقانداق گۇرۇپپا، ھېچقانداق پارتىيە، ھېچقانداق تەشكىلات ۋە ئىدىئولوگىيەنىڭ تەسىرگە ئۇچۇرىماي، بىتەرەپلىمىلىك بىلەن مۇستەقىل مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان بىلىم ئادەملىرى.

4. مۇتەخەسىس: مەلۇم كەسىپتە چوڭقۇرلاپ بىلىم ئالغان ۋە شۇ كەسىپتە ئۇزلۇكسىز تەربىيىلىنىپ بەلگىلىك نوپۇزغا ئىگە بولغانلار.

5. ئالىم: مەلۇم كەسىپتە چوڭقۇرلاپ بىلىم ئالغان ۋە شۇ كەسىپ بويىچە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ بەلگىلىك يېڭىلىق ۋە نەتىجە ياراتقانلار.

سىياسىئون دېگىنىمىز مەلۇم گۇرۇپپا، مەلۇم تەشەببۇس ۋە مەلۇم بىر ئىدىئولوگىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋە شۇ جەھەتتىكى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن باشقىلارنى سەپەرۋەر قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا يول كۆرسىتىپ، باشلامچىلىق، لېدىرلىق رولىنى ئوينايدىغان كىشىلەر.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، سىياسىئون بىلەن سىياسى پەنلەر بويىچە ئالىي بىلىم ئالغان، يەنى سىياسەتنى تەتقىق قىلىدىغان سىياسەتشۇناس تۈپتىن پەرقلىق بولۇپ، سىياسەتشۇناس دېگىنىمىز ئىقتىسادشۇناس، تارىخشۇناس، ماتىماتىكا ئالىمى، خىمىيە ئالىمى دېگەنلەرگە ئوخشاش مەخسۇس سىياسىي پەنلەر بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان بىلىم ئادىمى ياكى ئالىم.

سىياسەتشۇناسلارنىڭ ھەممىسى لاياقەتلىك بىر سىياسىئون بولالاشى ناتايىن. ئوخشاشلا سىياسىئونلارمۇ سىياسەتشۇناس بولالاشى ناتايىن.

زىيالىي بىلەن سىياسىئون ئارىسىدىكى ئەڭ چوڭ پەرق زىيالىي پاكىتنى ئاساس قىلسا، سىياسىئون ئېتىقادنى ئاساس قىلىدۇ. يەنىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا زىيالىي پاكىتقا ئاساسەن سۆزلەيدۇ، پاكىتقا ئاساسەن مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئومۇملىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سىياسىئون بولسا پاكىتتىن بەكرەك ئۆزى ئىشەنگەن، ئۆزى ئېتىقاد قىلغان قىممەت قاراش ۋە ئىدىئولوگىيە بويىچە ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان گۇرۇپپا ۋە ياكى تەشكىلاتىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ سۆزلەيدۇ ۋە شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ.

لاياقەتلىك بىر زىيالىي ھەرزامان كەسپىي ئەخلاقىقا ھۆرمەت قىلىپ، مەشغۇلات ئېلىپ بارغاندا ھېسسىياتقا بېرىلمەي پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشى، بىتەرەپلىكنى ساقلاپ، ھەقىقەتنى ۋە ئادالەتنى قوغدىشى كېرەك.

لاياقەتلىك بىر سىياسىئون ھەرزامان ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان ئىدىيە ۋە گۇرۇپپىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان پاكىتلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان گۇرۇپپىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ۋە ياكى ئۇنىڭغا زىيانلىق بولغان پاكىتلاردىن ئۇستىلىق بىلەن ئاتلاپ ئۆتۈپ، پۈتۈن كۈچى ۋە زېھنى بىلەن ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان گۇرۇپپا ۋە ئىدىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

لاياقەتلىك بىر سىياسىئون ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان گۇرۇپپا ۋە ياكى پارتىيەنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئەھۋالىنى پۇختا بىلگەندىن باشقا، باشقىلارنى چاقىرىق قىلىش جەھەتتە ئالاھىدە قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى، خەلقنى بىر يەرگە توپلىيالىشى، ئۇلارنى ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلاشتۇرالىشى، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىيالىشى كېرەك.

كەسپىي ئەخلاق بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان، ئۆز كەسپىدە كۆپلىگەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر زىيالىينىڭ ياخشى بىر سىياسىئون بولالاشى ناتايىن. زىيالىي دېمەك پەقەت ئۆز كەسپىگە قادىر دېمەك، ئۇ ھەرگىزمۇ ھەممە ئىشقا قادىر دېگەنلىك ئەمەس. زىيالىي دېمەك ھەممە ئىشتا پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدۇ، ھەقىقانىيەتنى كۆرەلەيدۇ ۋە ئۇنى قوغدايدۇ دېمەك. زىيالىي دېمەك مەلۇم بىر كەسىپتە ئىلغار ۋە ئۆزگىچە ئىدىيەگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، خەلققە ئۈلگە بولىدۇ ۋە ئۆز كەسپىدە باشقىلارغا يېتەكچىلىك قىلالايدۇ دېمەكتۇر.

بىر مىللەتكە خىزمەت قىلىشنىڭ نۇرغۇن يوللىرى بار. داۋاغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇش، داۋانى ئاكتىپ قوللاش دېمەك چوقۇم بىر تەشكىلاتقا ئەزا بولۇش ياكى ئۇ تەشكىلاتتا ھوقۇق تۇتۇش دېمەك ئەمەس. ئالتۇننى زەگەر سوقسۇن دېگەندەك، ھەر كەسىپنى شۇ جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى بولغان كەسىپ ئەھلى قىلغىنى تۈزۈك. بىزدە «كۆلەلمىسەڭ ھىجايما» دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. سىياسەتنىمۇ سىياسەت ئويىنيالايدىغان ئادەملەر ئوينىغىنى تۈزۈك.

مىللەتكە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن چوقۇم مەلۇم تەشكىلات ۋە ياكى مەلۇم پارتىيەگە ئەزا بولۇش زۆرۈر ئەمەس. بولۇپمۇ ھازىرقىدەك تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى كۆز قاراش ۋە پىكىر پەرقى كونسايىن ئېغىرلىشىپ، تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىۋاتقان ۋە بىر بىرىنى ئەيىبلەۋاتقان مەزگىلدە، زىيالىيلار ئۇستىگە چۈشكەن ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ، پاكىتقا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، بىتەرەپلىملىك پوزىتسىيە بىلەن تەشكىلاتلار ئارىسىدا كېلىشتۈرگۈچىلىك رول ئويناش، مىللەتنىڭ ئۇنىۋەرسال ساپىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، كەسپىي بىلىم ئالاھىدىلىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ تەشكىلاتلار ئورتاق پايدىلىنىدىغان تەكلىپ-پىكىرلەرنى كۆپچىلىككە سۇنۇش ۋە تەشكىلاتلارنى قىممەتلىك پاكىتلار بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ھەرقانداق بىر زىيالىي، جۈملىدىن ھەرقانداق بىر ئىنسان مەلۇم بىر تەشكىلاتقا تەۋە بولغاندا، چوقۇم ئۆزى تەۋە بولغان تەشكىلاتقا سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، بىتەرەپلىكلىكنى ساقلاپ قالالمايدۇ ۋە ئۆزى تەۋە بولغان تەشكىلات ئىچىدە يۈز بەرگەن خاتالىقلارغا توغرا ھۆكۈم چىقىرالماسلىقى مۇمكىن.

هازىرقىدەك بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس ۋە ياكى تەشكىلاتلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرگە تەشكىلات سىرتىدىن قارايدىغان، بىرەر تەرەپكە ئېغىپ كەتمىگەن ھالدا يۈز بەرگەن خاتالىقلار ئۈستىدىن توغرا يەكۈن چىقىرىپ، تەشكىلاتلارنى ئۆز-ئارا كېلىشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆز-ئارا ھەمكارلىششقا ئۈندەيدىغان مۇستەقىل جامائەت ئەربابلىرىنىڭ ۋە زىيالىيلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر.

ئامېرىكىدا ھېچقانداق پارتىيە ۋە سىياسى گۇرۇپپىلارغا تەۋە بولمىغان، ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەس بەلكى دۆلەتنىڭ خىراجىتى بىلەن ئۆز كەسپى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پارتىيەنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن تەۋسىيە ۋە تەكلىپلەرنى بېرىدىغان ھەر ساھەدىكى زىيالىيلار، مۇتەخەسسىلەر ۋە ئالىملار بار بولۇپ، ئۇلار پەقەتلا پاكىتنى ئاساس قىلىپ ئۆز كەسپى بويىچە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارىدۇ، بىراق سىياسەتكە ئارىلاشمايدۇ. سىياسەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بولسا ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىكى ئۆزىگە پايدىلىق تەرەپلىرىنى تاللاپ ئېلىپ، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ.

ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، ھازىرقى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئامېرىكىدا ئەڭ كۆپ بۆلۈنۈش پەيدا قىلغان پرېزىدېنتلەرنىڭ بىرى. ھازىرغا قەدەر ئۇنى قوللايدىغانلار بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلار ئارىسىدىكى زىددىيەت يەنىلا پەسەيگىنى يوق. مەيلى پرېزىدېنتنى قوللايدىغانلار بولسۇن، ۋە ياكى ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلار بولسۇن، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسى ئامېرىكىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداش بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى پەرق قانداق قىلغاندا ئامېرىكىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئىنتايىن ياخشى قوغدىغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلىگە بولغان كۆز قاراش ۋە ئۇسۇل جەھەتتىكى پەرقتىن كېلىپ چىققان. پرېزىدېنتنى قوللىغۇچىلارنىڭ ئۇنى قوللىشىدىكى ئاساسى سەۋەب، پرېزىدېنت يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتنىڭ ئامېرىكانىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكىدۇر. پرېزىدېنتقا قارشى تۇرىدىغانلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، پرېزىدېنت يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتنىڭ ئامېرىكىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيان ئېلىپ كېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشىدۇر. ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر نۇقتىسى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ قانداق قىلىپ ئامېرىكىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداشتۇر.

بىزنىڭ تەشكىلاتلىرىمىز ئارىسىدا گەرچە بەزى پەرق ۋە زىددىيەتلەر بولسىمۇ، بىراق ئىشىنىمەنكى، تەشكىلاتلار ئارىسىدا يەنىلا ئورتاق بىر نۇقتا بار، ئۇ بولسىمۇ بىزنىڭ مىللىي مەنپەئەتىمىز. شۇ سەۋەبتىن، بىزدە پەرقلىق سىياسەت تۇتقان پەرقلىق تەشكىلاتلار بولغاندىن سىرت، ئورتاق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىدىغان مۇستەقىل زىيالىيلارنىڭ بولۇشىمۇ ناھايىتى مۇھىم.

بىز مەيلى زىيالىي بولايلى، مەيلى سىياسىئون بولايلى ۋە ياكى ئادەتتىكى پۇقرا بولايلى، ئەڭ مۇھىمى ئۆز-ئارا چۈشىنىش ۋە ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىش بەكلا مۇھىمدۇر. سەۋەنلىكنى باشقىلاردىن ئىزدەپ، ئۆز-ئارا ئەيىبلەش بىلەن ھېچقانداق ئىش پۈتمەيدۇ.




**ئائىلىدە تەخىر قىلماق سۆيگىدۇر، باشقىلارغا تەخىر قىلماق ھۆرمەتتۇر، ئۆزىگە تەخىر قىلماق ئۆز ئۆزىگە ئىشەنمەكتۇر، ئاللاغا تەخىر قىلماق ئېتىقادتۇر.**

**2018 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، نيۇيورك**

# ئۆزىمىزنى تونۇش

ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇش ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈش دېگەن مەنادىكى سۆز بولۇپ، ئۇ بىر ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە ئۆزىگە خاس بولغان ئىنسانلىقىنى، مەقسەت مۇددىئاسىنى، بارلىق ئالاھىدىلىك ۋە كەمچىلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ئۆزىگە نىسبەتەن توغرا باھا بېرىش دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

ئۆزىنى تونۇش قارىماققا ناھايىتى ئاددىي بىر سۆز بولسىمۇ ۋە ئۇنىڭ تۈنجى قەدىمى ئەينەككە قاراپ ئۆزىنىڭ چىرايىدىكى ئالاھىدىلىكنى تونۇشتىن باشلانسىمۇ، بىراق بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنى تولۇق تونۇشى ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنىڭ چىرايىنىڭ قانداقلىقىنى، بۇرنىنىڭ ئېگىز پەسلىكىنى، قېشىنىڭ قويۇق ياكى قويۇق ئەمەسلىكىنى، كۆزىنىڭ قارا ياكى كۆك رەڭلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشتەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. بىر ئىنسان ئۆز خاراكتېرىنى، مىجەزىنى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى، ئوي ـ خىيالىنى، ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىنى، مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىدىكى ئۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان تۈپ پەرقىنى، شۇنداقلا ئۆزىدىكى كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكنى تولۇق تونۇپ يەتكەندە، ئاندىن ئۆزىنى ھەقىقىي ھالدا تونۇغان بولىدۇ.

ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇشى، ئىنساننىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئۆزىنى توغرا تونۇغان ئادەمدە رېئاللىققا ئۇيغۇن بولغان ئىشەنچ شەكىللىنىدۇ. ئىنسان ئۆزىنى ياخشى تونۇغاندا، ئۆزىنىڭ ئورنىنى ياخشى بەلگىلىيەلەيدۇ. ئىنسان ئۆز ئۆزىنى ياخشى تونۇغاندا، ئۆز ئۆزىنى كەمستىشتىن ۋە باشقىلارغا چوقۇنۇشتىن ساقلىنالايدۇ. ئىنسان ئۆزىنى تونۇدى دېگەنلىك ئۆزىنى قوبۇل قىلدى دېگەنلىك، ئۆزىنىڭ قەدىر قىممىتىنى بىلدى دېگەنلىك.

ئۆزىنى يېتەرلىك ۋە توغرا تونىيالمىغان كىشىلەردە ئىككى خىل ئەھۋال كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بىرى ئۆزىنى داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئۇستىگە قويۇپ، ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىش، داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت ۋە قابىلىيىتىدىن گۇمانلىنىش ۋە ياكى باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق. يەنە بىرى ئۆزىنى كەمستىش، ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ئۆمىدسىزلىك ۋە باشقىلارغا چوقۇنۇش، تەنقىدكە ئالاھىدە سەزگۈر بولۇش، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قانداق قارىشىدىن بەك ئەندىشە قىلىش، داۋاملىق باشقىلاردىن ئۆزىنى كەمسىتۋاتىدۇ ياكى كۆزىگە ئىلمايۋاتىدۇ دەپ گۇمان قىلىش، ھەرزامان ئۆزىنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ۋە ئىشىك ئالدى خىزمىتىگە ھەددىدىن زىيادە ئەھمىيەت بېرىش، يەنى ياسالمىلىق قىلىش.

مەن ئامېرىكىغا يېڭى كەلگەن چاغلار بولسا كېرەك، مەن ئىشلەيدىغان دوختۇرخانىدا ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان يىل ئاخىرلىق ئولتۇرۇشتا، بەزىلەرنىڭ ئالاھىدە ياسىنىپ، زىبۇ زىننەتلەرنى تاقاپ كەلگەنلىكىنى، بەزىلەرنىڭ ناھايىتى ئاددىيلا كېيىنىپ، ھەتتا خىزمەت كىيىمى بىلەن كەلگەنلىكىنى بايقىدىم. مەن دەسلەپتە ئۇ ئالاھىدە ياسىنىپ كەلگەنلەرنى بۇرۇن ئادەتلەنگەن ئادەت بويىچە دوختۇرخانىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى باشلىقلار ياكى چوڭ دوختۇرلار ئوخشاشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. كېيىن بىلسەم ئۇ ئالاھىدە ياسىنىپ، زىبۇ زىننەتلەرنى تاقاپ كەلگەنلەر ھەر قايسى بۆلۈملەردىكى كاتىپلار، ئارقا سەپتە ئىشلەيدىغانلار، ھەتتا تازىلىق ئىشلىرىنى قىلىدىغانلار ئىكەن. ئاددىيلا كېيىنگەن ياكى خىزمەت كىيىملىرى بىلەن كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچەسى دوختۇرخانىدىكى ئاساسلىق دوختۇرلار ۋە پېشقەدەم سېستىرالار ئىكەن. مەن بۇنىڭدىن شۇنداق بىر خۇلاسە چىقاردىمكى، ئىنسان ئۆزىنى ياخشى تونۇمىغاندا، ئۆزگە بولغان ئىشەنچ يېتەرلىك شەكىللەنمىگەندە ۋە ياكى ئۆز ئۆزىنى كەمستىش تۇيغۇسى شەكىللەنگەندە، ئۆزىدىكى شۇ يېتەرسىزلىكلەرنى، تاشقى قىياپەتلەر بىلەن پەدازلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى يۇقىرى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆزىدىكى ئاجىزلىق ياكى ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىدىكەن.

ھەممىمىز بىلگەندەك بىز ئۆي بېزىگەندە ئەڭ چىرايلىق قىلىپ ياسايدىغان ئۆي، مېھمانخانا ئۆي، يەنى باشقىلار كۆرىدىغان ئۆي. غەرب ئەللىرىدە بولۇپمۇ ئامېرىكىدا بولسا ئەڭ چىرايلىق قىلىپ ياسايدىغان ئۆي ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيى بىلەن ئۆزى ئايرىم ئىشلىتىدىغان ھاجەتخانا بولۇپ، بىزدىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىكەن. كېيىن ئويلاپ باقسام بۇ ئىنسانلاردىكى مەدەنىيەت پەرقى بولماستىن، بەلكى ئۆزىنى تونۇپ يەتكەنلىك ۋە ئۆزگە يېتەرلىك ئىشەنچ شەكىللەنگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئىكەن. چۈنكى ئامېرىكىدىمۇ بوينىغا زەنجىرنىڭ ئەڭ چوڭىنى ئاسىدىغانلار، تاشقى قىياپىتى ۋە ئىشىك ئالدىنى ئالاھىدە بىزەيدىغانلار بار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر ئەمەس ئىكەن.

ئۇنداقتا بىز ئۆزىمىزنى تونۇيمىزمۇ ؟ ئەگەر تونۇساق قانچىلىك تونۇيمىز؟

مەن بۇنداق دېسەم بەزىلەر ئۆزىنى تونۇمايدىغان ئادەممۇ بارمۇ، دەپ سورىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ بەزىلىرىمىز ئۆزىمىزنى ياخشى تونۇساقمۇ، بىراق كۆپىنچىمىز ئۆزىمىزنى يېتەرلىك تونىمايمىز. بولۇپمۇ بىز بىر مىللەت سۈپىتىدە ئۆزىمىزنى يېتەرلىك ۋە توغرا تونۇمايۋاتىمىز ۋە ياكى تونيالمايۋاتىمىز. تۆۋەندە مەن بەزى ئاددىي مىساللارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇ جەھەتتە ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

بىز دائىم باشقىلارنىڭ بىزنى خاتا چۈشىنىپ قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىمىز. بولۇپمۇ بىز بەزىلەر بىز توغرىسىدا بەزى سەلبىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ۋە ياكى بىز توغرىلىق سەلبىي كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا تېخىمۇ شۇنداق. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز ئۆزىمىزنى ئاقلاشقا ۋە ئۆزىمىزنى باشقىلارغا "توغرا" تونۇتۇشقا تىرىشىمىز، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكى توغرىسىدا باشقىلارنى تېخىمۇ ياخشى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن چوڭ ئەيىب ياكى خاتالىقنىڭ باشقىلاردا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ناچار ئادەملەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيمىز. نەتىجىدە بىز ئۆزىمىز يەتمەكچى بولغان مەقسەتكە يېتەلمەي، ئۆزىمىزنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ خۇنۈكلەشتۈرىۋالىمىز. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى باشقىلارنىڭ بىزنى چۈشەنمەسلىكىدە ئەمەس، بەلكى

ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزنى چۈشەنمەسلىكىدە. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى تولۇق چۈشەنسەك، ئۆزىمىزگە ئىشەنچىمىز كامىل بولسا، باشقىلارنىڭ بىز توغرۇلۇق ئوتتۇرىغا قويغان سەلبىي كۆز قاراش ياكى تەنقىدىدىن ئۇنداق ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھېچ بىر زۆرۈرىيىتى يوق. ھەقىقەت ھامان ھەقىقەت، ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت ئازراق ۋاقىت كېرەك. ھەقىقىي بىر باي، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى كەمبەغەل دېيىشىدىن ئەندىشە قىلمايدۇ. شۇڭا بىزدە "تازنى تاز دىسە ئۆلگۈسى كېلەر، ساقنى تاز دىسە كۈلگىسى كېلەر" دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. بىر ئادەمنىڭ ئوبرازىنى يەنە بىر ئادەم خۇنۈكلەشتۈرەلمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم رېئاللىقتىن ھالقىپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا باشقىلارنىڭ كەينىدىن يامان گەپىنى قىلسا، بۇ ئادەم ئۇ ئادەمنىڭ قىلغىنىنى ئەخلاقسىزلىق دەپ ئەيىبلەپ تۇرۇپ، ئۆزى ئاخىرىدا ئۇ ئادەم قىلغان ئىشنىڭ ئەينەنىسىنى قىلسا، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ نېمە پەرقى بولىدۇ؟

كۆپىنچىمىزنىڭ خەۋىرى بولغىنىدەك، يېقىندا مەن تور ئارقىلىق «خىتاي سىياستىنىڭ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا ئېلىپ كەلگەن تەسىرى» توغرىسىدا بىر راي سىناش باشلىغان ئىدىم. ئەسلى مەن بۇ راي سىناشنى چەتئەلدە ياشاۋاتقانلار ئۆزىمىزنىڭ روھىي ھالىتىگە نىسبەتەن مەلۇم چۈشەنچە پەيدا قىلىشىنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ بىلگەن بولساممۇ، بىراق بەزى دوستلار ئۆزلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەگەر بىز بۇ راي سىناشنىڭ نەتىجىسىنى ئوچۇق ئاشكارا ئېلان قىلساق، خىتايغا ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرگەن بولىمىز دەپ ئۇنىڭغا قارشى چىققان بولسا، يەنە بەزى دوستلار ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھالىتىنى بۇنداق راي سىناش بىلەن ئېنىقلاشنىڭ ھېچقانداق بىر ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى، بىزدىكى بارلىق روھىي مەسىلىلەرنىڭ ۋەتەنسىزلىك ۋە مۇستەملىكە ئاستىدىكى ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بىز مۇستەقىل بولۇپ ۋەتەنسىزلىككە خاتىمە بەرسەك، بىزدە مەۋجۇت بولغان روھىي ساغلاملىق مەسىلىلەرنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا قارشى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولدى.

مەن گەرچە يۇقىرىقى پىكىرلەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسى بار دەپ قارىساممۇ، بىراق يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدا ناھايىتى چوڭ بىر تەرەپلىمىلىك قاراش بار دەپ قارايمەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تولۇق بىلمىگەنلىكىمىزدىن ۋە ئۆزىمىزنى بىلىشتىن قورقانلىقىمىزدىن.

بىز كېسەل بولساق دورا يەيمىز، بىز يېگەن ئۇ دورىلار گەرچە بىز گىرىپتار بولغان كېسەللىككە شىپا قىلسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ يەنىلا ئازدۇر كۆپتۇر ئەكس تەسىرى ۋە زىيىنى بار. ئۇنداقتا بىز دورىلارنىڭ شۇ ئەكس تەسىر ۋە زىيىنىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن دورا يەيمىز؟ سەۋەبى ئۇ دورىلارنىڭ بىز گىرىپتار بولغان كېسەللىككە شىپا قىلغىنى ئۈچۈن. ئوخشاشلا، بىز بۇنداق بىر راي سىناش ئارقىلىق ئۆزىمىزدىكى بەزى كەمچىلىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. بىراق ئۇ كەمچىلىك ئوتتۇرىغا چىقسىمۇ ياكى ئوتتۇرىغا چىقمىسىمۇ، بەرىبىر بىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان كەمچىلىك. ئۇنى دۈشمەنىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى يوشۇرساق، «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا بولۇپتۇ» دېگەندەك، ئۇنى يوشۇرۇپ تېخىمۇ چوڭ زىيانغا ئۇچىراشتىن كۆرە، ئۇنى بايقاپ، ئۇنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلغان تېخىمۇ ياخشى. خىتاي بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىزنى ۋە پىسخىكىمىزنى بىلمەيدۇ ئەمەس، ئوبدان بىلىدۇ. 60 ـ 70 يىلدىن بېرى بىزنىڭ پىسخىكىمىزنى ئوبدان تەتقىق قىلدى ۋە بىزنى بۇگۈنكىدەك بىر ـ بىرىمىزگە ئورا كولايدىغان، بىر بىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىدىغان ھالغا ئەكەلدى. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى تېخى تولۇق بىلمىگەن ئەسلى باشقىلار ئەمەس، دەل

ئۆزىمىز. ئەگەر بىز ئۆز ئۆزىمىزنى تولۇق تونىماي تۇرۇپ، گىرىپتار بولغان كېسەلگە ئېنىق دىئاگنوز قويماي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن داۋالاش ئېلىپ بارماي، كەلگۈسى پىلانلار توغرىسىدا قارار ئالساق، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلار تۇشلۇق ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەسلىكىمىز، ھەتتا بەزىدە مەغلۇپ بولۇشىمىز مۇمكىن.

ئىككىنچى قاراشتا بىزدە مەۋجۇت بولغان روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرىنى ۋەتەنسىزلىك ۋە مۇستەملىكە ھاياتى بىلەن باغلاپ، ئەگەر بىز مۇستەقىل بولمىساق، مۇستەملىكىلىك ۋە ۋەتەنسىزلىككە خاتىمە بەرمىسەك، بىزدىكى مەسىلە مەڭگۈ ھەل بولمايدۇ دەپ قاراش، قارىماققا توغرادەك قىلىسمۇ، بىراق بىز ئۇنىڭغا تەتۈر تەرەپتىن قارىساق، مۇستەقىل دۆلەتلەردە ۋە ۋەتىنى بار مىللەتلەردە روھىي مەسىلە بولمايدۇ، دېگەن يەكۈن چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈنلەي خاتا بىر يەكۈن. بىز مۇستەملىكە ھاياتىدا ياشاۋاتقىلى **1884** - يىلدىن ھېسابلىساق **134** يىل، **1949** - يىلدىن باشلاپ ھېسابلىساقمۇ **70** يىل بولاي دەپ قالدى. گەرچە بىزدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزى شۇ مۇستەملىكە ئاستىدىكى ۋەتەنسىزلىك ھاياتى بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر كۈندۈلۈك تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى بىر بىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك كونكېرت ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ھەر قانداق بىر ئىنسانىنىڭ روھىي ساغلاملىقىدا چوڭ مۇھىت ۋە كىچىك مۇھىت، يەنى كونكېرت ئامىل قوشلاپ رول ئوينايدىغان بولۇپ، مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەتلەرگە نىسبەتەن روھىي ساغلاملىققا تەسىر قىلغان چوڭ مۇھىت يەنى ئاساسى سەۋەب مۇستەملىكە بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرگۇن كونكېرت سەۋەبلەرمۇ بار. ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر گەرچە مۇستەقىل بولغىلى **70** ـ **60** يىل بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلاردىكى مۇستەملىكە ۋاقتتا شەكىللەنگەن نۇرغۇن مەسىلىلەر مۇستەقىل بولۇپلا ياخشىلىنىپ كەتكىنى يوق. چۈنكى چوڭ مۇھىت ئۆزگەرگەن بىلەن، ئىنسانلارنىڭ روھىي ھالىتىگە سىڭىپ كەتكەن نۇرغۇن كونكېرت ئامىللار داۋاملىق رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئامېرىكا گەرچە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەردىن بىرى بولسىمۇ، بىراق ئامېرىكا دۇنيادا روھىي ساغلاملىق مەسىلىسى ئەڭ ئېغىر بولغان بىر دۆلەت. شۇڭا بىر مىللەتكە نىسبەتەن ھەرقانداق دەۋىردە ۋە ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى. توغرا تونۇپ، ئۆز ئەمەلىيىتىگە قاراپ ئىش قىلىش بەكلا مۇھىم.

بىزدىكى مۇستەملىكە ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بىز مۇستەقىل بولمىغۇچە ھەل بولمايدۇ. بىز ئۇلاردا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمايمىز. بىراق بەزى كونكېرت ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى، شۇ كونكېرت مەسىلىلەرنى پەيدا قىلغان ئامىللارنى تونۇپ يېتىش، ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بەزى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھەل قىلالايمىز.

يەنە بىر مىسال ئالسام، بەزىدە بىرسى مىللەتنىڭ ئىللەتلىرىنى تەنقىدلەپ، بەزى تەنقىدىي ماقالە يازغاندا، كۆپىنچىمىز ئۇ خىلدىكى يازمىلارنى ئۆز مىللىتىدىن پەخىرلەنمىگەن ۋە ياكى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرمەي، مىللەتكە ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كېلىشكە ئۇرۇنغان، دەپ تەنقىدلەيمىز ياكى ئۇنداق يازمىنى ياخشى كۆرمەيمىز. كۆپىنچىمىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنىمىز ئۆز ئۆزىمىزنى ماختاش ۋە ياكى ئۆز ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ شانلىق تارىخىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى نامايەن قىلىش.

ئەگەر بىز دۇنياغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۆزىنى ياخشى تونۇغان، ئۆزگە بولغان ئىشەنچ يېتەرلىك شەكىللەنگەندە ۋە شۇنىڭغا تۇشلۇق يېتەرلىك دەسمىيىسى بولغان مىللەتلەر، ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى مىللەتنى

رىغبەتلەندۈرۈش ۋە دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى قىلغان. ئۇنداق جەمئىيەتتە ئۆز ئۆزىنى ماختاش ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر توغرىسىدا ئالاھىدە تەنتەنە قىلىشلارنى ئۇنچە كۆپ كۆرمەيمىز. ئەكسىچە، ئۆز ئۆزىنى تولۇق تونۇمىغان، ئۆز ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تېخى يېتەرلىك يېتىلمىگەن مىللەتلەر ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارا قىلىپ قويۇش دەپ ئەندىشە قىلىپ، ماختاش ۋە پەخىرلىنىشنى ئۆزلىرىنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق تەشۋىقات قورالى قاتارىدا قوللىنىدۇ. ئۇلار ئۆزىنى تەنقىدلەشتىن ۋە ياكى باشقىلار تەرىپىدىن تەنقىدلىنىشتىن ئالاھىدە ئەندىشە قىلىشىدۇ. ئۇنداقلار يېگۈدەك تامىقى بولمىسىمۇ ئۆزلىرىنى ناھايىتى باي كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. داۋاملىق باشقىلار بىلمەي قالارمىكىن دەپ ئۆزلىرىنى بىرىنچى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ.

ئۇنداقتا قايسى خىل ئۇسۇل بىزگە نىسبەتەن ئەڭ مۇۋاپىق؟ قايسى خىل ئۇسۇل بىزگە نىسبەتەن مىللەتنى رىغبەتلەندۈرۈشتە ئەڭ ئاكتىپ رول ئوينايدۇ؟ مېنىڭچە، ھەر ئىككىلىسى مۇتلەق توغرا ياكى مۇتلەق خاتا ئەمەس. ئەڭ توغرىسى تەنقىد بىلەن ماختاش ياكى پەخىرلىنىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ھەر ئىككىلىسنى تەڭ ئېلىپ بېرىش، يەنى مۇۋاپىق تەنقىد بىلەن مۇۋاپىق ماختاش ۋە پەخىرلىنىشنى بىرلەشتۈرۈش ۋە بىر تەرەپكە ئېغىپ كەتمەسلىكتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ياخشى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز بىر تەرەپلىمە ھالدا ماختاش، پەخىرلىنىشنى قوللاپ، تەنقىدنى ئىنكار قىلساق، ياكى تەنقىدنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ماختاش ۋە پەخىرلىنىشنى ئىنكار قىلساق، ئۆزىمىزنى تېخىچە تولۇق تونۇپ يەتمىگەن بولىمىز. ئاقىۋەتتە ئۆز ئۆزىمىزنى ئالدىغان بولىمىز ۋە ئېغىر زىيان تارتىمىز.




**ئۆزىنى تونۇش خاتالىقتىن خالى بولۇش دېگەنلىك ئەمەس، بىراق بىزنىڭ خاتالىقىمىزنى تۈزۈتۈش قابىلىيىتىمىزدۇر.**

ئۆز ئۆزىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن ۋە ئۆزى ئۆزىگە ئىشەنچى بار مىللەت ئۆزىنى تەنقىدلەشتىن ئەندىشە قىلمايدۇ. چۈنكى مۇۋاپىق هالدا ئۆزىمىزنى تەنقىد قىلىش هەرگىزمۇ ئۆزىمىزگە هۆرمەت قىلمىغانلىق بولماستىن بەلكى ئۆز ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. بىزنىڭ داۋادا دۈشمەننى توغرا تونۇش قانچە مۇهىم بولغىنىغا ئوخشاش، ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزنى توغرا تونۇپ يېتىشىمىزمۇ شۇنداق مۇهىم.

ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا ئۆزىمىزنى يېتەرلىك ۋە توغرا تونۇيالايمىز؟

بىر مىللەت ئۆزىنى ياخشى تونۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ مىللەتكە تەۋە هەر بىر ئىنسان ئۆزىنى ياخشى تونۇشى كېرەك. هەر بىر ئىنسان ئۆزىنى ياخشى تونۇغاندا ئاندىن بىر مىللەت پۈتۈن مىللەت بولۇش سۈپىتىدە ئۆزىنى ياخشى تونۇيالايدۇ.

هەربىرىمىز ئۆزىمىزنى ياخشى تونۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە ئوبيېكتىپ جەهەتتىن قارىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈشىمىزنى ۋە بۈگۈنىمىزنى ياخشى كۆزىتىشىمىز، ئۆتمۈشتىن ساۋاق ئېلىپ، ئۇنى بۈگۈنىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىشىمىز كېرەك. داۋاملىق باشقىلارنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىشىمىز، باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ يېقىن دوستلىرىمىزنىڭ سەممىيي پىكىرلىرىنى ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئەينەك دەپ تونۇپ، ئۇلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتىمىز بىلەن باغلاپ كۆرىشىمىز، بار بولسا تۈزىتىشىمىز، يوق بولسا ئۇنىڭغا بەك كىرىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. دالاي لاما مۇنداق دېگەن ئىكەن «بىز سۆزلىگەندە پەقەت ئۆزىمىز بىلىدىغان نەرسىنى تەكرارلايمىز، بىز پەقەت باشقىلارنى ئاڭلىغاندا ئاندىن بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلەلەيمىز. دېمەك باشقىلارغا قۇلاق سېلىش، ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە كەمتەر بولۇش بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تونۇشىمىزدا بەك چوڭ رول ئوينايدۇ.

2018 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

# ئۆزۈڭ بول




ئىنگلىزچىدا «Be yourself» دەيدىغان بىر سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ بىۋاستە تەرجىمىسى «ئۆزۈڭ بول» دېگەنلىك بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەنىسى تىلىمىزدىكى «ئۆزگىچە» دېگەن سۆزگە ئەڭ يېقىن كېلىدۇ. بەزىلەر بەلكىم بۇ تېمىنى كۆرگەندە، ئىنسان ئۆزى بولماي ئەجەبا باشقا بىرسى بولامدۇ، دەپ سورىشى مۇمكىن. توغرا، ئىنسان باشقا بىرسى بولماي ئۆزى بولۇشى كېرەك. بىراق رېئال تۇرمۇشتا كۆپىنچە كىشىلەر ئۆزى بولماي ۋە ياكى ئۆزى بولالماي، ھەر دائىم باشقا بىرسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۆزىنى داۋاملىق باشقىلار بىلەن ياكى باشقىلارنى ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. باشقىلارغا ھەۋەس ۋە ھەسەت قىلىدۇ. ئۆز ھاياتىنى ياشاشنىڭ ئورنىغا باشقىلار بىلەن دائىم پۇت تېپىشىدۇ. باشقىلارنى كۆرەلمەيدۇ. ئۆزى بولۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ. ھەر ئىش قىلغاندا ئالدى بىلەن «باشقىلار قانداق ئويلاپ قالار» دېگەننى ئويلايدۇ. ئۆزىنى قەپەسنىڭ ئىچىگە سولاپ، ئۆز تەپەككۇرىنى چەكلەيدۇ ۋە ياكى ئەركىن تەپەككۇر قىلالمايدۇ.

ئۇنداقتا بىز بۇ «ئۆزۈڭ بول» دېگەن سۆزنى قانداق چۈشەنسەك، توغرا چۈشەنگەن بولىمىز؟ ئۆزى بولۇش دېگىنىمىز، ئىنسان ئۆزىنى، ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆز تالانتىنى توغرا تونۇپ يېتىپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۆز تالانتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارىي قىلدۇرۇپ، ئۆز ھاياتىدا ياشاشنى ۋە ئۆزگىچە بولۇشنى

كۆرستىدۇ. ھاياتىمىزدا ئۆزىمىز ئىرىشچانلىق كۆرستىش ئارقىلىق قىلالايدىغان ئىشلار بولىدۇ. ھەم ھەرقانچە ئىرىشساقمۇ قىلالمايدىغا ۋە ياكى قىلىپ قاملاشتۇرالمايدىغان ئىشلار بولىدۇ. بىزنىڭ ھاياتىمىز ۋە ئىقتىدارىمىز چەكلىك بولغىنى ئۈچۈن، ھەممە ئىشلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئىنسان ئۆزىنى توغرا تونۇغاندا ۋە ئۆزى بولغاندا، ئۆزى قىلالمايدىغان ئىشلارغا بەك چاپلىشۋالمايدۇ. ئەگرى توقاي يوللارنى ئاز باسىدۇ، ئۆز ئىستىكى بويىچە ئارزۇلىرىغا ئەڭ قولاي رەۋىشتە يېتەلەيدۇ. ئۆزى بولغان ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى يۇقىرى بولىدۇ، ئەركىن تەپەككۇر قىلىدىغان بولىدۇ. باشقىلارنىڭ كۆلەڭگەسىدە ياشىمايدۇ. داۋاملىق ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرمايدۇ، باشقىلارغا ھەسەت قىلمايدۇ. باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىلەرمەنلىك قىلمايدۇ. كۆلەلمىسە ھەرگىز ھىجايمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا بەلگىلىيەلەيدۇ ۋە ئۆز قىممىتىنى يارىتالايدۇ.

مەن سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇننى تېخىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە ياكى بىر ئىش قىلىۋاتقانلارنى، ئۇلارنىڭ ئۇ ئىشنى قىلىشتىكى ياكى قىلىۋاتقان كەسىپنى تاللاشتىكى چىقىش نۇقتىسىغا ۋە مەقسىتىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرگە ئايرىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

1. ياشاش ئۈچۈن بىر ئىش قىلىدىغانلار. يەنى تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى بىر ئىش قىلىدىغانلار. ھەر قانداق جەمئىيەتتە بۇ خىلدىكى ئىنسانلار ئەڭ كۆپ ساننى ئىگىللەيدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىدا زور پەرقلەر بولىدۇ. بەزىلەر ئۆمۈر بويى ئاتا ئانىسىدىن مىراس قالغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆز ھاياتىنى ئاددىي ساددا ئۆتكۈزسە، يەنە بەزىلەر باشقىلارنىڭ تەسىرى بىلەن تىرىشىپ ئىرىمشىپ يۇقىرى مۇئاشلىق خىزمەتلەرگە ئېرىشىدۇ ۋە ئۆز ھاياتىنى ياخشىلاشقا تىرىشىدۇ. بەزىلەر ناھايىتى باياشات ياشىسا، يەنە بەزىلەرنىڭ پۈتۈن ھاياتى يوقسۇللۇق ئىچىدە ئۆتىدۇ؛ بەزىلەر ئۆز ئېرىشكىنىگە شۈكۈر قىلىپ، ئۆز بەختىنى تاپسا، يەنە بەزىلەر پۈتۈن ئۆمرىنى جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ.

2. بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن ياشايدىغانلار. بۇنداق كىشىلەر ھەر قانداق جەمئىيەتتە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ، بۇنداق كىشىلەردە يالغۇز تۇغما تالانت بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇلاردا ئۇلۇغ غايە، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئىشەنچ بولىدۇ، ئۆزىنى ئوبدان تونۇيالايدۇ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھاياتى ئۈزلۈكسىز ئىرىشچانلىق، بىر ئۆمۈر ئىشلەش ۋە ئۆز غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن توختىماي كۈرەش قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇلار كىچىك ئىشلارغا ئېسىلىۋالمايدۇ، چوڭ ئىش قىلىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن يولنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ. نۆۋەتى كەلگەندە پۇتلا ـ كاشاڭ بولغانلارنى يوق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھايات يولى بەك داغدام بولمايدۇ، ھەم بەك بەختلىك بولۇشمۇ ناتايىن، بىراق ئۇلار مەيلى مەغلۇپ بولسۇن ياكى غەلبە قىلسۇن، دۇنيادا ئۇلارنىڭ نامى قالىدۇ.

3. ھەۋەس ۋە قىزىقىش ئۈچۈن بىر ئىش قىلىدىغان ياكى ئۆزىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن كەسىپ تاللايدىغانلار. بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە سەل كۆپ بولىسىمۇ، بىراق ئومۇمەن ئۇنچە كۆپ بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ئوبدان چۈشەنگەن، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشىنى ئوبدان بىلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە تالانتلىق بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز قىلىۋاتقان كەسپتە

بەلگىلىك نەتىجە ياراتقان بولىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى بەك باياشات بولمىسىمۇ، بىراق بىر خىل خاتىرجەملىك ۋە ئەركىن ـ ئازادلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇلار ئادەتتە ئۆز كەسپىنى ياخشى كۆرىدۇ، خىزمىتىنى سەممىيي ۋە ئەستايىل قىلىدۇ، مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلار ئادەتتە ئۆزىنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرمايدۇ. باشقىلارغا ھەۋەس ۋە ھەسەت قىلمايدۇ، باشقىلارغا ئورا كولىمايدۇ، باشقىلارنىڭ پېيىغا چۈشمەيدۇ، مەنمەنچىلىك قىلمايدۇ.

4. شەخسىيي مەنپەئەت ۋە ئاتاق ئۈچۈن بىر ئىش قىلىدىغانلار، يەنى شامالغا قاراپ ئىش تۇتىدىغان، نەدە پايدا بولسا شۇنى قىلىپ باقىدىغان پۇرسەتپەرەسلەر. بۇنداق كىشىلەر ھەر قانداق جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ، سان جەھەتتىمۇ ئۇنچە ئاز ئەمەس. بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنى تولۇق چۈشەنمەيدۇ، ئۆزىنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ۋە نېمە قىلىشنى بەك بىلىپ كەتمەيدۇ. نەدە پايدا بولسا شۇ يەرگە چاپىدۇ. داۋاملىق ئۆزىنى چاغلىمايدۇ. ئۆزىنى بىلەرمەن ۋە قالتىس ھېسابلايدۇ. باشقىلار بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرىدۇ. ئۇلار چىدىماس، نامەرت كېلىدۇ. ئېرىشكەن نەرسىسىگە شۈكۈر قىلمايدۇ. ھەرقانچە نەرسىگە ئېرىشسىمۇ يەنىلا ئاچ كۆزلۈك قىلىدۇ. ئىنسانلارغا سەممىي مۇئامىلە قىلمايدۇ؛ ياسالمىلىق ئىچىدە ياشايدۇ. ئۆز تۇيغۇسىنى يوشۇرىدۇ. پۈتۈن ئۆمرىنى باشقىلارغا ھەسەت قىلىش، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن سۆز چۆچەك تارقىتىش، شىكايەت قىلىش ۋە قاقشاش ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى مۇتلەق بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ياشىغان دەۋرى، شارائىتى ۋە ئۇلارنىڭ كۆرگەن تەربىيەلىرىگە قاراپ بەزى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ.

مەن كىچىك ۋاقتىمدا كىنو قويىدىغان ئادەم بولۇشنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم. چۈنكى ئۇ چاغلاردا پۈتۈن جەمئىيەت سىرتقا پۈتۈنلەي تاقالغان بولۇپ، ھەممە نەرسە نورمىلىق ۋە بېلەتلىك ئىدى. كىنودىن باشقا سىرتقى دۇنيا بىلەن ئۇچراشقۇدەك ھېچقانداق ۋاستە يوق ئىدى. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى بىر خىل يوقسۇزلۇق ئىچىدە، ناھايىتى ئاددىي ئۆتەتتى. ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا سېلىشتۇرۇش، ئۆز ـ ئارا بەسلىشىش ۋە ئۆز ـ ئارا ئارقا ئىشىك قىلىش دېگەندەكلەر ئاساسەن يوق ئىدى. مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ كۆپ ئىنسانلار ئىزدەيدىغان ۋە ئەڭ كۆپ ئىنسانلار ئارقا ئىشىك قىلىدىغانلار شۇ كىنو قويىدىغانلار ياكى كىنوخانىدا خىزمەت قىلىدىغانلار ئىدى. چۈنكى ھەر قېتىم چەتئەلنىڭ كىنولىرى ۋە ياكى ياخشى كىنولار كەلسە، پەقەت كىنوخانىدا تونۇشى بارلار ئاندىن ئۇ كىنونى كۆرىدىغان بىلەتكە ئېرىشەلەيتتى. مەن ھەر قېتىم ئۆزەم ئارزۇ قىلغان كىنونى كۆرەلمىگىنىمدە ئۆز ئۆزۈمگە «چوڭ بولسام چوقۇم كىنوچى بولىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىم. كېيىن كىنولار كۆپەيدى، كىنولارنى كۆرۈش بۇرۇنقىدىن ئاسان بولدى، كىنوچىلارنىڭ ئورنىمۇ ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شوپۇرلار باشقىلار تەرىپىدىن ھەۋەس قىلىنىدىغان بىر كەسىپ بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن  ئۆز ئۆزۈمگە «چوڭ بولسام چوقۇم شوپۇر بولىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان ئىدىم.

70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى، مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققىنىمدا، مەن ئوقۇغان مەكتەپتە ياخشى نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە شوپۇرلۇق مەكتەپكە ئىلتىماس قىلىدىغانلار يىلدىن يىلغا كۆپىيىشكە باشلىدى. 1981 ـ يىلى مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە، ئۇزۇن يىللىق ئارزۇيۇم بويىچە شوپۇرلۇق مەكتىپىگە ئىمتىھان بەردىم. ئەپسۇس، گەرچە نەتىجەم ياخشى بولغان

بولسمۇ، بىراق شوپۇرلۇق مەكتەپكە قوبۇل قىلىنمىدىم. نەتىجىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇپ، ئاخىرىدا تىببىي مەكتەپكە كىردىم.

ئۇ زامانلاردا مەيلى ئائىلە تەربىيىسى بولسۇن، مەيلى مەكتەپ تەربىيىسى بولسۇن ۋە ياكى جەمئىيەت تەربىيىسى بولسۇن، بىزدە تەكىتلىنىدىغان بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلى، باشقىلار تەرىپىدىن بىزگە تىكلىنىدىغان ئۆگىنىش ئۈلگىلىرىدىن ئۆگىنىش بولۇپ، ھېچكىم شەخسلەرنىڭ ئۆزى بولۇشىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ھەرگىزمۇ تەكىتلىمەيتتى. ھەتتا بۇنداق بىر ئۇقۇممۇ يوق ئىدى. بىزدىكى تەربىيە، ئۆيدە ئاتا ـ ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ياخشى بالا، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ياخشى ئوقۇغۇچى، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، رەھبەرنىڭ، باشلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ياخشى خىزمەتچى دېگەندەك بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش خاراكتېرلىك تەربىيە ئىدى.

مەن مۇشۇ تەربىيىلەش ئۆلچەملىرى بويىچە ئائىلىدە ياخشى بالا، مەكتەپتە ياخشى ئوقۇغۇچى، خىزمەتتە ياخشى خىزمەتچى بولدۇم. ئويلاپ باقسام كىنو كۆرۈش ئۈچۈن كىنوچى بولغۇم كەپتۇ، شوپۇرلارغا قاراپ شوپۇر بولغۇم كەپتۇ، تىببىي مەكتەپكىمۇ پەقەت قوبۇل بولغىنىم ئۈچۈنلا بەك كۆپ ئويلاپ كەتمەيلا بېرىپتىمەن. ئۆزەمنىڭ تالانتى نېمە، كەلگۈسىدە نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسام ئۆزۈمگە ئەڭ مۇۋاپىق دېگەنلەرنى ئەستايىل ئويلاپ باقماپتىمەن. ھەرزامان باشقىلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، باشقىلارنىڭ ئىستىكى بويىچە، باشقىلار ئۈمىد قىلغان ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىپتىمەن.

كېيىن يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بەزى نەرسىلەرنى ئويلاشقا باشلىدىم. ياشاشتىن مەقسەت زادى نېمە؟ ئىنسانىنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشتىن مەقسەت، يالغۇز ئاتا ـ ئانىسىنى خۇش قىلىشمۇ؟ ئوقۇتقۇچىسىنى خۇش قىلىشمۇ؟ ياكى رەھبەرنى، باشلىقنى خۇش قىلىشمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ئايرىم مۇستەقىل بىر ئادەم بولۇپ بۇ دۇنياغا كېلىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟ ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز ئىستىكى، ئارزۇسى قاچان ۋە قەيەردە ئىپادىلىنىدۇ؟ مەن بۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندىم، كۆپ ئىزدەندىم. ئامېرىكىغا كېلىپ بىر نەچچە يىل ياشىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جاۋابىنى تاپتىم. ئەسلى ئۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئىنساننىڭ «ئۆزى بولۇشى» ئىكەن. ئىنسان پەقەت ئۆزى بولغاندا، ئاندىن ئىنساننىڭ مۇستەقىل بىر ئادەم بولۇپ بۇ دۇنياغا كېلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەقىقىي تۈردە ئىپادىلىنىدىكەن. ھەر بىر ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ ئىستىكى ۋە قىممىتى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىشقا ئاشىدىكەن.

بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى بالىلىرىمغا ھەمراھ بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ كارتون فىلىمى گۇمپىچى مۈشۈك ئېيىق (كوڭ فۇ پاندا) دېگەن كىنونى كۆرگەن ئىدىم. مەن گەرچە بۇ كىنونى بىر كارتون فىلىم قاتارىدا كۆرگەن بولساممۇ، بىراق بۇ كىنونىڭ مەزمۇنى ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلدى. بۇ فىلىمدە دەل بۇ «ئۆزى بولۇش»نى ۋە ئۇنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ناھايىتى جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن ئىدى.




### سىنىڭ ھەقىقىي ئارتۇقچىلىقىڭ سىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆزۈڭ بولۇشتىن كېلىدۇ.

فىلىمدە بىر ئۆمۈر لەغمەن (noodle) تىجارىتى بىلەن تۇرمۇشنى قامداپ كېلىۋاتقان ئۆردەك ئاشپەزنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى بالىسى مۇشۇك ئېيىقنىڭ ھېكايىسى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بىر كۈنى باش پېرسوناژ مۇشۇك ئېيىق مەھەللىدە ئۆتكۈزۈلگەن گوڭفۇچى تاللاش مۇسابىقىسىغا بارىدۇ ۋە تاسادىپى پۇرسەتتە ئۆزىمۇ ئاڭقىرالمىغان بىر شەكىلدە كەلگۈسىدە ئەلنى قۇتقازغۇچى باش گوڭفۇچى (باش چەۋەنداز) غا بىردىنبىر كاندىدات بولۇپ تاللىنىدۇ.

شۇندىن ئېتىبارەن مۇشۇك ئېيىق ئوگدىمۇ، چۈشىدىمۇ دۇنيادىكى ئەڭ يېرىتقۇچ ھايۋانلارنى يېڭەلەيدىغان ئەڭ كۈچلۈك گوڭفۇچى بولۇشنى ئويلايدۇ. كۆپ جاپالىق مەشىق قىلىدۇ، بىراق ئاخىرىدا ھەرقانچە مەشىق قىلىپمۇ، ئۆزىنىڭ ئۇنداق بىر گوڭفۇچى بولۇشتىن كۆپ يىراق ئىكەنلىكىنى سەزگەن مۇشۇك ئېيىقى، پۈتۈن ئۈمىدىنى ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز بىر يەرگە قويۇپ قويغان مەخپىيەتلىك يېزىلغان يوگىمە قەغەز (Secrets of the scroll) نىڭ ئىچىدىكى سىرنى بىلىشكە باغلايدۇ. يەنى گوڭفۇچىلار ئۇستازى، قېرى تاش پاقا ئۆلۈپ كېتىشنىڭ ئالدىدا، «كىم بۇ مەخپىيەتلىك يېزىلغان يوگىمە قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىرنى كۆرسە، شۇ ئەلنى قۇتقازغۇچى مەشھۇر گوڭفۇچى بولىدۇ» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ كەتكەن ئىكەن.

مۇشۇك ئېيىقى ئاخىر ئۇ مەخپىيەتلىك يېزىلغان يوگىمە قەغەزنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچنېمە يوق، قۇرۇق بىر قەغەز ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن مۇشۇك ئېيىق پۈتۈن خىياللىرىدىن ۋاز كېچىپ، لەغمەن ساتىدىغان ئوغلى دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ لەغمەن تىجارىتىگە ۋارىسلىق قىلىش قارارىغا كېلىدۇ.

مۇشۇك ئېيىقى ئۆيگە قايتىپ بارغاندا، ئۆگەي دادىسى ئۇنىڭغا «مەن ياشىنىپ قالدىم، ئەمدى لەغمەن تىجارىتىنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىت كەلدى، ئەمدى مەن ساڭا لەغمەنىمنىڭ سىرىنى دەپ بېرەي» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ «مېنىڭ سىرىم، ئەسلى لەغمىنىمنىڭ تەركىۋىدە ھېچقانداق مەخپىيىتلىك يوق. بىر نەرسىنى ئالاھىدە قىلماقچى بولساڭ، سەن ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىڭ كېرەك» دەيدۇ.




**بىر نەرسىنى ئالاھىدە قىلماقچى بولساڭ، سەن ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىڭ كېرەك.**

ئۆگەي دادىسىنىڭ ئۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان مۇشۇك ئېيىق دەرھال بىر نەرسە بايقىغاندەك بولۇپ، ئۆيدىن چىقىپ، ئىبادەتخانىغا بېرىپ تاشلىۋەتكەن ھېلىقى قۇرۇق يۆگىمە قەغەزنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا قارايدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ شولىسىنى كۆرىدۇ.



شۇنىڭ بىلەن "ئۆزى بولۇش" تىن ئىبارەت چوڭ بىر ھەقىقەتنى بايقايدۇ ۋە ئۆزى بولۇش قارارىغا كېلىدۇ. نەتىجىدە مۇشۇك ئېيىق ھازىرقىدەك دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئەتىۋار ھايۋانغا ئايلىنىدۇ.

ئېنىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىنىڭ ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى ھايۋاناتلار باغچىسىدىكى مۇشۇك ئېيىقى، خىتايدىن **10** يىللىق ئىجارىگە ئېلىنغان بولۇپ، ھەر بىر مۇشۇك ئېيىقنىڭ **10** يىللىق ئىجارىگە ھەققى ئۈچۈن ئامېرىكا تەرەپ خىتايغا **10** مىليون دوللار تۆلەيدىكەن. بۇ جەرياندا تۇغۇلغان مۇشۇك ئېيىق يەنىلا خىتايغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى مەڭگۈ خىتايدا بولىدىكەن ۋە ئامېرىكا تەرەپ ئۇ مۇشۇك ئېيىق ئۈچۈنمۇ ئىجارىگە ھەققى تۆلەيدىكەن.

بىزدە «ھەر قانداق نەرسە ئۆز قىممىتى بىلەن» دەيدىغان سۆز بار. ئالالاھ ئىنسانلارنى ياراتقان ۋاقىتتا ھەر بىر ئىنساننى پەرقلىق قىلىپ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك بىلەن ياراتقان. ئالالاھ ھەر بىر ئىنسانغا ئوخشىمىغان ئەقىل ـ پاراسەت، ئىقتىدار ۋە تالانت ئاتا قىلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ بىرى ئىنسانلارنى ئۆز ـ ئارا پەرقلەندۈرۈش بولسا، يەنە بىرى ئىنسانلارنىڭ ئوخشىمىغان كەسىپ ۋە ئوخشىمىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈندۇر. ئوخشىمىغان ئىنسانلارنىڭ ئوخشىمىغان ئىشلارنى قىلىشتىكى قابىلىيىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر مەلۇم جەھەتتە تالانتى بولسا، يەنە بەزىلەرنىڭ باشقا بىر جەھەتتە تالانتى بولىدۇ. ئىنسانلار پەقەتلا ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە تالانتىنى توغرا تونۇپ، ئۇنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارىي قىلدۇرغاندا، ئاندىن ئەگرى توقاي يوللارنى ئاز بېسىپ، ئۆزى بولۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئۆز قىممىتىنى تولۇق يارىتالايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا قارايدىغان بولساق، بەزىلىرىمىز ھە دېسەك ئۆزىمىزنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرىمىز، ھە دېسەك باللىرىمىزنىڭ نېمە تالانتى بارلىقى ۋە نېمىگە قىزىقىدىغانلىقىغا ئۇنچە قاراپ كەتمەي، ئۆز ئىستىكىمىز بويىچە باللىرىمىزنى داڭلىق شەخسلەردىن ئۆگىنىپ، كەلگۈسىدە شۇ داڭلىق شەخسلەردەك داڭلىق شەخس بولۇشقا ئۈندەيمىز. نەتىجىدە باللىرىمىزنىڭ تالانتى ۋە ئۆ ـ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى نەزەردىن ساقىت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي تالانتى جارىي بولماي كۆمۈلۈپ قالىدۇ. بەزىلىرىمىز ھە دېگەندىلا بىلەرمەنلىك، مەنمەنچىلىك قىلىپ، «كاتتا كىشىلەر» بولۇشقا تىرىشىمىز. مەقسىتىمىزگە يېتەلمىسەك ھەسەتخورلۇق قىلىمىز. ھەتتا باشقىلارنىڭ پۇتىغا ھۆل قىش قويۇپ، ئۇلارنى يىقىتىشقا ۋە ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنىمىز. ئازراق كىتاب كۆرۈپلا، ئۆزىمىزنى مۇتەخەسسىس ساناپ، باشقىلارغا قالايمىقان يول كۆرسىتىپ، ئۆزىمىز بىلمەيدىغان ئىشلارغا ئېسىلىۋالىمىز. ئاخىرىدا ھېچ ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالمايمىز، ھەم باشقىلارنىمۇ نابۇت قىلىمىز. كۆلەڭگەن يەردە ھېجىيىپ، ئاتتىن چۈشسەكمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي، ھەر ئىشلاردا باشقىلارغا توسالغۇ بولۇپ، ئۆز يولىدا يۈرۈشۈۋاتقان ئىشلارنىمۇ ئاقسىتىپ قويۇۋاتىمىز.

بىزدە «ھالىڭغا بېقىپ ھال تات، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت» دەيدىغان ئاتا سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەنىسىمۇ، بىزنى «ئۆزىمىز بولۇش» قا چاقىرىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا بىزدە يەنە «ئالتۇننى زەگەر سوقسۇن» دەيدىغان ئاتا سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ھەر كىشى ئۆز كەسپى بىلەن بولغان ياخشى دېگەن مەنادا. ياخشى گېنېرالنىڭ غەلىبە قازىنىشى ياخشى ئەسكەرگە باغلىق بولىدۇ. ياخشى ئەسكەرنىڭمۇ

جەڭدە ئۇتۇق قازىنىشى ياخشى گېنىرالغا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر گېنىرال گېنىرال بولمىسا، ئەسكەر ئەسكەرلىكىنى قىلمىسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتا غەلبە قازىنىشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشمۇ تەس بولىدۇ.

ئاخىرىدا يىغىنچاقلاپ ئېيتسام، ھەر بىرىمىز ئۆز ئورنىمىزنى توغرا بەلگىلەپ، ئۆز ئىقتىدارىمىزنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە نامايەن قىلغىنىمىزدا ئاندىن ئۆز قىممىتىمىزنى توغرا يارىتالايمىز. ئىنساننىڭ قىممىتى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ھوقۇق مەنسەپلىرىدە، قانچىلىك كۆپ پۇل تېپىشىدا، قانچىلىك چوڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشىدا ۋە ياكى قانداق نوچى ماشىنا ھەيدىشىدە بولمايدۇ. ئىنساننىڭ قىممىتى ئاللاھنىڭ ھەر بىر ئىنسانغا بەرگەن ئەقىل پاراستى ۋە تالانتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارىي قىلدۇرالىشىدا بولىدۇ. ئىنساننىڭ قىممىتى يالغۇز نەتىجىدە ئەمەس، بەلكى جەرياندا ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ قابىلىيىتىمىز مەۋجۇت زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا يەتمىسە، كەم دېگەندە بىز زىددىيەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز، كۆيۈۋاتقان ئوتقا ماي چېچىپ زىددىيەتنى ئۇلغايتماسلىقىمىز كېرەك. ھېچ بولمىسا ئىش قىلغانلارنىڭ ئىشىنى قىلغىلى قويۇشىمىز، ئۇلارغا ياردەم قىلالمىساق، دەستەك بولالمىساق، كەم دېگەندە ئۇلارنىڭ يولىدىكى داڭگال بولۇپ، ياكى ئۇلارغا ئورا كولاپ، كېتىۋاتقانلارنىڭ يولىغا پۇتلىكاشاڭ بولماسلىقىمىز كېرەك.

**2018 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى**

# تەنقىد ۋە ئۆزىمىزنى تەنقىد قىلىش

تەنقىد قىلىش ھەر قانداق جەمئىيەتتە ۋە شۇ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغان ھەر بىر ئىنساندا كەم بولسا بولمايدىغان، جەمئىيەتتىكى خاتالىقلارنى، يامان ئىللەتلەرنى، ئادالەتسىزلىك ۋە ناھاقچىلىقلارنى ئەيىبلەپ، جەمئىيەتتە، جۈملىدىن شۇ جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئىنساندا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر.

تەنقىد قىلىش — ئوبيېكتىغا قاراپ باشقىلارنى تەنقىدلەش ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدلەش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىسە، ئۇنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسى ۋە چىقىش نۇقتىسىغا ئاساسەن كۆيىنىش، ياردەم بېرىش خاراكتېرلىك دوستانە، تۈزەش ياكى ئىجابىي تەنقىد ۋە نارازىلىق بىلدۈرۈش، ئەيىبلەش، جازالاش خاراكتىرلىك سەلبىي ياكى يوقىتىش تەنقىدى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن. ئەگەر ھەرقانداق تەنقىد نورمال دائىرىدىن ھالقىپ كەتسە، ئۇ چاغدا تەنقىد ھاقارەتكە ئايلىنىدۇ ۋە ئەسلى تەنقىد ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مەقسەتكە ھەرگىز يەتكىلى بولمايدۇ. ھەتتا قارشى تەرەپتە تېخىمۇ زور قارشىلىق پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

دوستانە، تۈزۈش ياكى ئىجابىي خاراكتېرلىك تەنقىد قارشى تەرەپكە كۆيىنىش، سادىر قىلغان خاتالىقنى تۈزىتىپ، تېخىمۇ مۇكەممەل بولۇشقا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئۇ ئادەتتە رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تەقدىرلەش بىلەن بىرگە قوللىنىلىدۇ. يەنى بىرسى سادىر قىلغان خاتالىقنى تەنقىدلەش بىلەن بىرگە ئۇ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ ۋە مۇكاپاتلىنىدۇ. سەلبىي ياكى يوقىتىش خاراكتېرلىك تەنقىد بولسا نارازىلىق بىلدۈرۈش، ئەيىبلەش، جازالاش ۋە يوق قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئاساسەن ئىنكار قىلىش بىلەن بىرگە قوللىنىلىدۇ. يەنى بۇ خىلدىكى تەنقىدتە قارشى تەرەپنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقنى تۈزىتىپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىگە تۈرتكە بولۇش مەقسەت قىلىنماستىن، بەلكى ئۇنى ئۆتكۈزۈۋاتقان خاتا ئىشتىن ياكى كېتىۋاتقان خاتا يولدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشكە، ئۆزىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا مەجبۇر قىلىشنى ئاساسى مەقسەت قىلغان بولىدۇ.




**ھەرىكەت قىلىشتىن بۇرۇن (باشقىلارنى) ئاڭلا؛ ئىنكاس قايتۇرۇشتىن بۇرۇن ئويلان؛ پۇل خەجلەشتىن بۇرۇن پۇل تاپ؛ (باشقىلارنى) تەنقىد قىلىشتىن بۇرۇن تەخىر قىل؛ دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن (باشقىلارنى) كەچۈرۈم قىل؛ ۋاز كېچىشتىن بۇرۇن چوقۇم سىناپ باق.**

ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىگە تەنقىدكە تۇتقان پوزىتسىيەسى ئوخشاش بولمايدۇ. «ئوغرى گۇمانخور كېلەر»، «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دېگەندەك، ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوق كىشىلەر تەنقىدكە سەزگۈر كېلىدۇ، ئۇنداق كىشىلەر تەنقىدنى ئاسان قوبۇل قىلمايدۇ. ئەكسىچە، ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوق، ساپاسى تۆۋەن، ئەخلاقسىز، ئىچى تار، كۆرەلمەس كىشىلەر ھەر دائىم باشقىلارنى تەنقىدلەشكە ئامراق بولىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىدىكى كەمچىلىكنى يوشۇرۇشقا ۋە روھىي جەھەتتە تەڭپۇڭلۇققا ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا، ئۇنداقلارنىڭ تەنقىدىدە سەمىمىيلىك ۋە كۆيۈنۈش بولمايدۇ، ئەكسىچە قارشى تەرەپنى چۈشۈرۈش ھەتتا ھاقارەتلەش ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۆزىگە ئىشەنچىسى بار كىشىلەر باشقىلارنىڭ تەنقىدىدىن بەك ئەندىشە قىلمايدۇ. سەمىمىي تەنقىدلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇرىدۇ. «قورسىقىڭنىڭ ئاغرىقى بولمىسا، تاۋۇز يېيىشتىن قورقما» دېگەندەك، ئۆزىگە ئىشەنچىسى بار كىشىلەر سەلبىي تەنقىدلەرگە، ھەتتا ھاقارەتلەشلەرگە پەسەنت قىلمايدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچۇرمايدۇ. ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن يولدا مېڭىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاخىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.




**تۆزۈش خاراكتېرلىك تەنقىد بىلەن بۇزۇش خاراكتېرلىك تەنقىدنىڭ پەرقىنى بىلىشىمىز كېرەك. تۆزۈش خاراكتېرلىك تەنقىدكە رەھمەت ئېيتىشىمىز، بۇزۇش خاراكتېرلىك تەنقىدكە پىسەنت قىلماسلىقىمىز كېرەك.**

ھازىر ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك مىللەتنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بالايى-ئاپەت ۋە ئېغىر تەھدىتلەر، ئەركىن دۇنيادىكى ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسىنى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ۋەتەن-مىللەت ئۈچۈن بىر ئىش قىلىشقا تەقەززا قىلغان بولسىمۇ، بىراق ھەر-بىرىمىزگە نىسبەتەن تېز ئۈنۈم بېرىدىغان بىرەر ئامال بولمىغاچقا، بەزىلىرىمىز چوڭ ئىشنى قىلالماي، كىچىك ئىشنى ياراتماي، كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، باشقىلارنى، بولۇپمۇ جىم ئولتۇرماي ئاز تولا بولسىمۇ ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە بىر ئىش قىلىپ تۇرغانلارنى تەنقىد قىلىش، ھەتتا مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەرنى، ئۇلارنىڭ «بىجىرىكسىزلىكى» سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان دەپ بىلىپ، ئۇلارنى ھاقارەتلەش ئارقىلىق روھىي جەھەتتە ئۆزىنى خوش قىلىدىغان، دۈشمەنگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى ئۆز قېرىنداشلىرىدىن چىقىرىدىغان، ھەتتا ئۆزلىرىنى ۋەتەن-مىللەت ئۈچۈن چوڭ ئىش قىلىپ بېرىۋاتقاندەك ھېسابلايدىغان بىر خىل بىنورمال ئاتموسفېرا شەكىللىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە بۇ بىر خىل كېسەللىك. بىز چوقۇم ئۆز-ئۆزىمىزگە دىئاگنوز قويۇپ، بۇ كېسەلنى داۋالىشىمىز كېرەك.

دۇنيادا ھېچ بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان لىدىر يالغۇز رىقابەتچىسىنى تەنقىد قىلىشقىلا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ياكى خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئەمەس. دۇنيادا ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان لىدىرلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق كەمچىللىك ۋە خاتالىقلىرى بار. بۇ ئۇلارغا ئەگەشكەن ۋە ياكى ئۇلارنى قوللىغانلارنىڭ ئۇلارغا قايسى نۇقتىدىن قارىشىغا باغلىق. ھېچ ئىش قىلمىغان ئادەم خاتالاشمايدۇ. بىر ئىش قىلغان ئادەم چوقۇم بىلىپ بىلمەي، مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز بەزى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلە بىزنىڭ ئۇلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشىمىزدا.




**ئەزەلدىن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ باقمىغان ھەرقانداق ئادەم چوقۇم ئەزەلدىن ھېچقانداق ئىش قىلىپ باقمىغان ئادەمدۇر.**

خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالى تەھدىت ئاستىدا قالغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۆز-ئۆزىمىزنى تەنقىد قىلىش بىلەن باشقىلارنى رېئاللىقنى چۈشىنىش قىلغان ئاساستا سەممىي تەنقىد قىلىشنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەك. باشقىلاردىن ھېساب سوراشنىڭ ئورنىغا ھەر دائىم مەن نېمە قىلدىم دەپ سوراپ بېقىشىمىز كېرەك. ئۆز قېرىنداشلىرىمىز ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەنقىد ئۇلارنى يىقىتىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى ئۇلارغا كۆيىنىش، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاشنى مەقسەت قىلىشى، ھەممەيلەن بىر بىرىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى تولۇقلاپ، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، دۈشمەنگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى مەقسەت قىلىشى بەكلا مۇھىم.

بىز مەسىلە پەيدا قىلغان ۋاقتىمىزدىكى تەپەككۇرىمىز بىلەن مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەسلىلەرنى ھەرگىز ھەل قىلالمايمىز.

بىزدە سەل ئەۋج ئالغان يەنە بىر خىل كېسەللىك، تەنقىد باھانىسى بىلەن ھەدېسە باشقىلارغا باھا بېرىش، ئۆزىنى مىللەتنىڭ ۋەكىلى ۋە ياكى مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سۆز قىلغۇچى قاتارىغا قويۇپ، باشقىلارنىڭ ئۆزى شاھىت بولۇۋاتقان ۋەقەلەرگە بولغان تونۇشىنى ئىنكار قىلىش، ھەتتا باشقىلارنىڭ ئەقىل-پاراستىگە ھاقارەت قىلىش، خۇددى ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەقىقەتنى يورۇتۇپ بەرمىسە، ھەممە ئادەم ئالدىنىپ كېتىدىغاندەك كۆرسىتىش. ئەلۋەتتە، بىزدە «بىلگىنىڭنى باشقىلاردىن ئايىما»، «ئەلدىن ئەلگە نەپ» دەيدىغان ئاتا سۆزلىرى بار. ھەر بىرىمىزنىڭ ئۆز-ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى تەربىيلەش، يېتەكلەش مەسئۇلىيتى بار. بىراق بۇ چوقۇم ئۆز-ئارا كۆيىنىش ۋە ئۆز-ئارا ھۆرمەتلەش ئاساسدا بولۇشى كېرەك.

بىزدە ئۆزۈڭنى يالۋاس چاغلىساڭ، باشقىلارنى شىر چاغلا دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئەقىل پاراستى بار. كىمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقارغۇدەك ئەقلى بار. توغرا بولسا توغرا دېيىش كېرەك، خاتا بولسا خاتا دېيىش كېرەك، بىراق باشقىلارنى دۆت چاغلاپ، ئۆزىمىزنى «دۇنيانى قۇتقازغۇچى» سانىساق، ئاخىرىدا باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىمىز.

ئەلۋەتتە ئوخشىمىغان ئىنسانلارنىڭ ئەقىل پاراستى، ئىجتىمائىي كەچۈرمىشلىرى، مەدەنىيەت ساپاسى، قىممەت قارىشى، مەسىلىلەرگە بولغان پوزىتسيەسى ۋە مەسىلىلەرنى كۆرۈش يۆنىلىشىدە بەزى پەرقلەر بار. بىراق بۇ پەرقلەر ۋە يېتەرسىزلىكلەر ئاساسەن ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزى بىلەن چەكلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار توپلىشىپ ئورتاق بىر كوللېكتىپ شەكىللەندۈرگەندە، ھەر بىر شەخستىكى ئۇ پەرقلەر ئۆز-ئارا تولۇقلىغۇچى بولۇپ، غايەت زور كۈچ پەيدا قىلىدۇ. بىز شەخس بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۇ كوللېكتىپ كۈچكە سەل قارىساق، ۋە ئۇنى ئىنكار قىلساق ھەرگىز بولمايدۇ.




**باشقىلار ئۈستىدىن (قالايمىقان) ھۆكۈم چىقىرىش باشقىلارنىڭ ماھىيىتىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ.**

بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ قىلغۇاتقان ئىشىغا باھا بەرمە ياكى باشقىلارنى تەنقىد قىلما دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى باشقىلارغا باھا بەرگەندە، ئۆزىمىزنىڭمۇ باشقىلار تەرىپىدىن باھالانغۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز، باشقىلارنى تەنقىدلىگەندە شەخسىي ھېسسىياتىمىزغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى رېئاللىقنى ئاساس قىلىشىمىز، ئادىل بولۇشىمىز، باشقىلارنىڭ مەخپىيىگە ھۇجۇم قىلماسلىقىمىز لازىم. بولمىسا باشقىلارنى باھالايمەن دەپ ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارا قىلىمىز، باشقىلارنى ئوسال قىلىمەن دەپ ئۆزىمىزنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشىمىز مۇمكىن، دېگەنلىكتۇر.

10 يىللار بۇرۇن بولسا كېرەك، مەن خىزمەت قىلىۋاتقان كولۇمبىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىران پرېزىدېنتى ئەخمەدى نىجاتنى كولۇمبىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۇنيا لىدېرلىرى مۇنبىرىدە نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بەزى ئوقۇغۇچىلار بولۇپمۇ يەھۇدى ئوقۇغۇچىلار

مەكتەپ مۇدىرىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. ئەخمەدى نىجاتقا ئەۋەتكەن تەكلىپنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئىمكان بولمىغان مەكتەپ مۇدىرى، ئۆز ئىناۋىتىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يىغىن ئەھلىگە ئەخمەدى نىجاتنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇنى ئەڭ يامان سۆزلەر بىلەن تەرىپلەيدۇ. ئەخمەدى نىجات سۆزگە چىققاندىن كېيىن، «جاناپلىرى مېنىڭ نېمە سۆزلەيدىغانلىقىمنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، مەن توغرالىق بۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا ھۆكۈم چىقىرىپ بەردىڭىز. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئەقىللىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمگە ئۆزلىرى ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. سىزنىڭ بۇ قىلغىنىڭىز ماڭا ئەمەس، بەلكى بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئەقىل پاراستىگە ۋە مۇستەقىل ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارىغا قىلىنغان ھاقارەت» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن زالدىكىلەر چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپ كېتىدۇ. گەرچە ئەخمەدى نىجاتنىڭ ئامېرىكىدىكى ئوبرازى بەك ناچار بولسىمۇ، بىراق بۇ ۋەقەدە ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى چۈشۈرۈۋالغىنى ئەخمەدى نىجات بولماستىن، بەلكى بىزنىڭ مەكتەپ مۇدىرى بولىدۇ.

بىزدە «كۆلەلمسەڭ ھىجايما» دەيدىغان ئاتا سۆزى بولۇپ، ئۇ دېگەنلىك ئەگەر كۆلەلمسەڭ، ھىجىيىپ باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالغۇچە، ئۆزۈڭنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاپ جىم ئولتۇر، دېگەنلىك بولىدۇ. بىزدە يەنە «ئالتۇننى زەگەر سوقسۇن» دەيدىغان گەپ بار. نوچى بولساق ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، باشقىلارنى «قىلمىدى» دەپ تەنقىد قىلغان شۇ ئىشلارنى ئۆزىمىز بىر قوللۇق قىلايلى، بولمىسا ئىش قىلغانلارنى قوللايلى، ئۇلارغا ياردەمچى بولايلى، ھېچ بولمىسا ئۇلارغا پۇتلى كاشاڭ بولۇپ، باشقىلار قىلىۋاتقان ئىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنىڭ ئورنىغا، جىم ئولتۇرايلى. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر گېنېرالنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى يالغۇز ئۇنىڭ قوماندانلىق قابىلىيىتىگە باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى قوماندانغا بويسۇنۇشنى بىلىدىغان ياخشى ئەسكەرلەرگىمۇ باغلىق. قوماندانغا بويسۇنۇپ، ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ تايىنى يوق، ئەتىگەندىن كەچكىچە گېنېرالدىن ھېساب سورىساق، بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش ئەمەس.

مەيلى تەشكىلات ئىچىدىكىلەر بولسۇن ۋە ياكى كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەر بولسۇن، ئەگەر ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسا، تەنقىدلىرىمىز ئۇلار ئۆتكۈزگەن شۇ خاتالىقلار ئۈستىدە بولسۇن. ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ شەخسيي ئاداۋەتلىرىمىزنى ۋە ئۇ شەخسكە بولغان شەخسيي ھېس تۇيغۇلىرىمىزنى ئارىلاشتۇرۇۋالمايلى. ئۆزىمىزنىڭ شەخسيي مەنپەئەتىمىز ۋە ياكى شەخسيي ئاداۋەتلىرىمىز ئۈچۈن پۈتۈن خەلقنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتمايلى. مۇتلەق نۇقسانسىز ئىنسان يوق. بىز تاماقنى ھەرقانچە تاللاپ يېسەكمۇ ۋە ياكى ھەرقانچە ئىسسىق تاماقلارنى يېسەكمۇ، ئۇنىڭدىن يەنىلا ئاز ـ تولا تەرەت چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز يېگەن تامىقىمىزنى ئىنكار قىلساق بولمايدۇ.

نورمالدا بىزنىڭ مەلۇم بىر شەخس ۋە شەيئىيئىلەرگە بولغان قارىشىمىز، مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ قاراشلىرىمىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئەگەر بىزنىڭ مەلۇم بىر ئادەم ياكى شەيئىيگە بولغان تەسىراتىمىز ياخشى بولغان بولسا، بەلكىم بىز ھەر دائىم ئۇ ئادەمگە ياكى شەيئىيگە ياخشى تەرەپتىن قارىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىزنىڭ مەلۇم بىر ئادەمگە ياكى شەيئىيگە بولغان تەسىراتىمىز ناچار بولغان بولسا، بەلكى بىز ھەر دائىم ئۇ ئادەمگە ياكى شەيئىيگە ناچار تەرەپتىن قارىشىمىز مۇمكىن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا دۇنياغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان، روھىي پسىخىكىسى ساغلام بولمىغان، ئىچى تار، كۆرەلمەس، گۇمانخور ئىنسانلار ھەر قانداق ئادەم ياكى شەيئىيلەرگە سەلبىي تەرەپتىن قارايدىغان، باشقىلاردىن ھەر دائىم گۇمان قىلىدىغان، بىرەر نەرسىگە ئاسانلىقچە ئىشەنمەيدىغان بولىدىكەن. ئۇنىڭغا نىسپىيىي ھالدا دۇنياغا گۈزەل كۆزى بىلەن قارايدىغان، كۆڭلى-كۆكسى مېھرى مۇھەببەت بىلەن تولغان، ئۈمىدۋار، پوزىتىف كىشلەر ئىنسانلارغا ۋە ياكى شەيئىيلەرگە ئىجابىي تەرەپتىن قارايدىغان بولىدىكەن.




**ئىجابىي ئويلايدىغان ئادەم باشقىلار كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيدۇ، باشقىلار ھېس قىلالمىغاننى ھېس قىلالايدۇ، باشقىلار قىلالمىغاننى قىلالايدۇ.**

بىز ئىنسان بولغان ئىكەنمىز، چوقۇم بەزى سۇبيېكتىپ نەرسىلەرنىڭ تەسىرگە ئۇچۇرىشىمىز مۇمكىن. مۇھىمى باشقىلارغا قويغان شۇ قاتتىق تەلەپنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە قويۇپ باقايلى. باشلارنىڭ مېڭىش-تۇرۇشىغا باھا بېرىشتىن بۇرۇن، باشقىلارنىڭ ئايىقىنى بىر كىيىپ باقايلى. باشقىلاردىن ھېساب سوراشتىن بۇرۇن، ھەر دائىم ئەينەككە بىر قاراپ، مەن نېمە قىلدىم دەپ ئۆز-ئۆزىمىزدىن بىر سوراپ باقايلى. مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن مەسلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، بىرەر ئادەمنىڭلا مەجبۇرىيتى بولۇپ قالماستىن، ھەممەيلەننىڭ مەجبۇرىيتى.

بىزدە «ئىتلار قاۋىشىدۇ، كارۋان يۈرۈۋېرىدۇ» دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. ئەگەر باشقىلارنىڭ تەنقىدى سەممىي بولمىسا، مەقستى مەسلىنى ھەل قىلىش بولمىسا، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق بولمىسا، ئۇنى ئالاھىدە ئېتىۋارغا ئېلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى بەزىلەرنىڭ تەنقىدى ئەمەلىيەتتە ھەرگىز سەممىي تەنقىد بولماستىن، بەلكى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش، ھەممە ئىشتىن، ھەممە ئادەمدىن قۇسۇر تېپىشتۇر.

# ئىنسانلارنىڭ شەخسىيتى، ئەخلاقى، مەسئۇلىيتى ۋە ھەق ـ ھوقۇقى

ئىنسانلارنىڭ شەخسىيتى، يەنى شەخسىي سىرى دېگىنىمىز ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان، باشقىلارنىڭ بىلىشىنى خالىمايدىغان ۋە باشقىلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئۆزگىچە سانلىق مەلۇمات ۋە ئۇچۇرلار بولۇپ، ئۇنىڭ كونكېرت مەزمۇنلىرى ۋە ياكى نېمىنىڭ ئىنساننىڭ مەخپىي (شەخسىيي سىرى) دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقى ئوخشىمىغان دەۋردە، ئوخشىمىغان جەمئىيەتتە، ئوخشىمىغان جىنس، ئوخشىمىغان ياش ۋە ئوخشىمىغان ئارقا كۆرۈنۈشتىكى ئىنسانلاردا ئوخشاش بولمايدۇ.

نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئىنسانلارنىڭ يېشى، جىنسىي تۇرمۇشى، دىنىي ئېتىقادى، ساغلاملىق ئەھۋالى، بەدەندىكى روھىي، جىسمانىي ئاجىزلىقلار، كىرىم ئەھۋالى، ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقان، يېقىن دوست بۇرادەرلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن شەخسىي سۆھبەت مەزمۇنى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئىنساننىڭ مەخپىيگە (شەخسىيي سىرغا) تەۋە. بۇنداق دېگەنلىك بۇلارنى ھېچكىم بىلسە بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بىراق شۇ شەخسنىڭ رازىلىقى ۋە قانۇنىي مەجبۇرىيەتنىڭ سىرتىدا باشقىلارنىڭ بىلىش ھەققى يوق ۋە ياكى بىلىدىغانلارنىڭ ئۇلارنى شۇ شەخس ئۇچۇن مەخپىي تۇتۇش مەجبۇرىيتى بار دېگەنلىك.

بىر ئىنساننىڭ شەخسىييتىمىزنى (شەخسىيي سىرى)، شۇ ئىنساننىڭ غورۇر ۋە ھەق ـ ھوقۇقىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆرمەت قىلىنىش قىلىنماسلىقى شۇ جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق پەزىلتى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، قانۇن ئېڭى، قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ مۇكەممەل ۋە ئادىللىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئەخلاق ـ پەزىلەت دېگىنىمىزدە ئاساسلىقى ئۇنىۋېرسال ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە كەسپىي ئەخلاق ـ پەزىلەتنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەخلاق پەزىلتى ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن ئائىلە، مەكتەپ تەربىيەسى ۋە شۇ ئىنسان ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كەسپىي ئەخلاق بولسا ھەر بىر ئىنساننىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپ ئالاھىدىلىكى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، قانۇن ئېڭى، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ۋە ئۇ جەمئىيەتتىكى قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىكى قاتارلىق ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كۆپىنچە ئەھۋالدا ئىنسانلار يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەخلا ـ پەزىلەت ۋە قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئورتاق كونتروللۇقىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ.

بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدە دوختۇر بىلەن ساتراچ ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كەسپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئىككى كەسپ نىسبەتەن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كەسپىي ئەخلاق تەلەپ قىلىدىغان كەسپ ھېسابلىنىدۇ. سەۋەبى

بىزنىڭ ئۆلارغا ھاجىتىمىز چۈشكەندە بىز ئۇلارغا يالغۇز پۇلىمىزنى ئەمەس بەلكى ئۆز ھاياتىمىزنىمۇ ئامانەت قىلىمىز. شۇ سەۋەبتىن، بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تارىختىن بېرى خەلقىمىز ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن.

ھەممىز بىلگەندەك، ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىچىدە تىببىي خادىملار بەلكىم ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كۆپ، ئەڭ ئەجەللىك شەخسىييەتلىرىنى (شەخسىي سىرلىرىنى) بىلگۈچى ھېسابلانسا كېرەك. بىمار ئۆز كېسلىنى ئامال قىلىپ تېزراق ساقايتىش ئۈچۈن تىببىي خادىملارنى ئامال بار كۆپ ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشسا، تىببىي خادىملارمۇ بىمار گىرىپتار بولغان كېسەلگە توغرا دىئاگنوز قويۇپ، ۋاقتىدا داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن، ئامال بار بىمارلارغا مۇناسىۋەتلىك كۆپ ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىببىي خادىم بىلەن بىمار ئارىسىدا ئۆز-ئارا ئىشەنچ بولۇشتىن باشقا، ئەڭ مۇھىمى تىببىي خادىملار بىلەن بىمارلار ئارىسىدا ئىنسانىي ھەق-ھوقۇق باراۋەرلىكى بولۇشى كېرەك. تىببىي بىلىم جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن تىببىي خادىملار بىلەن تىبابەت جەھەتتىن كۆپ بىلىمى بولمىغان بىمارلار ئارىسىدىكى ئىنسانى ھەق-ھوقۇقنىڭ باراۋەر بولىشىغا كاپالەت قىلىدىغان نەرسە دەل شۇ كەسپىي ئەخلاق بىلەن تىببىي خادىملارنىڭ كەسپىي، قانۇنى مەسئۇلىيتى ۋە بىمارلارنىڭ قانۇنى ھەق-ھوقۇقىدۇر. يەنى مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا تىببىي خادىملار ئۆز كەسپىي ئەخلاقىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي ۋە قانۇنىي مەسئۇلىيتىنى ئادا قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىمارلار ئۆزىنىڭ قانداق ھەق-ھوقۇقى بارلىقىنى ۋە ئۇنى قانداق قوغداشنى بىلىشى كېرەك.

ئامېرىكىنىڭ بىمارلارنىڭ شەخسىييتىنى (شەخسىي سىرىنى) قوغداش جەھەتتە تىببىي خادىملارغا قويغان قانۇنى تۈزۈمى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ھەر قانداق تىببىي خادىمدىن بۇ جەھەتتە ھەر يىلى بىر قېتىم مەخسۇس لېكسيە ئاڭلاپ، كىچىك تېپتىكى ئىمتىھان بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەر قانداق تىببىي خادىم ھەرقانداق سەۋەب بىلەن بىمارلارنىڭ رۇخسىتىسىز، بىمارنىڭ شەخسىي سىرىنى ئاشكارلاپ قويسا، **100** دوللاردىن **250** مىڭ دوللار ئارىسىدا جەرىمانە تۆلىشى، ھەتتا قولغا ئېلىنىپ جازالىنىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن نورمالدا بىمارنىڭ ئەھۋالىنى پەقەت بىمارغىلا دەيدۇ، بالاغەتكە يەتمىگەن باللاردىن باشقا بىمارلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى بىمارنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىمگە، بەزىدە ھەتتا بىمارنىڭ ئائىلىسىگىمۇ دېمەيدۇ.

**2010** - يىلى مەن ئىشلەۋاتقان دوختۇرخانىدىكى بىر دوختۇرنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن، كومپيوتۇردىكى **6800** بىمارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى تورغا چىقىپ كەتكەن ئىكەن. بۇ سەۋەبلىك، دوختۇرخانا **4.8** مىليون دوللار جىرىمانە تۆلىگەن ئىدى.

بىمارلار ئۆز ھەق-ھوقۇقىنى قانداق قوغداشنى بىلمىگەندە ۋە ياكى تىببىي خادىملار ئۆز ھوقۇقىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، كەسپىي ئەخلاقنى قالايمىقان قىلغاندا، بىمارلارغا زۆرۈر بولمىغان ماددىيى، جىسمانىي ۋە روھىي ئازابلانى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئەگەر قانۇن ئۆز رولىنى جارىي قىلدۇرمىسا، جەمئىيەتتە ئۆز-ئارا ئىشەنچ ئېغىر دەرىجىدە تەھدىتكە ئۇچرىشى مۇمكىن.

ئامېرىكىنىڭ مىشىگەن شىتاتىدا بىر دوختۇر ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، كەسپىي ئەخلاققا خىلاپ ھالدا **553** خىل دورا بىلەن داۋالاش زۆرۈر بولمىغان راك كېسلى بىمارلىرى بىلەن، ھەتتا راك كېسلىگە

گىرىپتار بولمىغان بىمارلارنى ئۆزۈن مەزگىل راك كېسىلى دورىلىرى بىلەن داۋالاپ، سۇغۇرۇتا شىركەتلىرىدىن جەمئىي 17.6 مىليون دوللار پۇل ئالغان ئىكەن. 2015 ـ يىلى ئۇ دوختۇرنىڭ بۇ قىلمىشى پاش بولۇپ، سۇغۇرۇتا شىركەتلىرىدىن ئالغان 17.6 مىليون دوللار پۇلنى قايتۇرۇۋالغاندىن سىرت، ئۇنىڭغا 45 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن.

بىر جەمئىيەتتە ھەتتا بىر گۇرۇپپا كىشىلەر ئارىسىدا ئىناقلىق بەرپا بولۇش بولماسلىقى، شۇ جەمئىيەت ۋە ياكى شۇ گۇرۇپپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى، ئىنسانلارنىڭ شەخسىيىتى ۋە غورۇرىنىڭ ھۆرمەتلىنىش ھۆرمەتلەنمەسلىكى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۆز ـ ئارا ئىشەنچ قاتارلىق ئامىللار بىلەن زىچ مۇنسۇۋەتلىك.

كۆپىنچىمىز ئىنسانلارنىڭ غورۇرى ۋە مەخپىيىتى (شەخسىي سىرى) ھۆرمەتلەنمىگەن، ھەتتا خالىغانچە ئاياق ئاستى قىلىنغان بىر دەۋىر ۋە مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇقۇم ۋە ئاڭ سەۋىيەرىمىز خېلىلا تۆۋەن. بىز يالغۇز ئۆزىمىزنىڭ شەخسىيىتىمىزنى ۋە ياكى شەخسىي سىر ھەق ـ ھوقۇقىمىزنى قانداق قوغداشنى بەك بىلىپ كەتمەيلا قالماستىن، ھەتتا نېمىنىڭ شەخسىيىتىمىز (شەخسىي سىرىمىز) بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قانۇندا قانداق قوغدىلىدىغانلىقىنى بەك بىلىپ كەتمەيمىز، ھەم باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىمىزگە (شەخسىي سىرغا) ئۇنچە ھۆرمەت قىلمايمىز. بالا كەلسە قېرىنداشتىن دەپ ھەتتا بىزنىڭ شەخسىيىتىمىز (شەخسىي سىرلىرىمىز) دەل شۇ ئەتراپىمىزدىكى يېقىنلىرىمىز تەرىپىدىن خالىغانچە دەپسەندە قىلىنىدۇ. بىز بەزىدە باشقىلارنىڭ نۇقسانلىرىنى چاقچاقلا ئايلاندۇرۇپ باشقىلار ئارىسىدا سۆزلەپ، ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى خۇش قىلىشقا ئۇرۇنساق، يەنە بەزىدە ئۇلار يوق يەرلەردە ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى چوڭ بىر خەۋەر قاتارىدا قۇرۇق پاراڭلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋالىمىز.

بىزدە «ئىززەت ئۆزدىن، كۆزەز كۆزدىن» دەيدىغان بىر ئاتا سۆزى بار بولۇپ، ئىززەت تاپايلى دېسەك ئالدى بىلەن چوقۇم باشقىلارنى ئىززەتلەشنى، باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشنى بىلىشىمىز كېرەك.




**ھۆرمەت دېگەن باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلىدىغان نەرسە.**

**سەمىمىيەت دېگەن قەدىرلەيدىغان نەرسە.**

**ئىشەنچ دېگەن ئۆزىمىز ئېرىشىدىغان نەرسە.**

**ساداقەت دېگەن باشقىلارغا قايتۇرىدىغان نەرسە.**

## هوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت

بىز ھاياتىمىزدا تۇنجى ئوقۇغان كىتاب «ئېلىپبە» بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن ھاياتىمىزدا بويسۇنۇش زۆرۈر بولغان ھايات قانۇنىيىتى ـ يەنى بىز ھەر بىر ئالغىنىمىزدا بېرىشنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك دېگەنلىك. ئېلىش بىزنىڭ ھوقۇقىمىز بولغاندەك، بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز. ھەرقانداق بىر ئەركىن دۆلەتتىكى ئەركىنلىكنىڭمۇ بىر چېكى ۋە شۇنىڭغا تۇشلۇق مەسئۇلىيتى بار. ھوقۇقنى تەكىتلەپ، مەسئۇلىيەتنى ئۇنتۇش، خۇدى بىر نەرسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا پۇل تۆلەشنى ئۇنتىغاندەك بىر ئىش.




**بىزنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىمىز ھەرگىزمۇ بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدىن ئۈستۈن ئەمەس. مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلمىساق، ھەق ـ ھوقۇقىمىزنى قوغداش كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ.**

كۆپىنچىمىز بىلگەندەك، 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى برىيۇسېلدىكى ياۋروپا بىرلىكى بىناسى ئالدىدا ئېلىپ بېرىلغان **5000** كىشىلىك نامايىشنى قوللاپ قۇۋەتلەش يۈزىسىدىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىڭتون ئالاھىدە رايونىدا ئامېرىكا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن نامايىش ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، گەرچە نامايىش ئومۇمىيي جەھەتتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەن بولسىمۇ، بىراق ئاخىرىدا بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بەردى. بۇ نەخ مەيداندىكى نۇرغۇن قېرىنداشلارنى راھەتسىزلەندۈردى. نامايىشتىن

كېيىن فېيسبۇك، ۋاتسئەپ قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا زەنجىرسىمان رېئاكسىيەلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، زۆرۈر بولمىغان كۆڭۈلسىز ئىشلار داۋام قىلماقتا. ئۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر مەيلى نېمە سەۋەبتىن يۈز بەرگەن بولسۇن، ۋەتەندە خەلق شۇنچە ئېغىر تەھدىت ئاستىدا قالغان بوگۈنكى كۈندە، ئۇ ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغان، ۋەتەن مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدىغان بىر سەتچىلىك.




**يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەنى كونترول قىلالمىساڭ، ئۆزۈڭنىڭ يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەگە قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشۇڭنى كونترول قىلغىن. بۇ سېنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭ.**

بىزدە «يالۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. ئادەم ئۆز كونتروللۇقىنى يوقاتقاندا، ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئەقىل پاراستى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ھەر قانداق شارائىتتا تەمكىن بولالمىغان ۋە ئۆزىنى كونترول قىلالمىغان ئادەم ھەرگىز چوڭ ئىشلارنى

قىلالمايدۇ. چۈنكى چوڭ ئىشلار ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، تەمكىنلىك ۋە ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ.

بىز ئويلاپ باقايلى قېرىنداشلار، قايسى بىر دېموكراتىك دۆلەتتە بىرەر پارتىيە ياكى تەشكىلات ئورۇنلاشتۇرغان ھەرقانداق بىر پائالىيەتتە كىمنىڭ سۆز قىلىشىنى شۇ پائالىيەتنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى بەلگىلىمەيدۇ؟ ئامېرىكىدەك بىر دېموكراتىك ئەركىن دۆلەتتىمۇ بىرەر پارتىيە ياكى تەشكىلات ئورۇنلاشتۇرغان يىغىن ياكى باشقا پائالىيەتتە كىمنىڭ سۆز قىلىشىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى بەلگۈلەيدۇ، ئەگەر بىرسى ئورۇنلاشتۇرغۇچىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماي، قالايمىقان ۋاقىراپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلسا دەرھاللا ساقچىلار ئىككى قولتىقىدىن تۇتۇپ نەخ مەيداندىن چىقىرىۋېتىدۇ.

ھازىر فېيسبۇكتا بولۇۋاتقان بەزى مۇنازىرلەرگە قارىغاندا خېلى كۆپ ساندىكى قېرىنداشلارنىڭ ئامېرىكىنىڭ دىموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك تۈزۈمىگە بولغان چۈشەنچىسى تازا ئېنىق ئەمەسكەن. مەن تۆۋەندە ئامېرىكىدىكى پۇقرالارنىڭ نامايىش قىلىش ئەركىنلىكى توغرىسىدا ئازراق چۈشەنچە بېرىپ ئۆتمەكچىمەن.




**بىلىم دېمەك نېمە سۆزلەيدىغانلىقنى بىلىش دېمەك. ئەقىل دېمەك سۆزلەش ياكى سۆزلىمەسلىكنى بىلىش دېمەك.**

ئامېرىكىدا ھەقىقەتەنمۇ ھەممە ئىنساننىڭ نامايىش قىلىش، كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى سۆزلەش ئەركىنلىكى بار. بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئامېرىكىدا مەسئۇلىيەت يوق، نېمە ئىش قىلسا بولىۋېرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ھەر ئىشنىڭ بىر رەت تەرتىپى بار، ھەر بىر ئىنساننىڭ ھەق-ھوقۇقى بولغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭ مەسئۇلىيتىمۇ بار. بىر ئادەمنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىغان ئاساستا ھەرقانداق يەردە ئۆز نارازىلىقىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ئىپادىلەش ۋە نامايىش قىلىش ھوقۇقى بار. ئەگەر بىر ئادەم شەخسىي نارازىلىق بىلدۈرگەندە ۋە نامايىش قىلغاندا، ھوقۇقمۇ، مەسئۇلىيەتمۇ شۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. بىراق بىرەر تەشكىلات ئۇيۇشتۇرغان كۆپ ئادەم قاتناشقان كوللېكتىپ نامايىشتا، نامايىشنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە ئۇنىڭغا بولغان مەسئۇلىيەت نامايىش ئورۇنلاشتۇرغۇچى ۋە ياكى نامايىشقا كاپالەت قىلغۇچىدا بولىدۇ. ئادەم سانى مەلۇم چەك (ۋاشىنگتون ئالاھىدە رايوننىڭ كۆپىنچە جايلىرىدا نامايىشچى سانى 25، نيۇيورك شەھرىدە نامايىشچى سانى 20) دىن ئاشقان ھەر قانداق بىر نامايىش ئۈچۈن چوقۇم يەرلىك ساقچىدىن رۇخسەت ئېلىشى كېرەك.

ۋاشىنگتون ئالاھىدە رايونىدا نامايىش قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئۈچۈرلارنى تۆۋەندىكى ئۇلانمىدىن كۆرەلەيسىز.

**https://www.nps.gov/nama/planyourvisit/upload/10_941_Public_Gathering_Permit_and_Instructions_FINAL_08022017.pdf**

ئوخشىمىغان شەھەر ۋە ئوخشىمىغان رايونلاردا نامايىش قىلىش ئۈچۈن ئالىدىغان رۇخسەتكە بولغان تەلەپلەردە ئاز تولا پەرق بار.

رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن ئىلتىماس قىلغاندا نامايىشنىڭ ۋاقتى، ئورنى، نامايىش جەريانىدا بېسىپ ئۆتىدىغان كوچىلار، نامايىشقا قاتنىشىدىغان ئادەم سانى (ئەڭ كۆپ بولغاندا)، نامايىشنىڭ خاراكتېرى، نامايىشنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسى قاتارلىقلار ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، نامايىش ئورۇنلاشتۇرغۇچى (ئورگىنايزېر) ۋە ياكى نامايىشقا كاپالەت قىلغۇچى (سپونسر) ئىمزا قويۇپ، نامايىشنىڭ ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويغان مەزمۇن بويىچە بولۇشى ۋە نامايىش جەريانىدا زوراۋانلىق چىقماسلىقىغا كاپالەت قىلىش مەسئۇلىيتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. بۇنداق دېگەنلىك نامايىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا نامايىش ئورۇنلاشتۇرغۇچى ياكى نامايىشقا كاپالەت قىلغۇچى بىۋاستە قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ دېگەنلىك. ئەگەر نامايىش جەريانىدا بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە ۋەقە پەيدا قىلغۇچى جازالانغاندىن باشقا، ئاساسلىق مەسئۇلىيەت نامايىش ئورۇنلاشتۇرغۇچى بىلەن نامايىشقا كاپالەت قىلغۇچىغا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن نامايىش ئورۇنلاشتۇرغۇچى ۋە ياكى ئۇنىڭغا كاپالەت قىلغۇچىنىڭ پۈتۈن نامايىش جەريانىغا مەسئۇل بولۇش ھەققى بار. ئەگەر نامايىشقا قاتناشقۇچى مەسئۇلىيەتنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى- بەك تەكىتلەپ كەتسە، بۇ بەكلا شەخسىيەتچىللىك بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا نامايىشقا ئوخشىمىغان كۆز قاراش ۋە تەلەپلىرى بارلار ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە نامايىش قىلىشقا رۇخسەت ئېلىپ، نامايىش ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ. ئادەم سانى يۇقىرىقى چەكلىمىدىن تۆۋەن بولغان نامايىشلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ باغچىلاردا ۋە يول بويىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، قاتناشقا تەسىر يەتكۈزمەيدىغان نامايىشقا چەكلىمە يوق ياكى تۆۋەن چەكلىمە بار بولۇپ، بۇ

خىلدىكى نامايىشلارنى خالىغان كىشىلەر خالىغان ۋاقىتتا ئۆتكۈزسە بولىۋېرىدۇ. ھېچكىم ئۇلارنىڭ نامايىش ۋە پىكىر قىلىشىنى چەكلىمەيدۇ. مانا بۇ ئامېرىكىنىڭ خەلققە بەرگەن نامايىش قىلىش ھوقۇقى.

بىزدە «ئەقىل ياشتا ئەمەس باشتا» دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. بىز ئەقىلمىزنى ئىشلەتمەي، ھېسسىياتىمىزغا تايىنىپ سۆزلەۋەرسەك، سۆزلىگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى سۆز بولمايدۇ.




**دۆت ئادەم بىلگىنىنى سۆزلەيدۇ، ئەقىللىق ئادەم نېمە سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ.**

ھەقىنى سۆزلەش ھەر بىر ئىنساننىڭ ھەق-ھوقۇقى ۋە باش تارتىپ بولالمايدىغان بۇرچى. بىراق ھەقنى سۆزلەيمەن دېگەن ئادەم ئالدى بىلەن نېمىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئۆزىنىڭ مەلۇم ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە ماس كەلمىگەن ۋە ياكى ئۆز كۆز قارىشى بىلەن پەرقلىق كۆز قاراشتىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش،

ئۆلارنىڭ شەخسىيىتىمىزنىڭگە تېگىپ ئۇنى ھاقارەتلەش ھەق سۆزلەش بولمايدۇ. خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئادەم يوق. بىز ھەممىمىز بىلىپ بىلمەي بەزى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزىشىمىز مۇمكىن. ھەقنى سۆزلەش باشقىلارنىڭ خاتالىقنى تۈزىتىپ، كەلگۈسى ئىشلارنى تېخىمۇ توغرا يۆنىلىشتە ئېلىپ بېرىشقا تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ھەرگىزمۇ ئۆز مەقسەت ـ مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن باشقىلارنى ئىنكار قىلىش، ھەر خىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ باشقىلارغا بوھتان چاپلاش ئاساسىدا بولماسلىق كېرەك.

شۇنى ئوبدان بىلىشىمىز كېرەككى، مۇستەقىللىق دېگەن تەلەپ قىلغانغا بىرسى كېلىپ بېرىدىغان ياكى قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان نەرسە ئەمەس. مۇستەقىللىق دېگەن كۈچىمىز يەتسە ئۆزىمىز ئالىدىغان نەرسە. بىزنىڭ نامايىشىمىزغا قۇلاق سېلىۋاتقان ھېچ بىر ئىنسانىنىڭ بىز مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغىنىمىز ئۈچۈن، بىزگە مۇستەقىللىق ئېلىپ بېرىدىغان مەجبۇرىيتى يوق. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى بىزدىن تارتىۋالغان دۈشمەنلەرمۇ بىزنىڭ كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، بىز مۇستەقىللىقتىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايمىز دەپ شۇئار توۋلىغىنىمىزدىن قورقۇپ، بىزگە مۇستەقىللىق بېرىۋېتىدىغان ئىش يوق. بىز چوقۇم چەكلىك ئېنىرگىيەرىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىشتەك ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلماستىن، شۇ ئۈمىد قىلغان مۇستەقىللىق ئۈچۈن سەرپ قىلايلى، كۈچىمىز يەتسە، ھەتتا ۋەتەننى بىر قوللۇق مۇستەقىل قىلىۋېتەيلى. ئۇ چاغدا بىز ئەڭ نوچى ئادەم بولىمىز.




**ئېسىل پەزىلەتلىك ئىنسان بول، بىراق ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەم بولغانلىقىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلما.**

بىزدە يەنە «ئىززەت ئۆزدىن، كۈۋەز كۆزدىن» دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. ھەر قانداق ئىنسان ئۆز ئىززىتىنى ساقلاش كېرەك. ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە باشقىلاردىن تەلەپ قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئۇنى ئۆز سۆز ھەرىكىتىمىز ۋە گۈزەل ئەخلاق پەزىلىتىمىز ئارقىلىق يارىتالايمىز. بىزنىڭ باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ كاپالىتى. بىز باشقىلارغا كۆيىنىش ۋە ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزگە بولغان ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيمىز.




**ئەگەر بىز ئۆز-ئارا كۆيىنىش ۋە ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىشنى يوقاتساق، بىز زاۋاللىققا يۈزلەندۇق دېمەك.**

# سەۋر ـ تاقەت ۋە شۈكۈر

ھەممىمىز بىلگەندەك سەۋر ـ تاقەت ۋە شۈكۈر قىلىش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقاد ۋە ئوخشىمىغان ئۆرپ ـ ئادەت، ئوخشىمىغان ئىرقتىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەر، جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلار ئىنسانلارنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى ھەر خىل گۈزەل سۆزلەر بىلەن تەرىپلەپ، ئۇنى كەڭ كۆلەمدە تەشەببۇس ۋە تەشۋىق قىلىپ كەلگەن.

بىزدە «سەۋر قىلساڭ، غورىدىن ھالۋا پۈتەر» دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. باشقىلارنىڭ بېشىغا بالايى ـ ئاپەت، قايغۇ ـ ھەسرەت، دەرت ـ ئەلەم ۋە كۈلپەت كەلگەندە، بىز ئۇلارغا سەۋر ـ تاقەت تىلەيمىز. چۈنكى ئىنسان ئېغىر بالايى ـ ئاپەتكە يولۇققاندا ۋە يېقىنلىرىنى يوقىتىپ قايغۇ ھەسرەتكە تولغاندا، دۇچ كەلگەن روھىي ئازابقا نىسبەتەن سەۋر ـ تاقەتتىن باشقا ئۈنۈملۈك داۋا يوق. پەقەت سەۋر ـ تاقەت بىزنى بۇ ئازابلاردىن غالىپ كېلىشكە باشلاپ بارالايدۇ.

ئىبنى قەييىم جەۋزىيە سەۋر ۋە شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن: "ئىماننىڭ ئىككى "يېرىم" پارچىسى بار، بىرى "سەۋر"، يەنە بىرى "شۈكۈر".




**سەۋر ـ تاقەت، شۈكۈر قىلىشنىڭ ئاچقۇچى**

دېمەك سەۋر ـ تاقەت ۋە شۈكۈر ئىماننىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ـ ئارا زىچ باغلانغان.

بىزدە سەۋر ـ تاقەت ۋە شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇن خاتا چۈشەنچىلەر بار. شۇ سەۋەبتىن مەن تۆۋەندە دىنىمىزدىكى سەۋر ـ تاقەت ۋە شۈكۈرگە بېرىلگەن تەرىپلەر بىلەن باشقا دىنلاردىكى بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ

سەۋر ـ تاقەت ۋە شۈكۈرگە بەرگەن تەرىپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزەمنىڭ سەۋر ـ تاقەت ۋە شۈكۈر قىلىشقا بولغان چۈشەنچەمنى يېزىپ چىقىپ كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

**سەۋر ـ تاقەت**

"سەۋر" سۆزى، ئەرەبچىدىكى "صَبْرٌ"، سۆزىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ " ئىچكى ۋە تاشقى، شەخسيي ۋە كوللېكتىپ ئامىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، بولۇپمۇ پېشكەللىككە ئۇچرىغاندا، بالا ـ قازا ۋە مەغلۇبىيەتكە يولۇققاندا، ئىرادىلىك بولۇش، ياخشىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش، توغرا يولدىن ۋاز كەچمەسلىك ۋە چىداملىق بولۇش" دېگەن مەنىسى بار ئىكەن. تاقەت قىلىش بولسا چىداش، بەرداشلىق بېرىش ۋە ئالدىراق سانلىق قىلماسلىق، ۋاقتى سائىتىنى كۈتۈش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تىلىمىزدا نېمە ئۈچۈن سەۋر بىلەن تاقەتنى بىر جۈپ سۆز قاتارىدا بىرگە ئىشلىتىلىدۇ؟ مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى تازا بىلمىدىم. بىراق مەن يەنىلا كۆنۈپ كەتكەن ئادىتىمىز بويىچە بۇ ئىككى سۆزنى بىر جۈپ سۆز قاتارىدا ئىشلەتمەكچى.

ئەگەر بىز سەۋر ـ تاقەت توغرىسىدا تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ توختالساق، ئۇ بىزنىڭ شەخسيي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا، بولۇپمۇ بىز بىرەر پېشكەللىككە، ئوڭايسىزلىققا ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، بالايى ـ ئاپەت، دەرت ـ ئەلەم ۋە قازاغا يولۇققاندا، بىزگە ئۆزلۈكسىز ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىشنى، چىداملىق بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. دىنىمىزدا سەۋر توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن ئىكەن، «ئەگەر ئاللاھ سېنى سەۋر قىلدۇرسا، سەن چوقۇم ئۈمىد قىلغاندىن ئارتۇق نەرسىگە ئېرىشىشكە تەييار بول". دېمەك سەۋر قىلغان ئادەم ئاللاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەيدۇ.




ئاللاھ ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ سەۋر ـ تاقىتىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا سىنايدۇ. چۈنكى ھەر ئىنساندا ئوخشىمىغان دەرىجىدە سەۋر ـ تاقەت ۋە ئېتىقاد بولىدۇ.

**ئاللاھ (نىڭ ياردىمى) سەبر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بىرگىدۇر. ـ قۇرئان**

دىنىمىزدا سەۋر ـ تاقەت توغرىسىدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن ئىكەن: «كىمدە

كىم قىينچىلىق ئەھۋالدا توغرا يولنى داۋاملاشتۇرسا، ئۇ قوشلاپ مۇكاپات ئالىدۇ.»

يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنىدەك سەۋر-تاقەت ئىمانىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەن، سەۋر-تاقەت قىلغان ئادەمنى ئاللاھ مۇكاپاتلايدىكەن؛ ئۇنداقتا بىز سەۋر-تاقەتنى قانداق چۈشىنىشىمىز كېرەك؟

نورمالدا بىز سۇغا چۈشۈپ كىرتىپ قۇتقۇزۇڭلار دەپ ۋاقىراۋاتقان، ياكى ئۆيگە ئوت كىرتىپ، ئۆيدىن چىقالماي نالە قىلىۋاتقان ۋە ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قىلىۋاتقان كىشىگە سەۋر-تاقەت قىل دىرمەيمىز. چۈنكى بىز سەۋر قىلىشنى پەقەتلا ساقلاش، بەرداشلىق بېرىش ۋە چىداش دەپ بىر تەرەپلىمە ھالدا خاتا چۈشىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە سەۋر-تاقەت دېگەنلىك ھەرگىزمۇ دۈچ كەلگەن قىيىنچىلىقتا، بالايى ئاپەتكە، دەرت ئەلەمگە، مەغلۇبىيەتكە، پېشكەللىككە، زوراۋانلىقتا، ناھەقچىلىككە ۋە ئادالەتسىزلىككە سۈكۈت قىلىش، كۆز يۇمۇش ۋە ياكى ھېچ ئىش قىلماي جىم ئولتۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس.

ھەممىمىز بىلگەنىدەك مىكرو سوفت شىركىتىنى بەرپا قىلغۇچى بىل گېيتس (**Bill Gates**)، ئامېرىكىدا، جۈملىدىن دۇنيادا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان مەشھۇر كارخانىچى، مىلىيادېر ۋە ساخاۋەتچى. ئۇ سەۋر-تاقەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن: "سەۋر-تاقەت، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى". بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا سەۋر-تاقەت قىلىش دېمەك، ئەقىل-پاراسەتنى ئىشلىتىپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۈزلۈكسىز تىرىشىش دېگەنلىك. پەقەت شۇنداق بولغاندا ئاندىن سەۋر-تاقەت قىلىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ. يەنى سەۋر-تاقەتنى مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئاچقۇچى قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت ھەرگىزمۇ ھېچ ئىش قىلماي جىم ئولتۇرۇپ، سۈكۈت قىلىشتىن كەلمەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ھەم ئالدىراقسانلىق قىلىشتىن ياكى ھېسسىياتقا تايىنىپ تەلۋىلىك قىلىشتىن كەلمەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت سالماقلىقتىن ئەقلنى ئىشلىتىپ ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن كېلىدۇ.

دېمەك سەۋر-تاقەت دېگىنىمىز، غەيرەت قىلماق، بەرداشلىق بەرمەك، چىداملىق بولماق، ۋاقتى سائىتىنى كۈتمەك، ئالدىراپ خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلانماق دېمەكتۇر. سەۋر-تاقەت دېمەك، ھەرگىزمۇ ھېچ ئىش قىلماي جىم ئولتۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇپ، نېمە قىلىشنى، قانداق قىلىشنى ياخشى چۈشىنىش ۋە ياخشى پىلان قىلىش دېمەكتۇر. سەۋر-تاقەت دېمەك يۈزلەنگەن مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەتراپلىق توغرا تەپەككۇر قىلىشقا ۋاقىت ئاجرىتىش دېمەك. سەۋر-تاقەت قىلىش دېمەك ھەرگىزمۇ دۈچ كەلگەن، پېشكەللىككە، بالايى ئاپەتكە، ئادالەتسىزلىككە، ناھەقچىلىققا سۈكۈت قىلىش، كۆز يۇمۇش دېمەك ئەمەس، ئەكسىچە دۈچ كەلگەن قىيىنچىلىق، بالايى ئاپەت، ئادالەتسىزلىك ۋە ناھەقچىلىق ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن غەيرەت قىلىش، چارە ئىزدەش، ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ھەرگىز ۋاز كەچمەسلىك دېمەكتۇر. ئەقىلنى ئىشقا سېلىپ كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغاندا ۋاقتى-سائىتىنى كۈتۈش ۋە ئۇنىڭغا پۇختا تەييارلىق قىلىش دېمەك.

**18**- ئەسىردە ياشىغان ئەنگلىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى سامىيۇل جونسون (**Samuel Johnson**) مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئەڭ گۈزەل ئەسەر كۈچ قۇۋۋەتتىن ئەمەس، بەلكى سەۋر-تاقەتتىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.» بۇ يەردىمۇ سەۋر-تاقەت قىلىش ئارقىلىش ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، سەۋر-تاقەت قىلىش، ئىنسانغا يالغۇز كۈچكە تايىنىپ ئەمەس بەلكى ئەقىل-پاراسەتكە تايىنىپ ئىش

قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانىنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا باشلاپ بارىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتكەن. بىزدىكى «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن سۆزمۇ دەل شۇ ئىنسانىنىڭ كۈچى بىلەن ئەمەس، بەلكى سەۋر-تاقەت ۋە ئەقىل-پاراسەت بىلەن باتۇر بولغىلى بولىدىغانلىقى بايان قىلغان.

تىبەتلارنىڭ داھىيسى دالاي لاما سەۋر-تاقەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «سەۋر-تاقەتنى ھەرگىزمۇ ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشەنمەسلىك كېرەك، ئەكسىچە ئۇ كۈچلۈكلۈكنىڭ ئىشارىتىدۇر.» ھەققەتەنمۇ باشقىلارغا يول قويۇش، ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ سالماق بولۇش، پۇختا تەييارلىق قىلىش، ياخشى پىلان قىلىش ۋە ھەر ئىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقتى سائىتىنى كۈتۈش ھەرگىزمۇ ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. ئەكسىچە ئالدىراپ تېنەپ تەنتەكلىك قىلىش، ئاچچىقىنى كونترول قىلالماسلىق، ئالدىراقسانلىق قىلىپ خاتالىق سادىر قىلىش ۋە مەغلۇبىيەتكە ئاسان تەن بېرىپ ھەممىدىن ۋاز كېچىش ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

4 ~ 5 - ئەسىردە ياشىغان خىرىستىئان پەيلاسوپ سېينت ئوگۇستىن (Saint Augustine) سەۋر-تاقەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «سەۋر-تاقەت — ئەقىل-پاراسەتنىڭ ھەمراھىي.» دېمەك ئەقىل-پاراسەتلىك ئادەم سەۋر-تاقەتلىك بولىدۇ. سەۋر-تاقەتلىك ئادەم بىر ئىش قىلغاندا ئالدىراقسانلىق قىلماي، ئەقىل-پاراستىنى ئىشلىتىپ، ھەر ئىشنى سالماقلىق بىلەن پىلانلىق ۋە پۇختا قىلىدۇ.

مەلۇم بىر مەشھۇر شەخس سەۋر-تاقەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن «غەزەپلەنگەن ھەر بىر مىنۇتتىكى سەۋر-تاقەتلىك بولغان ھەر بىر مىنۇت، ئىنسانىنى پۇشايمان قىلدۇرىدىغان مىڭلارچە مىنۇتتىن ساقلايدۇ.» دېمەك سەۋر-تاقەت ئادەمنى ئالدىراقسانلىق قىلىپ مەغلۇپ بولۇشتىن ۋە بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلىشتىن ساقلايدۇ.

2007 - يىلى 1- ئايدا مەن نامەلۇم بىر قىزدىن بىر پارچە ياردەم خىتى تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەت تورپاننىڭ بىر يېزىسىدا ساقايماس ئىرسى كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر قىزدىن كەلگەن ئىكەن. ئۇ خىتىدە ئۆزىنىڭ ۋە ئىككى سىڭلىسىنىڭ «دۈچەنى مۇسكۇل يىگىلەپ قېلىش» دەپ ئاتالغان داۋاسى يوق بىر ئىرسىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، بىراق ھاياتلا بولغان مۇددەتتە بۇ كېسەلنىڭ داۋاسىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى، ئۆزى پايدىسىنى كۆرەلمىسە ئىككى كىچىك سىڭلىسى ئۈچۈن بولسىمۇ توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇ كېسەلگە داۋا تاپىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئۇ قىز ماڭا خەت يازغان ۋاقتىدا 24 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇ قىزدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرى 10 - 9 ياشتا باشلانغان ئىكەن. ئۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، دوختۇرلارنىڭ ئۇ قىزنى 18 ياشلاردا ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ 20 ياشتىن ئاشمايدۇ، دېگىنىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ قىزنى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرمىغان ئىكەن. ئۇ قىز كېيىن تاسادىپيي پۇرسەتتە ئۆزىنىڭ كېسەللىك دىئاگنوز قەغىزىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۆزى گىرىپتار بولغان كېسەللىكنىڭ يۇقىرىقىدەك ساقايماس كېسەللىك ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ئۇ قىز ئۆزى ۋە ئىككى سىڭلىسى گىرىپتار بولغان بۇ كېسەلگە داۋا تېپىش ئۈچۈن، ئۆزلىكىدىن ئىنگلىزتىلى ئۆگىنىپتۇ. ئامېرىكا، فرانسىيە ۋە گېرمانىيەلەردىكى بۇ كېسەلنى تەتقىق قىلىدىغان دوختۇرلارنىڭ بۇ كېسەل توغرىسىدا يازغان بەزى ماتېرىياللارنى كۆرۈپتۇ. ياۋروپادىن سورۇشتە قىلىپ يۈرۈپ، بۇ كېسەلنىڭ ئېغىرلىششىنى ئاستىلىتىش ئۈچۈن پايدىسى بار دەپ قارالغان بەزى دورىلارنى زاكاس قىلىپ ئەكېلىپ

ئىشلىتىپتۇ. باشقىلاردىن سوراشتۇرۇپ، مېنىڭ خەت ئادرېسىمنى تېپىپ، ماڭا خەت يېزىپتۇ. مەن ئۇ قىزنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنداق بىر كېسەل بار ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن، ياكى بۇرۇن بەلكىم ئوقۇغان بولسامۇ، بىراق ئۇنتۇلۇپ قالغان ئىكەنمەن. مەن ئۇ قىزنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن بۇ كېسەل توغرىسىدا بەزى ئىزدىنىش ئېلىپ باردىم.

«دۇچەنى مۇسكۇل يىگىلەپ قېلىش» دېگەن كېسەل ئاز ئۇچرايدىغان بىر تۇرلۇك ئىرسىي كېسەل بولۇپ، ئۇ كېسەلنى ئەڭ دەسلەپتە فىرانسىيەلىك دوختۇر دۇچەنى 1861 - يىلى بايقىغان ئىكەن. كېيىن بۇ كېسەلگە شۇ دوختۇرنىڭ نامى بىلەن تۆۋەندىكىدەك نام بەرگەن.

杜兴氏肌肉营养不良症 **Duchenne Muscular Dystrophy**

بۇ كېسەل ئادەتتە ئانىدىن ئوغۇلغا مىراس قالىدىغان ئىرسىي كېسەل بولۇپ، نورمالدا پەقەت ئوغۇل بالىدا كۆرۈلىدىكەن، قىزلار پەقەت بۇ كېسەلنى كېيىنكى ئەۋلادىغا قالدۇرۇش رولىنى ئوينايدىكەن. بۇ كېسەل بولغان بالىلارنىڭ مۇسكۇللىرى يىگىدەپ، پالەچ بولۇپ قالىدىكەن ۋە ئاخىرىدا كېسەل نەپەس ئېلىشقا ياردەم بېرىدىغان مۇسكۇللارغا تەسىر كۆرسىتىپ، بىمارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. ئامېرىكىنىڭ ئۆزىدە بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان كۆپىنچە بىمار 25 ياشلار ئەتراپىدا ئۆلۈپ كېتىدىكەن.

ئۇ قىز 2013 - يىلى ماڭا يەنە خەت يازغان ۋە خېتىدە ئۆزىنىڭ ئۆزى ۋە ئىككى سىڭلىسى گىرىپتار بولغان ئۇ كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن ئۇزلۇكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى، بىراق ئۆزى ۋە ئىككى سىڭلىسى ئۈچۈن ئۈمىدىنى ھەرگىز يوقاتمىغانلىقىنى، ھەم توي قىلىپ ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. كېيىن ئاڭلىسام ئۇ قىز كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى ئۈزمەي، ھەم كېسىلىنىڭ ئېغىرلاشقىنىغا  قارىماي، تىرىشىپ ئۆگىنىپ مىسىرغا ئوقۇشقا بارغان ئىكەن.

مانا بۇ سەۋر - تاقەتنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىدۇر. مەن تۆۋەندە سەۋر - تاقەت ئۈچۈن يەنى بىر ئەمەلىي مىسال كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

1998 - يىلى ئامېرىكىلىق بىر جۈپ ئەر ئايال ئۆزلىرىنىڭ 15 ئايلىق ۋە 7 كۈنلۈك بولغان ئىككى بالىسىنىڭ ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل ئىرسىي كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، بۇ كېسەلنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۈنۈملۈك داۋاسىنىڭ يوقلۇقىنى ۋە بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان بالىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىر يىل ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولغان.

ئۇ كېسەل پومپە كېسىلى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، 1932 - يىلى گوللاندىيەلىك دوختۇر پومپە بايقىغان ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى:

**酸性麦芽糖酵素缺乏症 Glycogen storage disease type II**

بۇ كېسەل 17 - نومۇرلۇق خىرموسومادىن چاتاق چىققانلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تۇغما كېسەل بولۇپ، جىگەردىكى شېكەرنى پارچىلايدىغان بىر خىل ئەنزىم كەم بولۇش سەۋەبىدىن، شېكەرنى پارچىلاش ۋە مۇسكۇللار تەرىپىدىن ئېنېرگىيە ئۈچۈن ئىشلىتىش توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ۋە نەتىجىدە مۇسكۇللار يېتەرلىك

ئېنىرگىيەگە ئېرىشەلمەيدۇ، مۇسكۇللاردا ئاجىزلىشىش ۋە پالەچ بولۇش كېلىپ چىقىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا بەدەندىكى نەپەس يولى، يۈرەك مۇسكۇلى قاتارلىق ھەر خىل مۇسكۇللار تەسىرگە ئۇچراپ، بىمار ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

بۇ بىر جۈپ ئەر ئايال ئۆزىنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ بۇ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قەتئىي سەۋرلىك بولۇپ، بالىسىنىڭ كېسىلىگە داۋا تېپىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن بۇ كېسەلنى تەتقىق قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەرنى ئىزدەيدۇ، بىراق ئۇلاردىن ئېرىشكەن جاۋاب گەرچە بۇ ئاتا-ئانىغا بەك كۆپ ئۈمىد بەرمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ھەرگىز ۋاز كەچمەي، بىر تەرەپتىن ئامېرىكىدىكى شۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنى تېزىملاشقا باشلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ كېسەلنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭغا داۋا تېپىش ئۈچۈن كېرەكلىك ئىقتىسات توپلاشقا كىرىشىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار بۇ كېسەلگە داۋا تېپىش ئۈچۈن 100 مىليون دوللار ئىئانە توپلايدۇ.

ئامېرىكىدىكى ديۇك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە بۇ كېسەلنى داۋالاشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرلەشلەر دۇنياغا كېلىدۇ ۋە 2006 - يىلى بۇ كېسەلنى داۋالايدىغان دورا مايوزايىم (Myozyme) ئامېرىكا يېمەكلىك ۋە دورا ئىدارىسىنىڭ رەسمىي تەستىقىدىن ئۆتۈپ، بازارغا كىرىدۇ.




شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن دۇنيادا ھەر يىلى بۇ كېسەل بىلەن تۇغۇلغان 1000 دىن ئارتۇق بالىلارغا دەسلەپكى قەدەمدە داۋا تېپىلىدۇ.

بۇ ۋەقەلىك 2016 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «شىپالىق» دېگەن نام بىلەن كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنىدۇ ۋە ئامېرىكىدا ئەڭ ياخشى سېتىلغان كىتابقا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەقەلىك 2009 - يىلى كىنو قىلىپ ئىشلىنىپ، 2010 - يىلى 1- ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن باشلاپ كىنوخانىلاردا رەسمىي قويۇلىدۇ.




بۇلار مېنىڭ چۈشەنچەمدىكى "سەۋر-تاقەت" نىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىدۇر.

**يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا سەۋر-تاقەت** ئىنسانلارنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشنىڭ كاپالىتىدۇر. **سەۋر-تاقەت** دېمەك سەۋەب قىلماق، ئەسلا ۋاز كەچمەسلىك، ئۆز ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشماق، ئىزدەنمەك، چىدامىلىق بولماق، توغرا يولدا مېڭىشنى قەتئىي داۋام قىلماق دېمەكتۇر.

**شۈكۈر قىلىش**

شۈكۈر قىلىش دېگىنىمىز ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان بارلىق ئىلتىپاتى ۋە نېئمىتى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىش ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش دېگەن مەنادىكى سۆز بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىدۇر.

قۇرئاندا مۇنداق بار:




**«ئەگەر سىلەر شۈكۈر قىلساڭلار، سىلەرگە تېخىمۇ كۆپ بېرىمەن.»**

شۈكۈر تۆۋەندىكى ئۈچ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچىسى بىلىش. بىلىش شۈكۈرنىڭ ئاساسىدۇر. بىز چوقۇم بىزگە نېئمەت، خەيرلىك ئاتا قىلغۇچىنىڭ پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچىسى تونۇپ يېتىش ۋە ئېتىراپ قىلىش. يەنى بىزگە كەلگەن نېئمەت، خەيرنىڭ ھەممىسىنىڭ پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھدىن كەلگەنلىگىنى تونۇپ يېتىشىمىز ۋە ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچىسى ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەت ۋە قىلمىش. ئاللاھقا بولغان مىننەتدارلىقنى يالغۇز ئېغىزدا، سۆزدە ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەش؛ ھەرزامان ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە مىننەتدارلىق بىلەن ئىش قىلىش؛ ھەرزامان ئاللاھنىڭ بۇيرىغىنىنى قىلىش، ئاللاھنى سۆيۈش ۋە ئاللاھنى مەدھىيلەش.

دىنىمىزدا شۈكۈر قىلىشقا يۇقىرىقىدەك تەرىپلەر بېرىلگەن ئىكەن، ئۇنداقتا باشقا دىنىدىكىلەر ۋە بەزى داڭلىق شەخسلەر شۈكۈر قىلىشقا قانداق تەرىپلەرنى بەرگەن؟

ئامېرىكىنىڭ 35 ـ قېتىملىق سابىق پرېزىدېنتى جون كەنىدى **(John F Kennedy)** شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن «بىز شۈكۈر قىلغىنىمىزدا، شۈكۈر قىلىشنىڭ ئەڭ كاتتىسىنىڭ سۆزدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن ياشاشتا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.» بۇ يەردە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندە يالغۇز سۆزدە ئەمەس، بەلكى بىر ئۆمۈر ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن تەبىئەتنىڭ، يەنى ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان نېمىتى ئۈچۈن تەشەككۈر بىلدۈرىشىمىزنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلەنگەن.

ئامېرىكىلىق تونۇلغان يازغۇچى ۋە نۇتۇق سۆزلىگۈچى تونى گەسكىنس **(Tony Gaskins)** شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «شۈكۈر قىلىش دېمەك سەن ھازىرقىدىن ئارتۇقنى ئۈمىد قىلمايسەن دېگەنلىك ئەمەس، ئۇ سەن ئىگە بولغان شەيئىي ئۈچۈن مىننەتدار بولۇش بىلەن بىرگە تېخىمۇ كۆپ شەيئىيگە ئېرىشىش ئۈچۈن سەۋر ـ تاقەت قىلىسەن دېگەنلىك"

مەلۇم بىر شەخس شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «شۈكۈر بىزنىڭ ئېنېرگىيەرىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئۈمىد قىلغان تېخىمۇ كۆپ شەيئىيلەرنى ھاياتىمىزغا ئېلىپ كېلىشىمىزدە كۈچلۈك رول ئوينايدۇ.» دېمەك شۈكۈر قىلىش ئادەمگە توغرا ۋە ئاكتىپ ئېنېرگىيە بىغىشلايدۇ. كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە يېتىش ئۈچۈن كۈچ قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ.

يەنە بىر شەخس شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن «بەخت بىزنى شۈكۈر قىلدۇرمايدۇ، ئەكسىچە شۈكۈر بىزنى بەختلىك قىلىدۇ.» ھەقىقەتەنمۇ شۈكۈر قىلىش ئىنسانغا بەخت تۇيغۇسى بىغىشلايدۇ، ئىنسانىنىڭ روھىي ھالىتىنى تەڭشەيئىيدۇ. نۇرغۇنلىغان پىسخىكىلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىشتىن ساقلايدۇ. شۈكۈر قىلىشنى بىلمىگەن ئىنسان نائىنساپ ۋە ئاچ كۆز كېلىدۇ، نەتىجىدە ئۇنداق كىشىلەر مەڭگۈ ھەقىقىي بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

ئامېرىكىلىق مەشھۇر قارا تەنلىك ئايال ئوپراخ ۋىنفرەي **(Oprah Winfrey)** شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن «ئىگە بولغانغا شۈكۈر قىل، ئاندىن سەن تېخىمۇ كۆپ نەرسىگە ئېرىشىسەن؛ ئەگەر سەن نائىنساپلىق قىلساڭ، مەڭگۈ قانائەت قىلمايسەن.» دېمەك، شۈكۈر قىلىش دېگەنلىك ھازىرقىدىن ئارتۇقىغا ئىگە بولما دېگەنلىك ئەمەس. ئىنسان شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق نائىنساپلىق ۋە ئاچ كۆزلۈكتىن ساقلىنالايدۇ. ئىنسان

شۈكۈر قىلغانـدا باشقىلارنـىڭ نېسۋىسىگە كۆز تىكمەيدۇ، باشقىلارنـىڭ ھەققىنى يېمەيدۇ ۋە رىقابەتتە ئادىل بولىدۇ.

ئامېرىكىلىق يازغۇچى مېلودى بىتتىي (Melody Beattie) شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن «شۈكۈر بىزگە ئۆتمۈشىمىزنى ئەسلىتىدۇ، بۈگۈنىمىزگە راھەتلىك ئېلىپ كېلىدۇ، ئەتىمىزگە گۈزەل تەسەۋۋۇر بەرپا قىلىدۇ.» دېمەك شۈكۈر قىلىش بىزگە ئۆزىمىزنى تېخىمۇ ياخشى تونىتىدۇ، نەدىن كەلگەنلىكىمىزنى ۋە نەگە بارىدىغانلىقىمىزنى ھەرزامان خاتىرلىتىدۇ.

قەدىمقى رىملىق سىياسەتچى سىسرو (Cicero) شۈكۈر قىلىش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن «شۈكۈر ئەڭ گۈزەل ئەخلاق بولۇپ قالماستىن، ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ئاتىسىدۇر.» دېمەك ئىنسان شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارغا يول ئاچالايدۇ.

شۈكۈر قىلىش دېمەك، كائىناتنى ۋە بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادىكى ھەر شەيئىينى، ئاللاھنىڭ بىزنىڭ ئورتاق پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى تونۇپ يېتىش دېمەك. شۈكۈر قىلىش دېمەك ئاللاھنىڭ بىزنىڭ ئورتاق پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان ھەر شەيئىيسى، بىزگە بەرگەن ساغلام تەن ۋە ئەقىل پاراستى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش دېمەك؛ شۈكۈر قىلىش دېمەك ئاللاھنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ھەر شەيئىيسى ئۈچۈن يالغۇز ئېغىزدا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن تەشەككۈر ئېيتىشىمىز ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرىشىمىز كېرەك دېمەك.

شۈكۈر قىلىش دېمەك ھەرگىزمۇ ھازىرقى ھالىمىزغا قانائەت قىلىپ، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش دېگەنلىك ئەمەس؛ شۈكۈر قىلىش دېمەك، ھەرگىزمۇ ھازىر ئىگە بولغان شەيئىيدىن ئارتۇقىغا ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىسىغا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلماسلىق، ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشماسلىق ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش دېگەنلىك ئەمەس. شۈكۈر قىلىش دېمەك، ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نېسۋىمىزنى باشقىلار تارتىۋالغاندا، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ جىم ئولتۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس.

بىز ئادەتتە بىر پۇتى سۇنۇپ كەتكەن ياكى بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر ئادەمنى كۆرگىنىمىزدە، ئاللاھنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئىككىلا پۇتىمىزنى ساق سالامەت قىلغىنىغا شۈكۈرلەر ئېيتىمىز. بىر پۇتى يوق ئادەم، گەرچە ئىككى پۇتى ساق ئادەملەرنى كۆرگەندە كۆڭلى يېرىم بولسىمۇ، بىراق ئىككى پۇتى، ئىككى قولى يوق ئادەمنى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ كەم دېگەندە بىر پۇتى ۋە ئىككى قولىنىڭ ساق بولغانلىقىغا شۈكۈر قىلىشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى شۈكۈر ھەرگىزمۇ يالغۇز ئىككى پۇتىمىزنىڭ ياكى ئىككى قولىمىزنىڭ ساق بولۇشىنىڭ ئاللانىڭ بىزگە قىلغان نېئمىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىككى پۇتىمىزنىڭ ساق بولۇشىغا يارىشا، ئىككى پۇتى ساق بولمىغانلار قىلالمىغان ئىش ھەرىكەتكەتلەرنى قىلىشىمىز ۋە ئاللاغا ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇ بىزنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئاللاغا مىننەتدارلىق بىلدۈرشىمىزدۇر.

بىز ماشىنا ھەيدەپ يولدا كېتىۋېتىپ، كونا ۋېلسىپىتكە مىنىپ كېتىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆرگەندە، بىزدە بىر خىل قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ، نەتىجىدە بىز ئۆزىمىزنىڭ ئېرىشكەنلىرىگە شۈكۈر قىلىمىز. ئەگەر بىر كۈنى بىر تونۇشىمىزنىڭ شەخسيي ئايروپىلانى بىلەن ساياھەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە ۋە ياكى

ئاڭلىغىنىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىدىن پەيدا بولغان قانائەت تۇيغۇسى مەلۇم دەرىجىدە سۇسلىشىپ ياكى تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ نورمالدا باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ۋە سېلىشتۇرماسلىق مەسىلىسى بولماستىن، ئەكسىچە ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەبئىي ئىنكاسىدۇر. چۈنكى ئاللاھ بىز بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ شۈكۈر قانائەت قىلىش نۇقتىسىنى ئايرىم-ئايرىم، پەرقلىق قىلىپ ياراتمىغان. چۈنكى ئاللاھ كائىناتنى ۋە بۇ دۇنيادىكى ھەر شەيئىينى ھەممىمىزنىڭ ئورتاق پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقان؛ ئاللاھ ھېچ بىر شەيئىينى بىر قىسىم كىشىلەرگە كۆپ نېسىپ قىلغان، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە ئاز نېسىپ قىلغان ئەمەس. بۇ دۇنيادىكى ھەر شەيئىينى بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان ئاللاھ، بىزگە ساغلام تەن ۋە ئەقىل-پاراسەتنى ئاتا قىلغان ئاللاھ، كائىناتتىن پايدىلىنىش ۋە بەھرىمان بولۇش پۇرسىتىنى ھەممە ئادەمگە باراۋەر ئاتا قىلغان. ئەگەر باشقىلار تىرىشىپ تىرمىشىپ ئۆزىگە ۋە ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشقان بولسا، بىزنىڭمۇ شۇنداق قىلىش ھەققىمىز، ھوقۇقىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز بار. بۇ بىزنىڭ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن ھەر شەيئىيسى ئۈچۈن قىلغان ئەڭ ئەمەلىي تەشەككۈرىمىز ۋە شۈكۈرىمىزدۇر.

ساخاۋەت قىلىش ۋە ئىنسانلارنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن مال دۇنياسىنى ئىئانە قىلىش، شۈكۈر قىلىشنىڭ ئەڭ ئەمەلىي ۋە ئەڭ ياخشى ئىپادىلىرىدىن بىرى بولسا كېرەك. چۈنكى ساخاۋەتلىك قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ مال دۇنياسىنى ئىئانە قىلغان ئادەم ئۆزلۈكسىز تىرىشىپ، جاپالىق ئىشلىگەن، بايلىق ياراتقان، بىراق بايلىقنى دوست تۇتمىغان ئادەمدۇر.

مىكرو سوفت شىركىتىنى بەرپا قىلغۇچى بىل گەيتىس ۋە ئۇنىڭ ئايالى پەن-تېخنىكا ۋە ھەر خىل ساخاۋەتلىك ئىشلار ئۈچۈن **50** مىليارت دوللار ئىئانە قىلغان ئىكەن. سەئۇدى ئەرەبىستانلىق بانكىچى سۇلايمان بىن ئابدۇل ئەزىز ئەل راجىئى ھەر خىل ساخاۋەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن **5.7** مىليارد دوللار ئىئانە قىلغان ئىكەن. نيۇيورۇك شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى شەھەر باشلىقى مايكىل بۇلۇمبىرگ ھازىرغا قەدەر ھەر خىل ساخاۋەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئۈچ مىليارت دوللار ئىئانە قىلغان ئىكەن. تور ئارقىلىق مال ساتىدىغان ئى بەي شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئى بەي شىركىتىنىڭ ھازىرقى باشلىقى، پارىژتا تۇغۇلغان ۋە ھازىر ئامېرىكىدا ياشايدىغان ئىرانلىق ئومىديار ئەپەندىم ھەر خىل ساخاۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن بىر مىليارت دوللار ئىئانە قىلىدىكەن.

بىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، تىرىشچان، جاپا-مۇشەققەتلىك ئىشلەپ، ئىگىلىك تىكلەپ، بايلىق ياراتقان ۋە بايلىقلىرىنى مىللەتنىڭ مىللىي مائارىپىنى گۈللەندۈرۈشكە، يېتىم-يېسىرلارغا يار-يۆلەك بولۇشقا سەرپ قىلغان نۇرغۇن ساخاۋەتچىلىرىمىز ئۆتكەن. ئۇلار ئاللاھ بەرگەن ئەقىل-پاراسەتنى ئىشقا سېلىپ، تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىگىلىك يارىتىپ تاپقان مال دۇنياسىنى ئاللاھقا بولغان تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان نۇرغۇن ئالىملىرىمىز، ئەدىبلىرىمىز، تارىخچىلىرىمىز ۋە ئوقۇتقۇچى ئۇستازلىرىمىز ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق بىلىم ئىگىلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاللاھقا مىننەتدارلىق بىلدۈرىشىدۇر. مېنىڭ قارىشىمچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاللاغا شۈكۈر قىلغۇچىلاردۇر.

**يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا شۈكۈر قىلىش** دېمەك ئۆزىمىز ئىگە بولغان ھەر شەيئىنىڭ ئاللاھنىڭ نېمىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش دېمەك.

# خەلقىمىز نېمىگە ئېھتىياجلىق؟

خەلقىمىز نېمىگە ئېھتىياجلىق؟ خەلقىمىز ئەلۋەتتە مۇستەملىكە ھاياتتىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل بولۇشقا ئېھتىياجلىق. بۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆزۈندىن بۇيانقى غايىسى ۋە مەقستى، بۇ تالاش-تارتىش تەلەپ قىلمايدىغان بىر ھەقىقەت. بىراق، بۇ مەن بۇگۈن سۆزلىمەكچى بولغان ئاساسى نۇقتا ئەمەس. مېنىڭ كەسپىم سىياسەت ئەمەس، مەن پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلگۈچى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلغۇچى بىر تىببىي خادىم. شۇ سەۋەبتىن مەن تۆۋەندە ھازىر خەلقىمىز يۈزلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە روھىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، خەلقىمىز ھازىر جىددىيلىشىشىي ئېھتىياجلىق بولغان بەزى كونكېرت مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ يازمامنى سوغوق قانلىق بىلەن ئوقۇپ ئوبدان بىر ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھەممىمىز بىلگەندەك بىزنىڭ مۇستەملىكە ھاياتىمىزغا 1949 - يىلدىن ھېسابلىساق 69 يىل، 1884 - يىلدىن ھېسابلىساق 134 يىل بولدى. خەلقىمىز مۇستەقىللىق داۋاسى قىلىۋاتقىلىمۇ 1949 - يىلدىن ھېسابلىساق 69 يىل، 1884 - يىلدىن ھېسابلىساق 134 يىل بولدى. بۇ جەرياندا گەرچە ئەجداتلىرىمىز قىسقىسقا مۇددەتلىك ئىككى جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ چىققان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئىككى ياش جۇمھۇرىيەت ئۆزىمىزدىكى بەزى يېتەرسىزلىك ۋە ئەينى ۋاقىتتا دۇنيانى بۆلۈشىۋاتقان بەزى كۈچلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ، باشقىلارغا يەم قىلىندى.

خەلقىمىز ئۇزۇن يىللىق بۇ مۇستەملىكىلىك ھايات جەريانىدا ھەر خىل زۇلۇملارنى يەتكۈچە تارتقان بولسىمۇ، بىراق يېقىنقى بىر ئىككى يىل ئىچىدە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەندە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قاتتىق سىياسەتلىرى تۈپەيلىدىن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق قېرىنداشلار روھىي جەھەتتە تېخىمۇ ئېغىر كۈلپەتلەرگە دۇچ كەلمەكتە.

خەلقىمىز بۇرۇن دۇچ كەلگەن زۇلۇملار جىسمانىي زۇلۇمنى ئاساس قىلغان بولسا، بۇگۈنكى كۈندە خەلقىمىز بولۇپمۇ ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقانلار روھىي جەھەتتە ئېغىر زۇلۇملارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. جىسمانىي زۇلۇم ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان فىزىكىلىق يارا ئۇزۇنغا قالماي ساقىيىپ كېتىشى مۇمكىن، بىراق مەيلى جىسمانىي زۇلۇم ۋە ياكى روھىي زۇلۇم سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پسىخىكىلىق ياكى روھىي زەخمە ناھايىتى ئۇزۇن زامانغىچە ئەسلىگە كەلمەيدۇ، ئۇ ھەتتا بىۋاستە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا كېيىنكى بىر ياكى بىر نەچچە ئەۋلادلارغىچە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

2018 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋەتەنىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا 8 ـ مارت ئاياللار بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئەرلەر ئوپچە ھالدا ئاياللىرىنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويۇش پائالىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ پائالىيەت بەلكىم نۇرغۇن دوستلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغان بولۇشى مۇمكىن. ھەقىقەتەنمۇ بۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان باشقا قاتتىق زۇلۇملار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك چوڭ بىر ئىش ھېسابلانمىسىمۇ، بىراق بىز ئۇنىڭ روھىي جەھەتتە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەسىرىنى ئوبدان ئانالىز قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ غورۇر ۋە ئىپتىخارىنى يوق قىلىشتا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئۇنچە تەس ئەمەس. ئەرلەرنىڭ ئاياللىنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويۇشى، كۆرۈنۈشتە چوڭايتىۋەتكۈدەك ئىش ئەمەس، ھەم خىتاي ھازىر تەشەببۇس قىلىۋاتقان جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش بىلەنمۇ ئالاھىدە بىر باغلىنىشى يوق بىر ئىش. ئۇنداقتا خىتاي ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك، بۇنداق بىر پائالىيەتنى ئويۇشتۇرىدۇ؟ مېنىڭچە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تۆۋەندىكى ئەرلەرنىڭ ئەرلىك غورۇر، ئىپتىخارىنى ۋە ئۇنىڭ ئەجەللىك يەرلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇنى پىلانلىغانلار ئەگەر بىر ئىنساننىڭ بولۇپمۇ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئەرنىڭ غورۇر ئىپتىخارى يەر بىلەن يەكسان بولسا، ئۇلارنىڭ قانداق بىر ئىنسانغا ئايلىنىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. بەزىلەر بەلكىم بىر ئەر ئايالىنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويغانغا ئۇنىڭ غورۇر ئىپتىخارى يەر بىلەن يەكسان بولامدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. بىر ئىنساننىڭ غورۇرىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇشى ئۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولماستىن، بەلكى شۇ ئىنساننىڭ ئۇ ئىشقا بولغان قارىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىزنىڭ قانداق قارىشىمىزدىن قەتئىينەزەر نۇرغۇن ئۇيغۇر ئەركەكلەر جامائەت ئالدىدا ئوچۇق ئاشكارا پۇت قولى ساق ئايالىنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويۇشنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ پائالىيەتتىن كېيىن، بىر قىسىم ئەرلەر ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئاچچىغىنى ئايالدىن چىقىرىپ ئايالنى ئۇرۇشى مۇمكىن، نەتىجىدە ئۇ ئەرلەر ئەدىيەسىدە مەسىلە بار دەپ قارىلىپ جازاغا تارتىلىشى مۇمكىن. قالغان ئەرلەر بولسا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ يۈزىگە قارىيالماس بولۇپ كەتتىم دەپ ھېسابلاپ، روھىي جەھەتتە ئۆزىنى قاتتىق بوغۇشى ۋە جازالىشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا خەلقىمىزگە مەجبۇرىي چوشقا گۆشى يېگۈزۈش ۋە قىزلارنى خىتايلار بىلەن مەجبۇرىي توي قىلدۇرۇش قاتارلىق بەزى سىياسەتلەرنىڭ بىز تەكىتلەۋاتقان ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى ۋەيران قىلىش ۋە ئۇيغۇرلارنى ئاسسىملاتسىيە قىلىش قاتارلىق زىيانلىرىدىن باشقا، خەلقىمىزنىڭ پسخولوگىيەسىگىمۇ ئېغىر تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ.

ھەممىمىز بىلگەندەك، ئىسلام دىنىمىزدا ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، چوشقا گۆشى يېيىش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ھارام دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلار بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش قاتارلىق بەزى ھاراملارنى ئوخشىمىغان دائىردە ۋە ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوبۇل قىلغان، بىراق چوشقا گۆشىنى يېيىشنى ئەزەلدىن قوبۇل قىلمىغان. ئەگەر ئۇيغۇرلار مەجبۇرىي چوشقا گۆشى يېگەندە، كۆپىنچە كىشىلەر ئۆز ئۆزىنى ھەرگىز ئەپۇ قىلالمايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنى گۇناھكار ھېسابلايدۇ ۋە دوزاققا كىرىمەن دەپ ئويلايدۇ. نەتىجىدە ئۇلار روھىي جەھەتتە قاتتىق زەخمىگە ئۇچرايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پسىخىكىسىدا ئېغىر مەسىلىلەر كېلىپ چىدۇ. ئەلۋەتتە بىر قىسىم كىشىلەر مەجبۇرىي چوشقا گۆشى يېگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىدە ئالاھىدە بىر بىنورماللىق بولمىغاننى كۆرۈپ، بەلكىم ئۇنىڭغا بارا ـ بارا كۆنۈشى مۇمكىن، ئاخىرىدا چوشقا گۆشى يېيىشكە ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلار بىلەن چوشقا گۆشىنى ھەرگىز

قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۆز-ئارا ئايرىلىش، ئۆز-ئارا چەتكە قېقىش پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت چوشقا گۆشى يېيىشكە ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلارنى دەستەكلەپ، ئۇلارنى چەتكە قاققان ئۇيغۇرلارنى باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلغان ۋە ياكى باشقىلارنىڭ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلمىغان دېگەن جىنايەتلەر بىلەن جازالىشى مۇمكىن. بۇ خىتاي ھۆكۈمىتى يۈرگۈزۈۋاتقان «ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش» تاكتىكىسى ۋە «پسىخولوگىيىلىك ئۇرۇش»نىڭ بىر قىسمى.

ئۇيغۇر قىزلارنى خىتاي ئەرلەر بىلەن مەجبۇرىي توي قىلدۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى تېزلىتىشتىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسىدا ئېغىر ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. خىتايدا ئەرلەرنىڭ نوپۇسى ئاياللارنىڭ نوپۇسىدىن 33.5 مىليون ئارتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاينىڭ ئىقتىسادىينىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بىر قىسىم كىشىلەر ئالاھىدە باي بولغان. بۇ باي بولغانلار ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئەرلەر بىردىن ئارتۇق ھەتتا 8، 10 قىزلارنى كونترول قىلىۋالغان. بۇ ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردە ئاجىز ۋە ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقى بولمىغان نۇرغۇنلىغان خىتاي ئەرلەرنىڭ ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرغان. بۇ ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى يالغۇز ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاجىز بولۇپ قالماستىن، جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىمۇ تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان ئەرلەر بولۇپ، خىتايلار پۈتۈن بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە ئاجىز ئورۇندا قالغان بۇ ئىنسانلارنىڭ سورتىنى ئۆزگەرتىشكە ئېھتىياجلىق. شۇ سەۋەبتىن خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان مەجبۇرىي توي قىلىش، ياكى توي قىلغانلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە ئېتىبار قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا ئۈندەش ۋە ياكى مەجبۇرىي قىلىش، بىر تەرەپتىن توي قىلىش تەس بولغان ئۇ خىتاي ئەرلەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېخىمۇ كۆپ خىتايلارنىڭ ۋەتەنگە كېلىپ يەرلىشىشكە تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن، ئەڭ مۇھىمى مەن يۇقۇردا دەپ ئۆتكەندەك ئۇ ئاجىز ئورۇندا قالغان خىتايلارنىڭ سورتىنى ئۆزگەرتىشتە مۇھىم رول ئوينىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارغا بولسا، يالغۇز توي قىلغان ئۇ قىزغا ئەمەس، بەلكى ئۇ قىزنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇلاردا روھىي زەخمە پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئۇ قىز توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇ توينىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاي ئەرلەر بىلەن مەجبۇرىي توي قىلغان ئۇ قىزلار ئۇيغۇر جامائەتىدىن ئايرىلىپ قىلىشى مۇمكىن. ئۇنداق قىزلار كېيىن ئاجىرىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى كۆز قارىشىدا ئۇ قىزلارنى بىرەر ئۇيغۇر يىگىتلەر ئۆز ئەمرىگە قايتا ئېلىشى ناتايىن. بۇ خىل توي مەجبۇرىي قىلىنغان بىر توي بولغىنى، ئۆزى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغىنى ئۈچۈن، مەيلى توي قىلغۇچى قىز بولسۇن ۋە ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولسۇن، پسىخىكا جەھەتتىن تەسىرگە ئۇچراپ، ئۇلاردا ئېغىر دەرىجىدە روھىي زەخمە پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

خىتايلاردا «توخۇنى ئۆلتۈرۈپ مايمۇنغا كۆرسىتىش» دەيدىغان بىر ماقال تەمسىل بار. بۇ يەردە دېيىلگىنى دەل شۇ "پسىخىكىلىق ئۇرۇش" تېخنىكىسى بولۇپ، جازالانغىنى يەنى ئۆلگۈنى گەرچە توخا بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھىي تەسىرى توخىنىڭ قانداق ئۆلگىنىنى كۆرگەن مايمۇنغا ناھايىتى چوڭ بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان. پسىخىكا ئىلمى بىلەن تونۇش بولغانلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، روھىي زەخمە دېگەن جىسمانىي زەخمىدىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ، ئۇ يالغۇز ئۆز تېنىنىڭ زەخمىگە ئۇچرىشىدىنلا ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ زەخمىگە ئۇچرىشىنى، يەنى باشقىلارنىڭ ھەر خىل قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى، تەن

جازاسغا ئۇچۇرىشنى ۋاسىتىلىك ۋە بىۋاستە كۆرۈش ئارقىلىقمۇ پەيدا بولىدۇ. يۇقىرىدىكى تەمسىلدە دىيىلگەندە توخۇنى ئۆلتۈرۈپ مايمۇننى ئاگاھلاندۇرغىلى بولغان يەردە، ئۇ مايمۇننىڭ قېرىنداشلىرى بولغان باشقا مايمۇننى ئۆلتۈرگەندە، ئۇ مايمۇننىڭ روھىي تېخىمۇ ئېغىر زەخمىگە ئۇچۇرىشى مۇمكىن. بىراق ئۇنىڭ مەلۇم خەتىرى بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئۆز قېرىندىشىنىڭ جازالىنىۋاتقىنىنى كۆرگەن مايمۇن، بەزىدە ئاگاھلىنىپ جىمىش ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە ئىسيان كۆتۈرۈشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن مايمۇننى بىخەتەر ئاگاھلاندۇرۇش ئۇچۇن، بىرى مايمۇن بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان توخىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق مايمۇننى ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك، ياكى بولمىسا ئالدى بىلەن "مايمۇنلار" نى "مىنى چاقمىغان يىلان مىڭ يىل ياشسۇن" دېگەن ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ، ئاندىن مايمۇننى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق باشقا مايمۇنلارنى ئاگاھلاندۇرۇش كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندا يالغۇز مايمۇنلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ساقلانغىلى بولۇپ قالماستىن بەلكى مايمۇنلارنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئاگاھلاندۇرغىلى بولىدۇ. ھازىر خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى ئورتاق ئىشلىتىۋاتقان بولسا، باشقىلارغا ۋە ياكى ئۆز خەلقىگە نىسبەتەن پەقەتلا "توخا (بىز) نى ئۆلتۈرۈپ مايمۇن (باشقىلار) غا كۆرسىتىش" سىياستىنى قوللىنىۋاتىدۇ، ۋە بىر چالمىدا ئىككى پاختەك چوقاۋاتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قاتتىق سىياستىگە نىسبەتەن ۋەتەندىكى خەلقىمىز ھەقىقەتەن بەك چارىسىز قىلىۋاتىدۇ. ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە، گەرچە بىر قىسىم ئىنسانلار قولدىن كەلگىنىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بولىمۇ، بىراق يەنە بەزى بىر قىسىم ئىنسانلار قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇۋىلىپ باشقىلارنىڭ كەينىدىدىن گەپ تېپىپ، "ئىشەك ئۆلەۋاتسا، كۆتى غىجەك تارتىپتۇ" دېگەندەك ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆز-ئارا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنىڭ روھىي كەيپىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە مەيۇسلىنىش ۋە چۈشكىنلىك ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلىرىمىز بولسا ھەل قىلىشقا تىگىشلىك يېتەرلىك مەسلە تۇرسا، ئۇنى ھەل قىلىشقا ۋاقىت ئاجرىتىشنىڭ ئورنىغا "كۆتىرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال" دېگەندەك، نېمە قىلىشنى بىلمەي، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ھېسسىياتىغا تايىنىپ تولۇق دەلىل ئىسپاتى بولمىغان ھەر خىل قورقۇنۇشلۇق ئاپقاچتى خەۋەرلەرنى، ۋە داۋا بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان ھەر خىل قانلىق كۆرۈنۈشلەرنى تارقىتىپ، خەلقىمىز ئىچىدە تېخىمۇ ئېغىر ئەندىشە، جىددىيلىشىشىيچىلىك ۋە قورقۇنجا پەيدا قىلىۋاتىدۇ. كۆپىنچە ئىنسانلىرىمىز بولسا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قىلىۋاتىدۇ، ئۆزلىرىگە ئۈمىد، ئىشەنچە ۋە روھىي ئوزۇق ئىزدەۋاتىدۇ، قاراڭغۇدا قالغان ئادەمدەك چىراق نۇرى ئىزدەۋاتىدۇ.

بەزىلىرىمىزنىڭ خەۋىرى بولغاندەك مەن **2018** - يىلى **4**- ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى يۈرگۈزۈۋاتقان قاتتىق سىياسەتنىڭ چەتئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا كۆرسەتكەن تەسىر توغرىسىدا توردا بىر راي سىناش ئېلىپ بارغان ئىدىم. ئۇ راي سىناشقا **4** قىتئەدىن جەمئىي **871** ئادەم قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەقىقەتەن ئادەمنى چۆچىتىدۇ. بولۇپمۇ روھىي ساغلاملىق جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بەزى كەسپداشلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى.

راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ **48%** ئەر، **50%** ئايال، **2%** ئادەم جاۋاب بەرمىگەن. ئۇلارنىڭ **70%** تى ئالىي مەكتەپ ۋە ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە، قالغانلىرى ئوتتۇرا باشلانغۇچ سەۋىيىسىدىكىلەر

بولۇپ، **42%** تى تۈركىيەدىن، **26%** تى ياۋروپادىن، **17%** تى شىمالىي ئامېرىكا (يەنى ئامېرىكا ۋە كانادا) دىن، **5%** تى ئەرەب دۆلەتلىرىدىن، **3%** تى ئاۋستىرالىيەدىن، **2%** تى جاۋاب بەرمىگەن، قالغان **5%** تى باشقا دۆلەتلەردىن قاتناشقان. راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ **90%** تىدە ئوخشىمىغان تۈردە پسىخىكىلىق مەسىلىلەر كۆرۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە **40%** كىشىدە چۈشكۈنلىشىش، ئۈمىدسىزلىك، ئاسان ئاچچىقلىنىش، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىش، ھارغىنلىق ھېس قىلىش ۋە ھېچ ئىشقا خوش ياقماسلىق قاتارلىق كۆپ خىل ئالامەتلەر كۆرۈلگەن؛ **15%** كىشى ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان بولۇپ قالغان؛ **11%** كىشى ھارغىنلىق ھېس قىلىدىغان ۋە ھېچ ئىشقا خوش ياقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. **10%** كىشىنىڭ دىققىتى چېچىلىپ كېتىدىغان، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتكە دىققىتىنى يىغالمايدىغان بولۇپ قالغان. **6%** كىشىدە چۈشكۈنلىشىش، ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولغان. **6%** كىشىدە ئېغىر دەرىجىدە روھىي چۈشكۈنلۈك پەيدا بولغان. **18%** قاتناشقۇچى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. **14%** قاتناشقۇچى ئۆزىنىڭ قايغۇ ھەسرىتىنى ئەزەلدىن ھېچ كىم بىلەن ئورتاقلاشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. پەقەت **9%** قاتناشقۇچىدا ئالاھىدە پسىخىكىلىق مەسىلە كۆرۈلمىگەن.

ئۇنداقتا ۋەتەن سىرتىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە شۇنچە كۆپ ئادەملەردە يۇقىرىقىدەك ھەر خىل پسىخىكىلىق ئالامەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبلىرى نېمە؟ كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنىڭ سەۋەبىنى ۋەتەنسىزلىك دەپ قارىشىدۇ. توغرا، ئۇنىڭ چوڭ جەھەتتىكى سەۋەبى ئەلۋەتتە ۋەتەنسىزلىك، لېكىن بۇ بەك تومتاق سەۋەب بولۇپ، ئەگەر بىز ئۇنى كونكېرتلاشتۇرماي، نوقۇل ھالدا ۋەتەنسىزلىكتىن دەپ قارىساق، بىز ۋەتەن مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ياكى قىسمەن ھەل قىلىشنىڭ بارلىق ئېھتىماللىقلىرىنى تامامەن ئىنكار قىلغان بولىمىز. ئۇنداق بولغاندا ۋەتەن مۇستەقىل بولۇشتىن ۋە ياكى بىز ۋەتەنگە قايتىشتىن بۇرۇن بۇ جەھەتتە ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولىدۇ. مەن بىر كەسپىي خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى يۇقىرىقىدەك روھىي مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە كونكېرت جەھەتتىن ئانالىز قىلىپ، ئۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كەم دېگەندە ئۇ مەسىلىلەرنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىشىچە ئىزدىنىپ ۋە بۇ جەھەتتە ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشىمەن. شۇنداقلا بۇ جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك كەسىپداشلار بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاۋستىرالىيەنىڭ پايتەختى كەمبىرا شەھىرىدە پسىخىكا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نۇرگۈل ساۋۇت بۇ جەھەتتە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى روھىي زەخمىنىڭ (**trauma**) ئۇزۇن تارىخى بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي ئايرىمچىلىق، ئىرقىي كەمسىتىش، باستۇرۇش، قىيناش، جازالاش سىياسەتلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا روھىي زەخمە پەيدا قىلىپ كەلگەن بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى مىليونلارچە ئۇيغۇرلارنى جازا لاگېرىغا يىغىۋېلىشى، ئۇيغۇر قىزلارنى خىتاي ئەرلەر بىلەن توي قىلىشقا زورلىشى ۋە چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەندىكى ئائىلىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ توسۇۋېتىلىشى بۇ خىل زەخمىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىشىغا سەۋەب بولماقتا. بۇ مەسىلىگە سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان سەۋەبلەردىن باشقا چەتئەلدە ياشاۋاتقان بولۇپمۇ ئەسلى ۋەتەنىدىكى تۇرمۇشى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى بولغان، ۋەتەندە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت قىلىپ باققان ۋە چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن ئۆز ئورنىنى توغرا بەلگىلىيەلمىگەن ۋە ئۆز رولىنى ياخشى جارىي قىلدۇرالمىغان كۆپلىگەن ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت بولغان ئېغىر دەرىجىدىكى روھىي تەڭپۇڭسىزلىقمۇ. بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە داۋاملىق تەسىر كۆرسەتمەكتە. يۇقىرىقى بىر قىسىم كىشىلەر ۋەتەنىدىكى دوست بۇرادەر ئالدىدا، ئۆزىنىڭ چەتئەلدە ياشاۋاتقانلىقىدىن پەخىرلەنگەنىدەك قىلىسىمۇ، بىراق ئۆزلىرى ۋەتەنگە بارغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ چەتئەلدىكى ھاياتى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئوخشاش سەۋىيەدە بولغان دوستلىرىنىڭ ھازىر ئەھۋالى ئارىسىدىكى پەرقنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى بايقىغان، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا چەتئەلگە چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ توغرا قارار ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىشقان ۋە ياكى ھەتتە ئۇنىڭدىن پۇشايمەن قىلغان. ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدە زور بىر تەڭپۇڭسىزلىق پەيدا قىلغان، ۋە بۇ روھىي تەڭپۇڭسىزلىقلار ئۇ كىشىلەرنى ئۇزۇندىن بېرى روھىي جەھەتتە قىيناپ، ئۇلاردا روھىي زەخمەي پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە يېقىنقى بىر ئىككى يىلدا ۋەتەن ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن ۋە نۇرغۇن كۆزگە كۆرۈنگەن ئىنسانلار ئارقا ئارقىدىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشىنى قايتىدىن ئاقىلانە بىر قارار دەپ تونۇپ، ئۆزلىرىدىكى ئېغىر روھىي تەڭپۇڭسىزلىقنى ئاز تولاپ تەڭشىۋالغان بولۇشى مۇمكىن، بىراي ئۇلاردا شەكىللەنگەن روھىي زەخمە ۋە پىسخىكىلىق ئۆزگىرىشنىڭ تامامەن نورماللىششى ئۈچۈن يەنە ئۇزۇن بىر مەزگىل ۋاقىت كېرەك.

ئۇنداقتا روھىي زەخمە (**trauma**) دېگەن نېمە؟ روھىي زەخمە (**trauma**) دېگىنىمىز پىسخىكىلىق يارا بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ساراسىمغا، قورقۇنجغا ۋە ئەندىشىگە سالىدىغان ۋەقەلەرنى كۆرۈش، ئاڭلىش ۋە ئۇلارنى تۇيۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. روھىي زەخمىنىڭ تونۇش (**Cognitive**)، تۇيغۇلۇنۇش (**Emotional**) ۋە فىزىكىلىق ئىپادىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىپادىسى بولىدۇ. روھىي زەمىلىنىشتىكى تونۇشنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى جامائەتتىن ئايرىلىپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ھەر دائىم يالغۇزلۇقنى خالاش. تۇيغۇلىنىشنىڭ تىپىك ئىپادىسى ئىنكار قىلىش، ئاسان ئاچچىقلىنىش، ئاسان كۆڭلى يېرىم بولۇش، ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىق. روھىي زەخمىنىڭ فىزىكىلىق ئىپادىلىنىشىنىڭ كونكېرت ئىپادىسى چىرايى يورغۇن كۆرۈنۈش، ھارغىنلىق ھېس قىلىش، دىققىتىنى يىغالماسلىق، ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كېتىش قاتارلىقلار. روھىي زەخمىگە ئۇچرىغانلاردا چۈشكۈنلىشىش كېسىلى (**Depression**)، ئەندىشە قىلىش كېسىلى (**Anxiety Disorder**) ۋە زەخمىدىن كېيىنكى جىددىيلىششىيلىش كېسىلى (**PTSD**) نىڭ بىرى ياكى ھەممە ئىپادىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

ھازىر خەلقىمىزدە يۇقىرىقىدەك خەر خىل مەسىلىلەر مەۋجۇت ئىكەن، ئۇنداقتا خەلقىمىز ھازىر نېمىگە ئېھتىياجلىق؟ قانداق قىلغاندا مەسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؟

خەلقىمىز ياشاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بارلىق ئىنسانلارغا ئوخشاش ھاۋا، سۇ ۋە ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىق. مەن بۇنداق دىسەم بەزىلەر يالغۇز بىز ياكى باشقا ئىنسانلارلا ئەمەس بەلكىم بارلىق ھايۋانلار، ھەتتا بارلىق جانلىقلارمۇ ياشاش ئۈچۈن ھاۋا، سۇ ۋە ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجلىققۇ، بىزنىڭ باشقا ئىنسانلاردىن، جۈملىدىن باشقا ھايۋانلاردىن پەرقىمىز نېمە دېيىشى مۇمكىن. توغرا، پۈتۈن ئىنسانلار جۈملىدىن پۈتۈن ھايۋانلار ياشاش ئۈچۈن

ھاۋا، سۇ ۋە ئوزۇقلۇقتا ئېھتىياجلىق، چۈنكى قورساق تويمىغان ئىنسان بەزىدە قورساق تويغۇزۇشنىڭ كويىدا بولۇپ، ۋە ياكى قورساق تويغۇزۇشنى بەك چوڭ بىلىپ، روھىي ئوزۇقنى ئۇنتۇپ قىلىشى مۇمكىن. خەلقىمىز ياشاش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يۇقىرىدا دېيىلگەنلەردىن باشقا بارلىق ئىنسانلارغا خاس بولغان روھىي ئوزۇقلۇقتا يەنى ئەڭ مۇھىمى ئۈمىدكە، ئىشەنچىگە، پەخىرلىنىشكە، غورۇرغا ۋە ئىپتىخارغا ئېھتىياجلىق؛ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئەقەللىي بولغان بارلىق ھەق-ھوقۇقلارغا ئېھتىياجلىق؛ ئۆز ئۆزىمىزگە خوجا بولۇشقا ۋە ھۆر ياشاشقا ئېھتىياجلىق. بۇ خەلقىمىزنىڭ ئۇنىۋەرسال ئېھتىياجى بولۇپ، بۇلاردىن باشقا خەلقىمىز يەنە نۇرغۇنلىغان كونكېرت نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق.

بىزدە «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ» دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. بۇ ئەجداتلىرىمىزنىڭ ھاياتىدا روھىي ئوزۇقلارنىڭ قانچىلىك ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنىڭ، ۋە ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدىكى روھىي ئوزۇقلۇقلارغا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنىڭ تىپىك بىر مىسالى. ئىنسانلارنىڭ روھىي ئوزۇقلۇقتا بولغان ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ ھايۋانلار بىلەن بولغان تۈپ پەرقلىرىنىڭ بىرى. ئىنسانلار يالغۇز قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈن ياشىمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزگىچە بولغان ئۈمىدى، غايىسى، پەخىر، غورۇر ۋە ئىپتىخارى بار.

ئادەتتە روھىي زەخمىگە ئۇچرىغانلاردا بولىدىغان ئورتاق بىر ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىك تۇغىسى تۆۋەن بولىدۇ، ۋە ھەرزامان تەھدىت تۇيغۇسى ئىچىدە ياشايدۇ. باشقىلاردىن ئاسان گۇمان قىلىدىغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى روھىي ئالامەتلەرنى بىر كېسەللىك ئالامىتى دەپ بىلمەي، ئۇلارنى ئۆزلىرىدىكى ئاجىزلىق ۋە يېتەرسىزلىك دەپ بىلىدۇ، ۋە ئۇنى جېنىنىڭ بىرىچە يوشۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئۆزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ھەر خىل ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئوتتۇرىغا چىققان ئۆز-ئارا گۇمان ۋە ئۆز-ئارا ھۇجۇم قىلىشلارنىڭ كۆپىنچەسىنى بۇنىڭ تىپىك ئىپادىلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەگەر بىز ئۇنى تونۇپ يەتمىسەك، ۋە ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئېتىبار بەرمىسەك، ئاخىرىدا بۇ بىر ۋابا كىلىسگە ئوخشاش پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يامراپ، بىزنىڭ "ئۆزىمىزنىڭ يىغى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گۆشنى قورىدىغان" ھالغا يىتىپ بېرىشىمىز مۇمكىن.

بۇ خىلدىكى پسىخكىلىق بىنورماللىقلار ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستراليەدىكى يەرلىك مىللەتلەر، ئامېرىكا، ياۋروپادىكى ئەينى ۋاقىتتا قۇل قىلىنىپ سېتىلغان ئافرىقىلىقلارنىڭ ئەۋلادى، ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشىغان نۇرغۇن كىچىك ۋە ئاجىز مىللەت ئارىسىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچەسى گەرچە مۇستەقىل بولغىلى ۋە ياكى ئۆزىگە تىگىشلىك ھەق-ھوقۇقلارغا ئېرىشكىلى نۇرغۇن يىللار بولغان بولسىمۇ، براق ئۇلارنىڭ ئاتا ئانىلىرىنىڭ تارىختا يولۇققان روھىي زەخملىرى تۈپەيلىدىن بۇ خەلقلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى ھازىرغا قەدەر شۇ روھىي زەخمىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان روھىي بىنورماللىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىدۇ، ۋە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەردىكى نۇرغۇنلىغان مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز بۇنىڭغا يېتەرلىك ئېتىبار بەرمىسەك، ئۇزۇنغا بارماي، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىشىمىز مۇمكىن.

ئەگەر روھىي زەخمىگە ئۇچرىغانلارغا توغرا دىئاگنوز قويۇلسا، ئۇلارنى داۋالاش تامامەن مۇمكىن. بۇ يالغۇز شۇ زەخمىگە ئۇچرىغانلارنىڭ شەخسىي مەسىلە بولماستىن، جامائەتنىڭ ئورتاق تىرىششى كېرەك بولغان

بىر مەسىلە. ئەگەر بىز روھىي زەخمىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدىن كېلىپ چىققان ھەر خىل ئاقىۋەتلەرنى تونۇپ يەتسەك، ئۇلارنى شۇ شەخسنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ياكى ئەيىبى دەپ بىلمەي، ئۇلارنى چۈشەنسەك، ئۇلارغا كۆڭۈل بولسەك، روھىي زەخمەدىن كېيىن كېلىپ چىققان ھەر خىل روھىي ساغلاملىق مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەنلەرگە ياردەم قولىمىزنى سۇنالىشىمىز، ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەم بېرەلىشىمىز مۇمكىن.




**مارتىن لۇزىر كىڭ مۇنداق دېگەن ئىكەن: بىز چوقۇم ۋاقىتلىق ئۈمىدسىزلىكنى قوبۇل قىلىشىمىز، بىراق مەڭگۈلۈك ئۈمىدنى ھەرگىز يوقاتماسلىقىمىز كېرەك.**

خەلقىمىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە ئېھتىياجلىق، يەنى خەلقىمىز كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ھەرگىز يوقاتماسلىقى كېرەك. ئۈمىد، ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق باسقاندا يىراقتا كۆرۈنگەن بىر تال چىراق؛ ئۈمىد، چول جەزىرىلەردە كۆرۈنگەن بىر كىچىك كۆلچەك؛ ئۈمىد، پايانسىز كەتكەن دېڭىزدا كۆرۈنگەن چىراق مۇناسى. ھەرقانداق بىر شەخسنىڭ بىزگە ھېسداشلىق قىلىپ سۆزلىگەن ئىككى ئېغىز سۆزى، بىرەر ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى ئەيىبلىشى خەلقىمىزگە ئالاھىدە ئۈمىد ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. خەلقىمىزنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچىسىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق سۆز ھەرىكەت، سىن فىلىملىرى ھازىر خەلقىمىزگە بىز تەسەۋۋۇر قىلالمىغىدەك دەرىجىدە يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

تۈركىيەنىڭ كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «ساۋاشچى» كۆپىنچىمىزگە ناتونۇش بولمىسا كېرەك. چۈنكى بۇ تېلېۋىزىيە فىلىمىنى كۆرمىگەنلەرنىڭمۇ ئۇ فىلىمدىكى ۋەتەندىن ئايرىلىپ تۈركىيەگە كېلىپ ئەسكەر بولغان بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ ھېكايىسى ئارقىلىق ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان تىلغا ئېلىنغان بەزى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەردىن چوقۇم خەۋىرى بار. ھەممىمىز ئۇنىڭ رېئاللىق بولماستىن پەقەتلا بىر تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىكەنلىكىنى بىلسەكمۇ، بىراق نۇرغۇن دوستلار ئۇ كۆرۈنۈشلەردىن تەسىرلىنىپ، ئۇ كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز-ئارا ئورتاقلاشقانلىقىمىز ھەممىمىزگە ئايان. بۇ ئىشتىن خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدكە، ھەتتاكى ئازراق بولسىمۇ ئۆز كۆڭلىنى ياساپ، ئۆزىنى خۇش قىلىشقا ۋە پوستىپ ئۇچۇرلارغا قانچىلىك ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش ئۇنچە تەس ئەمەس.

خەلقىمىز ئۆز ئۆزىنى توغرا تونۇشقا، ۋە ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا بەلگىلەشكە ئېھتىياجلىق. ئىنسان ئۆزىنى توغرا تونۇمىغاندا، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، ئۆز ئۆزىنى كەمسىتىش، ياكى ئۆزىنى بەك ئۈستىن چاغلاپ، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىش ۋە ياكى بۇ ئىككى خىل تۈيغۇ ئارىلىشىپ كېلىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئىككى خىل تۈيغۇ ئارىسىدىكى پەرق قانچە زور بولغانسېرى، روھىي تەڭپۇڭسىزلىقمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق كىشىلەر ئۆز ئۆزىگە ئارتۇقچە دەرت تاپىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆز ھاياتىنى زورلاپ باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشنىڭ ۋە ياكى باشقا ئادەمنىڭ ھاياتىدا ياشاشقا ئىنتىلىشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق.




**كرىستىن كېيىن مۇنداق دېگەن ئىكەن: سەن بەزىدە قاراڭغۇدا قالغاندا، ئۆزەڭنى قاراڭغۇلۇقتا كۆمۈلۈپ قالدىم دەپ ئويلايسەن، ئەمەلىيەتتە سەن ئۇرۇق بولۇپ تېرىلغانسەن.**

ئىنسانلار ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شۈكۈر قىلغىنى ئۈچۈن بەختلىك بولىدۇ. ئىنسانلار ئۆز ئۆزىنى توغرا ۋە تولۇق تونۇغاندا، ئۆزىنى توغرا ئورۇنغا قويالايدۇ ۋە ئۆز رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارىي قىلدۇرالايدۇ.

مەن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بالىلىرىمغا ھەمراھ بولۇپ ئامېرىكىنىڭ  گۆمپچى مۈشۈك ئېيىق دېگەن كارتون فىلىمېنىڭ 1 ـ قىسمىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ كىنودا، باش قەھرىمان مۈشۈك ئېيىقنىڭ دائىم رېئاللىقتىن ھالقىپ، ئەڭ كۈچلۈك گۆمپچى بولۇشتەك مۇمكىن بولمىغان خىياللارنى قىلىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇشتۇمتۇت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ھېچقانداق بىر سىرى يوقلۇقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى تونۇپ يېتىش ئارقىلىق، ئۆز ئارزۇسىغا يەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئۆزىنى توغرا تونۇش ۋە ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى، باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوقلۇقىنى، ھېچكىمنىڭ ئۆزىدىن باشقا ئادەم بولالمايدىغانلىقىنى، ھەركىمنىڭ ئۆز ئۆزىنى ياخشى تونۇپ، «ئۆزى بولۇش» نىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىدىن ئىبارەت ئاساسى ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

خەلقىمىز ئۆزلىرى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلىدىغان ئالىملارغا، قەھرىمانلارغا، ئىنقىلابچىلارغا ۋە مەشھۇر زاتلارغا ئېھتىياجلىق. خەلقىمىز ئۆز مىللىتىدىن پەخىرلىنىشكە، ئۆز مىللىتىدىن غورۇر تۇيۇشقا ئېھتىياجلىق. بىر مىللەتنىڭ ئالىملىرى، قەھرىمانلىرى، ئىنقىلابچىلىرى ۋە مەشھۇر زاتلىرى، شۇ مىللەتنىڭ ئەڭ زور روھىي ئوزۇقى، غورۇرى، ئىپتىخارى؛ كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ۋە كۈچ قۇۋۋىتىنىڭ مەنبەسى. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئالىملىرى، قەھرىمانلىرى، ئىنقىلابچىسى ۋە مەشھۇر زاتلىرى، جۈملىدىن شۇ مىللەت پەخىرلەنگىدەك ھەر قانداق بىر ئادەملىرى بولمايدىكەن ياكى ئۇلار يوق قىلىنىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ روھىي ئوزۇقلىقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى يوقىتىدۇ. ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ ئالىملىرى، قەھرىمانلىرى، ئىنقىلابچىلىرى ۋە مەشھۇر زاتلىرى زاۋۇتتا ئىشلەپ چىقىرىلمايدۇ، باشقا پىلانىتتىن كەلمەيدۇ ۋە ئاسماندىن چۈشۈپ قالمايدۇ. ئۇلار شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىدىن، شۇ مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ئادەتتىكى ئىنسانلاردىن يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ مىللەتنىڭ خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئالىملىرىنى، قەھرىمانلىرىنى، ئىنقىلابچىلىرىنى ۋە مەشھۇئە زاتلىرىنى تونىمىسا، ئۇلارنى ئېتىراپ قىلمىسا، ئۇلارنى ھۆرمەتلىمىسە، ئۇلارنى ياد ئەتمىسە، خاتىرلىمىسە، ھەتتا ھە دىسە ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشكە، ئۇلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇنسا، ئۇنداق مىللەتتىن مەڭگۈ ئالىم، قەرىمان، ئىنقىلابچى ۋە مەشھۇر زاتلار چىقمايدۇ، ۋە ئۇنداق مىللەتتە ئۈمىد بولمايدۇ.




**مايكىل ۋاتسون مۇنداق دېگەن ئىكەن: «كۈچلۈك ئادەم باشقىلارنى تۆۋەنگە ئىتتىرمايدۇ، بەلكى باشقىلارنى يۇقۇرغا تارتىدۇ.»**

خەلقىمىز جامائەت بىلەن تويلۇش ياشاشقا، جامائەتنىڭ چۈشىنىشىگە، كۆڭۈل بۆلىشىگە ئېھتىياجلىق. خەلقىمىز ئۆز دەردىنى دوست بۇرادەرلىرىگە، خولۇم خوشنىلىرىغا ۋە ياكى پسىخىك دوختۇرلارغا ئېيتىپ ئىچىنى بوشتۇشقا ئېھتىياجلىق. ھەممىمىز كۆرەپ تۇرۇۋاتقاندەك بەزى قېرىنداشلار خىتايغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئۆز ئىچىنى بوشۇتۇش ئۈچۈن ھەر خىل ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا  ئوقۇل ھالدا خىتاينىڭ ناچارلىقىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان بەزى ئىچىنىشلىق، شىددەتلىك ۋە زوراۋانلىق سىن فىلىملىرىنى ھە دەپ تارقاتماقتا ۋە ئۇلارنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشماقتا. ئەمەلىيەتتە بۇ پسىخولوگىيەلىك نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گەرچە شۇ شەخسنىڭ ئىچىنى ۋاقىتلىق بوشاتقاندەك قىلغان بىلەن، بىراق ئۆزىنىڭ روھىي زەخمىسىنى ياخشىلاشقا ھېچقانداق پايدىسى يوق، ئەكسىچە بۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە تېخىمۇ ئېغىر توھىي زەخمە پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ھەر خىل نامايىشلارغا قاتنىشىش، خىتاينىڭ ۋەتەندە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ياكى مۇخپىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ ۋەتەندىكى ئېغىر ۋەزىيەتنى ئاڭلىتىش، شۇ ئىنسانىنىڭ ئىچىنى بوشتۇشقا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ھەر بىر ئىنسان ئۆز قىممىتىنى توغرا ئۇسۇلدا نامايەن قىلسا، روھىي دۇنياسىدا بەلگىلىك قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ، ۋە بۇ قانائەت تۇيغۇسى شۇ ئىنسانىنىڭ روھىي ھالىتىگە پازىتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئاخىرىدا مەن دېمەكچى بولغان سۆزلىرىمنى خۇلاسىلەپ ئۆتسەم، خەلقىمىز ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە غورۇر، ئىپتىخارغا ئېھتىياجلىق؛ خەلقىمىز ئۆز ئالىملىرىغا، قەھرىمانلىرىغا، ئىنقىلابچىلىرىغا، مەشھۇر زاتلىرىغا ۋە ئۇلارنى قەدىرلەشكە ئېھتىياجلىق؛ خەلقىمىز بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىققا ئېھتىياجلىق. خەلقىمىز قاراڭغۇلۇقنى يورىتىدىغان

چىراقىدا، خەلقىمىزنى باشلاپ ماڭىدىغان يول باشلىغۇچىغا ئېھتىياجلىق. خەلقىمىز شەخسىيي مەنپەئەتنى داۋانىڭ ئۈستىگە قويمايدىغان، شەخسىيي زىددىيەت بىلەن داۋانى بىر بىرىگە ئارىلاشتۇرمايدىغان، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە داۋانى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغانلارغا ئېھتىياجلىق. خەلقىمىز تەشكىلات ۋە ياكى شەخسلەر ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش، جېدەل ماجىرالارغا ئىختىياجلىق ئەمەس؛ خەلقىمىز شەخسىيي زىددىيەتلەرنى داۋانىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئۆز ـ ئارا بىر بىرىگە ئورا كولىشىپ، داۋانى ئاقسىتىپ قويۇشقا ۋە ياكى داۋاغا تەسىر يەتكۈزۈشكە، ئۇنىڭ توسالغۇ بولۇشقا ئېھتىياجلىق ئەمەس. خەلقىمىز ئۆزلىرىنىڭ ۋاقتىنى بۇۋەدە تالاش ـ تارتىشلارغا سەرپ قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئەمەس.




**ئەنگىلىيەلىك داڭلىق يازغۇچى جوئاننە رووۋلىڭ مۇنداق دېگەن ئىكەن: بىز پەقەتلا ئىتتىپاقلاشقاندا ئاندىن كۈچلۈك بولالايمىز، ئايرىلغاندا ئاجىزلايمىز.**

توغرا، يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس. ئىش بىرلىكتە كۈچ ئۆملۈكتە. تويپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەيتۇ. ئەگەر كوڭلىمىزدە ھەققى ھالدا ۋەتەن مىللەت بولسا ئىتتىپاقلىشايلى قېرىنداشلار، بىرلىكىمىزنى ساقلايلى قېرىنداشلار.

ئاخىرىدا ئاۋستىرالىيەدىكى نۇرگۈل ساۋۇتقا ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

2018 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

# توغرا ۋە خاتا

توغرا ۋە خاتا بولسا ئاق ۋە قارا، كۈندۈز ۋە كېچە، ياخشى ۋە يامان، ئوڭ ۋە تەتۈر، ئىسسىق ۋە سوغۇق دېگەنلەرگە ئوخشاش ئۆزئارا قارمۇ قارشى مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇلارنى بەزىدە ئىككى قۇتۇپلۇق سۆزلەر دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئىككى قۇتۇپ دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغاندا دەرھاللا ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدىكى بوشلۇق ئېسىمىزگە كېلىدۇ. رېئاللىقتا نۇرغۇن نەرسىلەر پەقەت ئىككى قۇتۇپتىلا ئەمەس، بەلكى ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدىمۇ يۈز بېرىشى، ھەم ئۇ ئىككى قۇتۇپلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن شەيئىيلەر ۋە ھادىسىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا باغلىنىش ۋە ئۆزئارا ئورۇن ئالمىشىش بولۇشى مۇمكىن.

توغرا بىلەن خاتانى ئىككى قۇتۇپلۇق سۆز دېسەك، ئۇنداقتا بۇ ئىككى قۇتۇپ يەنى توغرا بىلەن خاتا ئارىسىنى نېمە دەپ ئاتايمىز؟ ئەپسۇس ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇنىڭغا ئىخچام بىر ئىسىم قويمىغان ئىكەن. شۇڭا ھازىرچە بىز ئۇلارنى توغرىمۇ ئەمەس، خاتامۇ ئەمەس دەپ تۇرۇشقا مەجبۇرمىز. ھاياتىمىزدا ئاق قارىدەك چېگرىسى ئېنىق بولمىغان ۋە ياكى يۇقىرىقى ئىككى قۇتۇپنىڭ بىرىگە تەۋە بولماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شەيئىيلەر ۋە ئىشلار خېلى كۆپ سانىنى ئىگىلىسە كېرەك. مەسىلەن، كۈلرەڭ (ئاقمۇ ئەمەس، قارىمۇ ئەمەس)، سالقىن (ئىسسىقمۇ ئەمەس سوغۇقمۇ ئەمەس)، نورمال (سەت ئەمەس، چىرايلىقمۇ ئەمەس، ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، دۆتمۇ ئەمەس، ئەقىللىقمۇ ئەمەس، ياخشىمۇ ئەمەس، ئەسكىمۇ ئەمەس ۋەھاكازالار).

بىز توغرا بىلەن خاتا، سەت بىلەن چىرايلىق، ئېگىز بىلەن پاكار ئارىسىدىكى ئۇقۇملار ۋە شەيئىيلەرگە باھا بەرگەندە، ئۇلارغا كەسكىن باھا بېرەلىشىمىز مۇمكىنمۇ؟ جاۋاب، بەزىدە مۇمكىن، بەزىدە مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بەزى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئورنى ئالمىششى مۇمكىن. نېمىنىڭ توغرا نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ ئېگىز، نېمىنىڭ پاكار، نېمىنىڭ چىرايلىق، نېمىنىڭ سەت ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقىرىشتا بەزىدە كونكېرت ئەھۋالغا ۋە شەرت ـ شارائىتقا قاراش كېرەك. مەسىلەن، چىرايى نورمال بىر ئادەم چىرايى سەت بولغان يەنە بىر ئادەمگە نىسبەتەن چىرايلىق ھېسابلانسا، چىرايى ئالاھىدە چىرايلىق باشقا بىر ئادەمگە نىسبەتەن سەت ھېسابلىنىشى مۇمكىن.

ھەرقانداق توغرا ئىش ياكى توغرا كۆز قاراشنىڭ بىرلا ئىپادىسى بولۇشى ناتايىن. نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى، ئۇ ئىشقا ۋە ئۇ كۆز قاراشقا باھا بەرگۈچى ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقارغۇچىنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، دىني ئېتىقادى، ئەخلاق پەزىلتى، ئىنساني غۇرۇرى، مەدەنىيەت ساپاسى، ئۇ ئادەم ياشاۋاتقان دەۋر ۋە شارائىت قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىر ئادەم خاتا دەپ بىلگەن

ئىشنىڭ چوقۇم خاتا بولۇشى ناتايىن. يەنە بىر ئادەم توغرا دەپ بىلگەن ئىشنىڭ چوقۇم توغرا بولۇشىمۇ ناتايىن. بەزىدە ئۇنىڭغا قايسى يۆنىلىش ۋە ياكى قايسى نۇقتىدىن قاراشقا باغلىق. مەسىلەن، ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب ئۆزئارا قارمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇ مەلۇم كۈچلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بارغان قارشىلىق كۈرىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇ غەلبە قىلسا، غەلبە قىلغانلار تەرىپىدىن ئىنقىلاب دەپ خاتىرلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ مەغلۇپ بولسا ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئەكسىلئىنقىلاب دەپ قارىلىپ، ئىنكار قىلىنىدۇ.

ھازىر خەلقىمىز يۈزلىنىۋاتقان ئەھۋالنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى ۋە ئۇنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى مەن بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ، ھەممىمىزگە ئايان. بۇنداق بىر شارائىتتا، بەزىلىرىمىز ئەھۋالىمىزنىڭ قانچىلىك بىر تەھدىت ئاستىدا قالغانلىقىنى تېخى تولۇق تونۇپ يەتمەي، كۈچىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەقىقىي دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئېنىرگىيىرىمىزنى ۋە ۋاقتىمىزنى ئۆزئارا ئەيىبلەشكە سەرپ قىلىۋاتىمىز. ھە دېسەك سەۋەنلىكنى باشقىلاردىن ئىزدەپ، ئوخشىمىغان كۆز قاراش ۋە ئوخشىمىغان پىكىردىكىلەرنى ئىنكار قىلىۋاتىمىز، ئۇلارنى خائىن، مۇناپىق دەپ ھاقارەتلەۋاتىمىز. ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن ياكى تۈرمىگە كىرىپ جازالىنىۋاتقان ۋە ئېغىر بەدەل تۆلەۋاتقانلارنىمۇ ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىپ، ئۇلارنى ۋەتەننى ساتقان، مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغان دەپ ئەيىبلەۋاتىمىز. مەن بۇ يەردە باشقىلارنى تەنقىدلەشكە بولمايدۇ دېمەكچى ئەمەسمەن. مەن پەقەتلا بىز باشقىلارنى تەنقىدلىگەندە ئۇلارنى ھاقارەتلەشنى، شەخسىيىتىگە تاجاۋۇز قىلىشنى مەقسەت قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ خاتالىقىدىن ئىبرەت ئېلىش ۋە ياكى داۋانى تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك دېمەكچىمەن.




**مۇنداق بىر ئەقلىيە سۆز بولغان: بىرسى بىرەر ئىشتا خاتالىشىپ قالسا، ئۇ قىلغان توغرا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قالما.**

بەزىدە توغرا ئىشنىڭ خاتا تەرىپى بولغىنىغا ئوخشاش، خاتا ئىشنىڭمۇ توغرا تەرىپى بولىدۇ. بەزىدە توغرا بولغان ئىش ۋاقىت ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن خاتا بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئوخشاشلا

بەزىدە خاتا دەپ قارالغان ئىشمۇ ۋاقىت ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن توغرا بولۇپ چىقىشى مۇمكىن.

باربارا مەك ـ كىلىنتوك (باربارا مەك كلىنتوكك) ئامېرىكىلىق داڭلىق ھۈجەيرە ئىرسىيەتشۇناس ئالىم بولۇپ، ئۇ 1940 ـ يىلدىن 1950 ـ يىللىرى ئارىسىدا قوناقنىڭ گېنى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، گېن ئورنى ئالمىشىش (ترانسپوستىئون) نەزەرىيىسىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن ئۇنىڭ بۇ بايقىشى ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇزلۇق ئالىملار تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال ئالىم 1953 ـ يىلدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىنى ئىلمىي ماقالە سۈپىتىدە ئېلان قىلىشنى توختاتقان. 20 يىلدىن كېيىن، باشقىلار ئۇ ئايال ئالىم بىلەن ئوخشاش نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بايقىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان، نەتىجىدە 30 يىلدىن كېيىن ئۇ ئايال ئالىم ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە ئەينى ۋاقىتتىكى «خاتا» دەپ ئىنكار قىلىنىشتىن «توغرا» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا ئۆزگىرىپ، 1983 ـ يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

بىز ياشاۋاتقان زېمىن، يەنى يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ پىلانېتىنىڭ يۇمىلاق ياكى تۈز (تۈزلەڭ) ئىكەنلىكى دۇنيادا ئەڭ ئۇزۇن تالاش ـ تارتىش قىلىنغان بىر تېما بولسا كېرەك. يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكى ئەڭ بۇرۇن مىلادىيەدىن بۇرۇن 6 ـ ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يەنى ھازىرغا قەدەر 2600 يىل بولغان بولسىمۇ، بىراق 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە، يەنى 2000 يىل ئەتراپىدا يەر شارىنى تۈز دەپ خاتا قارايدىغانلار ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ كەلگەن. گەرچە 1520 ـ يىللىرى يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكى جەزمەنلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئاسترونومىيە ئالىملىرى يەر شارى سىرتىدىن تارتقان رەسىملەر ئارقىلىق ئۇنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، ھەم شۇنداقلا مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر يەر شارىنى يۇمىلاق دەپ قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، بىراق ھېلھەم يەر شارى يۇمىلاق ئەمەس تۈز دەپ، يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئۇنى خاتا دەپ قارايدىغانلار بار. ئۇنىڭ تىپىك مىسالى ھازىرقى زامان تۈز يەر شارى ئىلمى جەمئىيىتى. ئەنگلىيەلىك سامىيۇل شەنتون 1956 ـ يىلى ھازىرقى زامان تۈز يەر شارى ئىلمى جەمئىيىتىنى بەرپا قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھەر يىلى 200 دىن كۆپىيىپ كەلمەكتە ئىكەن.

مېنىڭ يۇقىرىقى ئىككى مىسالنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمدىن سەۋەب، توغرا ۋە خاتانى پەرق ئېتىشنىڭ بەزىدە ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى، مەلۇم دەۋر ۋە شارائىتتا توغرا دەپ قارالغان بەزى ئىشلارنىڭ زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خاتا بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ۋە خاتا دەپ قارالغان بەزى ئىشلارنىڭ زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن توغرا بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭغا ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچى.

بىز كىچىك چېغىمىزدىن باشلاپ قۇياشنى قىزىل سىزىپ ۋە ئۇنى قىزىل قۇياش دەپ تەسۋىرلەپ كەلگەن. شەخسەن مەن ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئاندىن قۇياشنى سېرىق سىزىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى بىلدىم. ئەمەلىيەتتە ئاز بىر قىسىم دۆلەتتىكى خەلقلەردىن باشقا مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر قۇياشنى سېرىق سىزىدىكەن، بىزدىكى قىزىل قۇياش ئۇقۇمى بەلكىم كوممۇنىزم ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. گەرچە بىز ھازىر باشقىلارنىڭ قۇياشنى سېرىق دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلگەن بولساقمۇ، بىراق بىز يەنىلا قۇياشنى قىزىل قۇياش دەپ تەسۋىرلەشتىن ۋاز كەچكىنىمىز يوق. ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە كىمنىڭ توغرا،

كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تالاش ـ تارتىش قىلماقچى ئەمەسمەن. مەن پەقەتلا ئوخشىمىغان مۇھىتتا ئوخشاش بولغان شەيئىيلەرگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان تونۇش ۋە ئۇقۇم پەيدا بولۇشى مۇمكىن دېگەننى تەكىتلەپ ئۆتمەكچى.

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى مۇنداق بىر يازمىنى ئوقۇغۇنۇم ئېسىمدە. بىر كۈنى بىر دوختۇر كوچىدا كېتىۋاتسا، بىر ئادەمنىڭ يۈرەك كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىپ، كېتىۋاتقان يېرىدە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ۋە يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختاپتۇ. دوختۇر ئۇ ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن باشقىلارغا دەرھال جىددىيلىشىشي قۇتقۇزۇشقا تېلفۇن قىلىشنى ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن دەرھال يۈرەك ۋە نەپسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپتۇ. بىراق ھەرقانچە قىلسىمۇ يۈرىكى قايتىدىن سوقماپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە جىددىيلىشىشي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ تېخى كەلمىگەنلىكىنى سەزگەن دوختۇر دەرھال يانچۇقىدىن تۈرمۇشتا ئىشلىتىدىغان پىچاقنى ئېلىپ، بىمارنىڭ كۆكرىكىنى كېسىپ ئېچىپتۇ ۋە يۈرەكنى قولى بىلەن مۇجۇپ، يۈرەكنىڭ سوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي جىددىيلىشىشي قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كەپتۇ، ئۇ كىشىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، ھاياتى قۇتقۇزۇلۇپ قاپتۇ.

كېيىن بۇ ئىش دوختۇرلار ئارىسىدا قاتتىق مۇنازىرە قوزغاپتۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى دوختۇرلار ئۇ دوختۇرنىڭ قىلغىنىنى بىر تىببىي خادىمنىڭ نورمال مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قائىدە پىرىنسىپلىرىغا تامامەن ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى، ئادەتتىكى بىر مۇھىتتا ۋە ھېچقانداق دېزىنفېكسىيە بولمىغان بىر شارائىتتا ئادەتتىكى بىر پىچاق بىلەن بىمارنىڭ كۆكرىكىنى كېسىپ ئېچىشنىڭ تامامەن خاتا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇ دوختۇرنى ئەيىبلەشىپتۇ ۋە ئۇ دوختۇردىن بىمارنىڭ كۆكرىكىدىن قان توختىماسلىقتىن ۋە كەسكەن جاينىڭ ياللۇغلىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلمىدىڭمۇ دەپ سورىغاندا، ئۇ دوختۇر مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: توغرا، مېنىڭ قىلغىنىم نورمال مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قائىدىلىرىگە تامامەن خىلاپ، بىراق، ئەگەر مەن نورمال مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن مەشغۇلات ئېلىپ بارغان بولسام، ئەگەر مەن قان توختىماسلىقتىن ۋە كەسكەن جاينىڭ ياللۇغلىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان بولسام، بىمار ئاللىبۇرۇن تۇپراق ئاستىدا ياتقان بولاتتى، ھەم بۇ مۇنازىرەمۇ بولمىغان بولاتتى. قان توختىمىدى دېمەك، بىمارنىڭ يۈرىكى قايتىدىن سوقتى دېمەك، كەسكەن يەر يۇقۇملاندى دېمەك، بىمار تېخى ھايات دېمەك. بىمارنىڭ كېسىلگەن كۆكرىكىدىن قان توختىماسلىقى ۋە ئۇ يەرنىڭ ياللۇغلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇ بىمار ھايات ياشىشى كېرەك. ئۇ دوختۇر ئاخىردا ئەگەر مەن ئۇ بىمارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇ بىمارنىڭ كۆكرىكىدىن قان چىقىشىغا ۋە كەسكەن جاينىڭ ياللۇغلىنىپ قېلىشىغا پۇرسەت ياراتقان بولسام، مەن قىلغان ئىشىمدىن پۇشايمان ئەمەس دەپتۇ.

ھەقىقەتەنمۇ ساغلام بىر ئادەمگە نىسبەتەن ياشاش سۈپىتى ئالدىن ئويلىشىدىغان مەسىلە. بىراق ھاياتى تەھدىت ئاستىدا قالغان بىر ئادەمگە نىسبەتەن، ياشاشنىڭ سۈپىتىدىن سۆز ئېچىشتىن، كېسەل بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ھايات قېلىشنى ئويلىشى كېرەك. ئۆلگەن ئادەمنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ئىنسان كېسەل بولدى دېمەك، ئۇ تېخى ھايات دېمەك،

چۈنكى ئۆلۈك كېسەل بولمايدۇ. چىقمىغان جاندا ئۈمىد بار. ئىنسان پەقەت هايات قالغاندا ئاندىن كېسەل بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىشتىن، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ياشاش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ.

ئىنسان نورمالدا ئۆزىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچمەيدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچكەن ئادەمنى كۆرسەڭ، بىز ئۇنى چوقۇم ئەقلى جايىدا ئەمەس دەپ بىلىمىز. لېكىن چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغان بىر ئادەم ئۆز سۈيدۈكىنى ئىچسە، بىز ئۇ ئىنساننى يەنە ئەقلى جايىدا ئەمەس دەپ ئەيىبلەيمىزمۇ؟ ئوخشاشلا، بىز ئەركىن دۇنياغا چىقىۋېلىپ، «ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئىتتىن قورقمايدىغان نوچى» دەك، ئۆز مىللىتىنىڭ هەق ـ هوقۇقى قوغداش ئۈچۈن ئۆز هاياتىنى ۋەيران قىلغان ئىلهام توختىنى قانداقمۇ ئەيىبلىيەلەيمىز؟ باشقىلارنىڭ يۈزىدىكى قارىنى كۆرمەك، باشقىلارغا باها بەرمەك ئاسان، بىراق ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يېتىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەس.

هازىر بىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئەڭ ئاساسلىق پىكىر ئىختىلاپى، بەزىلەرنى ئالىي ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىدۇ دەپ ئەيىبلەش بىلەن يەنە بەزىلەرنى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدۇ دەپ ئەيىبلەشكە مەركەزلەشكەن بولۇپ، مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ زىدىيەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب بەلكىم ئوز ئارا چۈشەنمەسلىك بولسا كېرەك. مەن مۇستەقىل بولۇشنى خالىمايدىغان هېچ بىر ئۇيغۇر يوق دەپ قارايمەن. مەسىلە قانداق مۇستەقىل بولۇش، يەنى قانداق قىلىپ ۋە قانداق يوللار بىلەن مۇستەقىل بولۇش مەقسىتىگە يېتىش، بۇ مەسىلىدە بەلكىم ئوخشىمىغان كىشىلەر ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بولسا كېرەك. شۇ سەۋەبتىن بىر بىرىمىزنى ئىنكار قىلىدىغان، هەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ قىلغىنى توغرا، باشقىلارنىڭ قىلغىنىنى خاتا دەپ قارايدىغان ۋە ياكى مەنلا توغرا قىلىمەن، باشقىلار خاتا قىلىدۇ، مەنلا داۋا قىلسام، باشقىلار داۋا قىلمىسا، مەن قىلمىغان ئىش ئاقساپ قالسا، ۋە ياكى مەن رەخبەرلىك قىلمىغان داۋا مەغلۇپ بولسا دەپ قارايدىغان خائىشلار كۆڭلىدىن كۆڭگە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

مەن ياشاۋاتقان نيۇيورك شەهرىدىن ئامېرىكىنىڭ پايتەختى بولغان ۋاشىنگتون شەهرىگە بېرىشنىڭ بىر قانچە ئۇسۇلى بار. بەزىلەر ئايروپىلان بىلەن بارىدۇ، بەزىلەر پويىز بىلەن بارىدۇ؛ بەزىلەر ئاپتوبۇس بىلەن بارىدۇ، يەنە بەزىلەر ئۆزى ماشىنا هەيدەپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە باها جەھەتتىن ئەڭ ئەرزان بولغان ئۇسۇل ئاپتوبۇس بىلەن بېرىش. باها جەھەتتە ئەڭ قىممەت، ۋاقىت جەھەتتە ئەڭ ئاز ۋاقىت كېتىدىغان ۋە ئەڭ قولايلىق ئۇسۇل پويىز بىلەن بېرىش بولسا كېرەك. بەزىلەر ئايرۇپىلان بىلەن بېرىشنى ئەڭ تېز ئۇسۇل دەپ قارىشى مۇمكىن، بىراق ئايرودرومغا بارىدىغان ۋاقىت بىلەن بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىتنى قوشساق، يەنىلا پويىزدا بارغاندەك تېز بولمايدۇ. ئۇنداقتا بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسى ئۇسۇلنىڭ توغرا، قايسى ئۇسۇلنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە كەسكىن باها بېرەلەيمىزمۇ؟ جاۋاب، بېرەلمەيمىز. ئەگەر بىرسى ۋاشىنگتونغا بارىمەن دەپ بوستون تەرەپكە ماڭمىسلا، بىز ئۇلارنىڭ هېچبىرىنى خاتا دېيەلمەيمىز.

بىز نورمالدا بۇزۇلۇپ قالغان تاماقنى ئەمەس، هەتتا باشقىلاردىن ئېشىپ قالغان ۋە ياكى بىر ئىككى كۈن تۇرۇپ قالغان تاماقنى هەرگىز يېمەيمىز. ئۇنداق تاماقلارنى يېيىشنى توغرا ئەمەس ۋە ياكى سالامەتلىكىمىزگە زىيانلىق دەپ بىلىمىز. بىراق ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان بىر ئادەم باشقىلاردىن ئېشىپ قالغان تاماقنى،

ھەتتا پاكىز بولمىغان ۋە ياكى بۇزۇلۇپ قالغان تاماقنى يېسە، بىز ئۇنى كېسەل بولۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلمامسەن دەپ ئەيىبلىيەلەيمىزمۇ؟ ئەيىبلىيەلمەيمىز، چۈنكى ئۇ ئادەم ئالدى بىلەن ھايات قېلىشى، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. بۇنداق دېگەنلىك ئەلۋەتتە ھېچقانداق قۇربان بەرمەسلىك كېرەك دېگەنلىك ئەمەس.

ھازىر خەلقىمىزنىڭ نېمە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ھەممىزگە ئايان. ئارىمىزدا مۇستەقىللىق خالىمايدىغان ئىنسانلار كۆپ بولمىسا كېرەك. ئەگەر بىز مۇستەقىل بولغان بولساق، بۇنداق ئەھۋال بولمايتتى. مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن چوقۇم مۇستەقىل بولۇشىمىز كېرەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئاددىي بىر ئۇقۇم. بىراق مۇستەقىل بولۇش ئۇنداق ئاسان بولغان بولسا، بىز ئاللىبۇرۇن مۇستەقىل بولغان بولاتتۇق، ھەم ھازىرقىدەك بۇنداق يامان ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتۇق. خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالدا مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىللىتىمىز ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. ئۇنىڭلىق ئۈچۈن يالغۇز قورۇق نەزەرىيە ئەمەس، كۆز ئالدىمىزدىكى ھەرقانداق پۇرسەتتىن، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ھەرقانداق ئېھتىماللىقتىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

بىز مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغانغا بىرسى بىزگە مۇستەقىللىق بەرمەيدۇ. ھەتتا بىز ئالىي ئاپتونومىيە تەلەپ قىلغانغىمۇ، ھېچكىم بىزنى مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدىكەن دەپ، ئالىي ئاپتونومىيەنى قولىمىزغا ئەكېلىپ تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. مۇستەقىللىق دېگەن تەلەپ قىلىپ ئالىدىغان نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ نېمە ئالالىشىمىز باشقىلاردىن نېمە تەلەپ قىلىشىمىزغا باغلىق بولماستىن، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە ۋە نېمە ئالالىشىمىزغا باغلىق. بىز ئۆزئارا بىر بىرىمىزنى ئەيىبلەپ ئولتۇرۇشتىن كۆرە، ھەممىمىز كۈچىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ، قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئورتاق دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇپ، ئالدى بىلەن جىددىيلىششي بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالساق، ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مۇستەقىللىقتىن ئىبارەت ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن داۋانى ئاخىرىغىچە داۋام قىلساق، بۇنىڭ نېمىسى خاتا؟

بىز كۆپىنچە ئەھۋالدا ھېسسىياتىمىزغا تايىنىپ سۇبيېكتىپ ئارزۇ-ئىستەكلىرىمىز بىلەن رېئاللىقنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىمىز. ھالىمىزغا باقماي، ھېسسىياتىمىزغا تايىنىپ ئۆزىمىزنى ئالداشقا ۋە ئۆزىمىزنى خۇش قىلىشقا ئادەتلەنگەنمىز. شۇ سەۋەبتىن، كۆپىنچە ئەھۋالدا قىلغان ئىشنىڭ نەتىجىسىدىن ئەمەس، بەلكى قىلغان ئىشنىڭ جەريانىدىن قانائەت ھاسىل قىلىمىز. ئۆزىمىز ياخشى كۆرمىگەن ۋە ياكى دۈشمەن دەپ سانىغان ئىنسانلارنى تىللاش ۋە ئۇلارنى ھاقارەتلەش ئارقىلىق ئۆز ئۆزىمىزنى خوش قىلىمىز. باشقىلارنىڭ ئايىقىنى كىيىپ باقماي، ئەينەككە بىر قاراپ باقماي، كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپلا باشقىلارغا باھا بېرىشكە، باشقىلار ئۈستىدىن ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئادەتلەنگەنمىز. ئۆزىمىزنىڭ ۋە ياكى ئۆزىمىز قىلغان ئىشنىڭ، ئۆزىمىز ماڭغان يولنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن باشقىلارنى ياكى باشقىلار قىلغان ئىشنى، باشقىلار ماڭغان يولنى ئىنكار قىلىمىز، ئۇلارنى تامامەن خاتاغا چىقىرىمىز. رىقابەتچىمىزدىن ئۆزىمىزگە تەھدىت كېلىدۇ دەپ ئەندىشە قىلىمىز ۋە ئۇلارنى ئۆزىمىزگە تەھدىت ھېسابلايمىز، ئۇلارنى دۈشمەن سانايمىز. نەتىجىدە بىز مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا ئۇلارنى قوللىمايمىز، ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلىمىز، ئۇلارغا ئورا كولايمىز.




**نامەلۇم بىر شەخس مۇنداق دېگەن ئىكەن: سىزنىڭ توغرا بولۇشىڭىز ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ خاتا بولۇشى شەرت ئەمەس.**

بىز ھە دېسەك دېموكراتىيە، ئەركىنلىك دېگىنىمىز بىلەن، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېخى تولۇق چۈشىنىپ يەتكىنىمىز ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلغىنىمىز يوق.

دۇنيادا ھەچقانداق نەرسە مۇتلەق بولمىغانغا ئوخشاش، ھەر قانداق ئادەمنىڭ پىكرى ۋە كۆز قارىشىمۇ مۇتكەق توغرا ۋە ياكى مۇتلەق خاتا بولۇشى ناتايىن. «پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى» دېگەن ھېكايىدە پادىشانىڭ ئۈستىدە يېڭى كىيىم يوقلىقىنى، ئۇنىڭ قىپ يالىڭاچ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەرگىزمۇ «ئەقىللىق» ۋە ئۇزۇن يىللىق مول تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان ۋەزىرلەر بولماستىن، بەلكى نېمىنىڭ توغرا،

ئېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تېخى تولۇق بىلىپ كەتمىگەن نارسىدە بالا ئىكەنلىكى، بۇ ھېكايىنى ئوقۇغان ھەممەيلەننىڭ ئېسىدە بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىز باشقىلارنىڭ پىكىرىگە يېتەرلىك قۇلاق سالساق، بەلكىم ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بىر كۆز قاراش ۋە ئوي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ يېتەلىشىمىز مۇمكىن.




**رىم كاتولىك دىنىغا تەۋە بولغان ۋە ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھىندىستاندىكى يوقسۇزلارغا ياردەم بېرىشكە سەرپ قىلغان مەشھۇر ئايال تەرىسا خانىم مۇنداق دېگەن ئىكەن: ئەگەر سىز باشقىلارغا باھا بېرىش بىلەن مەشغۇل بولسىڭىز، باشقىلارغا مېھرى-مۇھەببەت يەتكۈزۈشكە ۋاقتىڭىز قالمايدۇ.**

**2018 - يىلى 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى**

# بىزدىكى ئىختىلاپ ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى



نۆۋەتتە ۋەتەن سىرتىدىكى خەلقىمىز ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىختىلاپلار، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر تەرەپتىن كەڭ خەلق ئاممىسىنى راھەتسىز قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن داۋاغا ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ داۋا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلار ئارىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىختىلاپلار،

كۆپىنچە كىشلەر يۈز بېرىۋاتقان ئىختىلاپلارنى ئۇنۇملۇك بىر تەرەپ قىلىشنى ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى تونۇپ يېتىشتە بەزى پەرقلەر بولغىنى ئۈچۈن، يەنى ئىختىلاپ پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولغان ئامىللارغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارماي، قارشى تەرەپنى نوقۇل ھالدا خائىن، جاسۇسلۇق بىلەن ئەيىبلىگىنى ئۈچۈن، ئارىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىختىلاپلار بىسقىماي ئەكسىچە كۈندىن كۈنگە كەسكىنلىشىپ، ئارىمىزدىكى ئېغىر دەرىجىدە بۆلۈنۈشكە ۋە ئىتتىپاقسىزلىققا سەۋەب بولىۋاتىدۇ.

مەن يېقىندا ئىختىلاپنىڭ كېلىپ چىقىش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئۇنىۋەرسال بىر ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان ئىدىم.

http://uyghur_jemiyiti.blogspot.com/2018/07/ixtilap_we_uni_bir_terep_qilish.html

تۆۋەندە مەن ئارىمىزدىكى ئىختىلاپلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى ئۆزىمىزدىكى بەزى كۆنۈپ كەتكەن كۆز قاراش، تەپەككۇر قىلىش ۋە مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىمىز بىلەن، بولۇپمۇ بىنورمال بولغان بەزى ئادەتلىرىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ئىختىلاپلارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى ئانالىز قىلىپ چىقماقچى، ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىشقا بەزى تەكلىپلەرنى بەرمەكچى. بىز ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ شەھلەرگە بولغان پوزىتسىيەسىنى، روھىي ھالىتىنى، كەيپىياتىنى، تەپەككۇر قىلىش، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ مىجەز خۇلقىنى ئورتاقلاشتۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ پىسخىكىسىغا يىغىنچاقلايمىز. تۆۋەندىكى مەزمۇنلار پەقەتلا ئۆزەمنىڭ ئۇزۇندىن بېرى خەلقىمىزنىڭ شۇ پىسخىكىسىنى كۇزىتىپ ئوتتۇرىغا قويغان شەخسيي كۆز قاراشلىرىم.

مەن بۇ ئىختىلاپلارغا سەۋەب بولۇۋاتقان كىشلەر ئارىسىدا مىللىي مەنپەئەتىمىزگە خىلاپ ھالدا خەلقىمىزگە ئاھانەت قىلىۋاتقانلارنىڭ، ھەتتا ئارىمىزدا «قوي تېرىسىگە ئورنىۋالغان بۆرىلەر» نىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايمەن، بىراق مېنىڭ قارىشىمچە ئۇلار بەك ئاز ساندىكى كىشلەر بولۇپ، كۆپىنچەسىنىڭ ئىسمى-جىسمى يوق. ئەمما ئەپسۇس بەزى ئىسمى-جىسمى بار ئىنسانلارمۇ ئەقلىنى يوقىتىپ، ھېس تۇيغۇسىغا تايىنىپ ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەپ، ھەر خىل زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلارغا سەۋەب بولىۋاتىدۇ. يەنە بەك ئەپسۇس، ئىنسانلىرىمىز ئۆزلىرىدىن، بىز كۆپ ساندىكى كىشلەر نېمە ئۈچۈن ئۇ ئاز ساندىكى "ئىسمى-جىسمى يوق" كىشلەرنىڭ ئويىنىغا كەلدۇق، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىر سەنەمگە ئۇسۇل ئويىندۇق، بىز نىمكە ئۈچۈن ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىپ باقمىدۇق دەپ سوراپ باقماي، ئارىمىزدىكى ئىختىلاپلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئارتىپ، ئۆز مەسئۇلىيتىدىن قۇتۇلماقچى بولىۋاتىدۇ.

ئۆز مىللىتىگە ئېھانەت قىلىدىغان خائىن، مۇناپىقلار ھەممە مىللەت ئارىسىدا، ھەر يەر ۋە ھەر ۋاقىتتا بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇنداق ئىنسانلار ھېچ بىر زامان، ھېچ بىر مىللەتتە كۆپ ساندا ۋە ئاساسى ئېقىمدا بولمىغان. بىزدىمۇ ھەم شۇنداق. مۇستەقىل تەپەككۇر ۋە ئەقلى ھوشى جايىدا بولغان بىر توپ ئادەملەر ئوخشاش خاتالىقنى بىر قېتىم ئەمەس، قىسقا ۋاقىت ئەمەس، ئۇزۇن زامان قايتا قايتا سادىر قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ سەۋەبىنى باشقىلاردىن كۆرسە، ئۇ ئېغىر دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ. ئۆزى سادىر قىلغان خاتالىقنى ئىنكار قىلغانلىق، ۋە ئۇ خاتالىقنى ھەرگىز تۈزەتمەيمەن دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ بىزدىكى ئىختىلاپلارنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر.

**2008** - يىلى خىتايدىكى ئولىمپىكنىڭ ئالدى كەينىدە ئوتتۇرىغا چىققان سانلۇ سۈت پارشۇكى ۋەقەسىدىن ھەممىمىزنىڭ خەۋىرى بولسا كېرەك. خىتايدا سۈت پارشۇكى ئىشلەپ چىقىرىشتا ئەڭ چوڭ شىركەت دەپ سانالغان سانلۇ شىركىتى **15** يىل، خىمىيەلىك ئۇسۇلدا يالغان سۈت پارشۇكى ئىشلەپ چىقىرىپ بازارغا سالغان. ئۇ سۈت پارشۇكى تەركىۋىدىكى خىمىيەلىك ماددىنىڭ بۆرەك ۋە سۈدۈك يولىدا تاش پەيدا قىلىش، ئەرلەرنىڭ ئەۋلات قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى يوق قىلىش قاتارلىق زىيانلىرى بار بولۇپ، **15** يىل ئىچىدە **300000** ئادەمنىڭ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشىنى، **54000** بوۋاقنىڭ كېسەل بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قىلىشىنى، **12**

بوۋاقنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى ۋە مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىنىڭ ۋاسىتىلىك زىيانغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ئىش ئاشكارا بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇنى يەنە داۋاملىق يوشۇرۇشقا كۆزى يەتمەي، پۈتۈن جىنايەتنى بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلەپ، ئۇلارنى جازالىغان. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ "ئۆچىنى" ئېلىپ بېرىپ ئادالەتنى ساغلۇغچى بولغان، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭمۇ "ئۆچى" ئېلىنىپ، پۇخادىن چىققان. بىراق خىتايدىكى يېمەكلىك بىخەتەرلىكى بۇرۇن قانداق بولسا ھېلىھەم شۇنداق داۋاملاشقان، ۋەقە بايقالسا، بىرلىرىنى "قۇربانلىق قوي" قىلىپ جازالىغان، ھېچكىم ئوخشاش خاتالىق نېمە ئۈچۈن قايتا قايتا ئۇزۇن مۇددەت يۈز بېرىۋېرىدۇ دەپ سوئال سورىمىغان، سۈرۈشتە قىلمىغان؛ ھېچكىم ئۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ پۈتۈن سىستېمىدا ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان، ۋە ياكى ئويلاشقا پېتىنالمىغان. چۈنكى كەڭ خەلق ئاممىسى شۇنداق تەربىيىلەنگەن ۋە ئۇنى رېئاللىق دەپ قوبۇل قىلغان. بىزمۇ شۇ مۇھىتتا تەربىيە ئالغان، ۋە شۇنداق مەنتىقنى رېئاللىق دەپ قوبۇل قىلغان ياكى ئۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن.

مېنىڭ يۇقىرىقى مىسالنى تىلغا ئېلىشىمدىكى ئاساسلىق سەۋەب، بىزدىكى ئىختىلاپلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى يالغۇز ئارىمىزدىكى ئاز ساندىكى "قوي تېرىسىگە ئورنىۋالغان بۆرە" لەر سەۋەبىدىن بولماستىن، بەلكى ئۆزىمىزدىكى قان قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن بىنورمال ئادەتلىرىمىز، يەنى بىنورمال پىسخىكىمىز سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈندۇر. ئەگەر بىز ئۆز ئۆزىمىزدىن "بىز شۇنچە كۆپ ساندا تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئاز ساندىكى بۇزغۇنچىلارنىڭ ئويىنىغا كەلدۇق" دەپ سوئال سورىمىساق، ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگەنمىسەك، باشقىلار نېمە دېسە، ئۇنىڭغا ئىشەنسەك، كاللىمىزغا ئورناپ كەتكەن ئەسكى "قاراشنى" نى ئۇزۇل كېسىل تازلىمىساق، ئۆزىمىزدە بار بولغان بۇ "كېسەللىكلەرنى" نى ئۇزۇل كېسىل ساقايتمىساق، بىزدىكى مەسىلىلەردە ھەرگىز تۈپ ئۆزگىرىش بولمايدۇ، يۈز بەرگەن خاتالىق قايتىلىنىدۇ، ئىختىلاپلار داۋام قىلىۋېرىدۇ.

## بىزدىكى ئىختىلاپلارنىڭ كۆپ بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئېڭىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلەر ۋە پىسخىكىمىزدىكى بىنورماللىقلار

1. بىزدىكى مىللىي روھ، مىللىي ئاڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇقۇمىنىڭ ئېنىق ۋە توغرا بولماسلىقى، تار مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ ئېغىر بولۇشى. مىللىي روھ، مىللىي ئاڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك دېمەك يالغۇز ھېس تۇيغۇغا تايىنىپ، ئېغىزدا ۋەتەن مىللەت دەپ ۋاقىراپ قويۇشلا ئەمەس. ئۇ دېگەنلىك ھەر دائىم ۋەتەن مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى، شان شەرىپىنى قوغداش، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن، ئومۇملۇقنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلماسلىق، ئۇنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق دېمەك. مىللىي روھ، مىللىي ئاڭ ۋە ياكى ۋەتەنپەرۋەرلىك دېمەك ھەر جەھەتتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ۋەتەن مىللەتنىڭ ئورنىنى، ئوبرازىنى تىكلەش، ئۇنى قەد كۆتەرگۈزۈش، خەلقىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى نامايەن قىلىش دېمەك. بىر مىللەت ياكى ئۇ مىللەتكە تەۋە بولغان ئىنسانلاردا بۇ ئۇقۇملار ئېنىق بولمىغاندا، ئۇلار ئۆزەكى ھالدا ئۆز ھېسسىياتىغا تايىنىپ، مىللىي مەنپەئەتكە ئۆزلىرى خالاپ ياكى خالىماستىن، بىلىپ ياكى بىلمەستىن زارار بېرىپ قويىدۇ.

2. ئۆز ئۆزىمىزنى توغرا ۋە يېتەرلىك تونۇماسلىق. ئىنسان ئۆز ئۆزىنى توغرا ۋە يېتەرلىك تونۇمىغاندا، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا بەلگىلىيەلمەيدۇ، نەتىجىدە ئىنساندا ئىككى خىل ئوخشىمىغان ئاخىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. بىرى، ئىنسان ئۆزىنى توغرا تونۇمىغانلىق سەۋەبىدىن، ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىش ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىنى كۆزىگە ئىلماسلىقىدىن ئارتۇقچە ئەندىشە قىلىش، ھە دىسە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ۋە نەتىجىسىنى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەپ، ھەر پۇرسەتتە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىش، باشقىلارنى بولۇپمۇ رىقابەتچىسىنى ئۆزىگە تەھدىت ھېسابلاش، باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئېلىۋېلىشىدىن بەك ئەندىشە قىلىش كېلىپ چىقىدۇ. يەنە بىرى، ئىنسان ئۆزىنى تۇغۇرا تونىماسلىق سەۋەبىدىن، ئۆز قابىلىيىتىنى ۋە ئۆز ئىقتىدارىنى بەك قالتىس ھېسابلاش، ئۆزىنى مىللەت "قۇتقازغۇچ" ساناپ، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىش كېلىپ چىقىدۇ.

3. بىر قىسىم ئىنسانلاردىكى بىنورمال بەخت تۇيغۇسى. بىر قىسىم ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ بەخت تۇيغۇسىنى ئۆزىنىڭ راھەتلىكىدىن ئەمەس، بەلكى باشقىلارنىڭ راھەتسىزلىكىدىن ئىگە بولۇشى. بۇ بىر بىنورمال بولغان پسىخىكا بولۇپ، ئىنسانلاردا بۇنداق بىنورمال روھىي ھالەت بولغاندا، ئۇنداق ئىنسانلار باشقىلارنىڭ پېشكەللىكىدىن بىر خىل قانەت ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ھەممە ئەزاسى ساغلام بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ بەش ئەزاسىنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنىڭ نەقەدەر مۇھىم بىر بايلىق ئىكەنلىكىنى پەقەت پۇت قولى كەم ياكى ئەمىيپ بولغان بىرسىنى كۆرگەندە ئاندىن ھېس قىلالىشى. بۇنداق بىنورمال پسىخىكىغا ئىگە كىشىلەر پەقەتلا باشقىلارنىڭ بولۇپمۇ ئۆزى تونۇش بولغان بەزى ئىنسانلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى، بەختسىزلىكىنى ۋە ياكى ئۆلارنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرگەندە، ئاندىن بەختلىك تۇيغۇغا ئېرىشەلەيدىغان بولۇپ، ئۇنداق ئىنسانلار نورمالدا باشقىلارنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى كۆرگەنسىرى، ئۆزىنىڭ شۇنداق كۆڭگە قالمىغانلىقىغا شۈنچە شۈكۈر قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئاندىن ئۆز بەختىنى ۋە ئۆز قىممىتىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

مەسىلەن، خەلقىمىز ئىچىدىكى ھوقۇق تۇتقان بىر كىشى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلانغاندا، باي بىر كىشى ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل بوھتانى بىلەن تۇتقۇن قىلىنغاندا ۋە ياكى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ۋەيران قىلىنغاندا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر كىشى ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولغاندا، ئارىمىزدىكى بەزى ئىنسانلار مۇنداق دېيىشى مۇمكىن، "ئەينى ۋاقىتتا ھەجەپ كۆرەڭلەپ كەتكەن ئىدى، ئاينىڭ **15** ئايدىڭ، **15** قاراڭغۇ دېگەن مۇشۇ شۇ". بۇنداق ئەھۋاللار ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئىچىدە كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھاكىمىيەت ئۆزۈن زاماندىن بېرى مەقسەتلىك ھالدا بۇ خىل قاراشلارنى بىزنىڭ كاللىمىزغا سىڭدۈرۈپ كەلگەن. شۇڭا بەزىلەر ئۇ خىل ئەھۋاللارنى ئۆز ـ ئارا پەرقلەندۈرمەيلا، نوقۇل ھالدا ئۇنى ئادالەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى دەپ چۈشىنىپ كەلگەن.

4. مىللەتنىڭ ۋە ياكى ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر ئۇچۇن ئۆز يېنىدىن ۋە ياكى ئەتراپىدىن جاۋابكار ئىزدەش، ۋە ئۇلارنى ھەر خىل بوھتانلار ئارقىلىق ھاقارەتلەپ، ئۆز روھىي ھالىتىنى تەڭپۇڭ قىلىش پسىخىكىسى. بىز گەرچە ھەر خىل ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقى يامان كۈنگە قالغانلىقىمىزنى، ئورتاق دۈشمەننىڭ ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىۋالغان ۋە خەلقىمىزگە زۇلۇم سىلىۋاتقان خىتاي ھاكىمىيتى ئىكەنلىكىنى بىلسەكمۇ، بىراق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىپ، كۆڭلىمىزنى راھەتلەندۈرۈش ئىمكانىيىتىمىز بولمىغاچقا، ئاچچىقىمىزنى چىقىرىپ، روھىي ھالىتىمىزنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش

ئۈچۈن "دۈشمەن" گە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالىمىز. دەل مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىز ھەر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۆز ئىچىمىزدىن ۋە ياكى ئەتراپىمىزدىن "دۈشمەن" ئىزدەيمىز. بۇ بىزدىكى روھىي ئاجىزلىقنىڭ ۋە ئىچىمىزگە كىرىۋالغان قورقۇنجىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ۋاقىتلىق كۆڭلىمىزنى خوش قىلىپ ئۆز ئۆزىمىزنى ئالداشنىڭ تىپىك ئىپادىسىدۇر.

5. بەزى ئىنسانلاردىكى شەخسىييەتچىللىكى، ھەسەتخورلىقى، مەنمەنچىلىكى، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى خالىغانچە قۇربان قىلىش، ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنى قوبۇل قىلالماسلىق، تەنقىد قىلغانلاردىن ئۆچ ئېلىش، رىقابەتچىسىگە دۈشمەندەك مۇئامىلە قىلىش ئىدىيەسى.

ھازىر بىزدە يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ئىختىلاپلارنىڭ سەۋەبلىرىگە قارايدىغان بولساق تۆۋەندىكىلەرنى پەرق ئېتىش ئۈنچە قىيىن بولمىسا كېرەك. ھەر قايسى تەشكىلاتلىرىمىز ۋە ئىختىلاپقا ساھىب بولغان ھەر تەرەپ، گەرچە بىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنىمىز ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلىۋالغان خىتاي ھاكىمىيتى، بىزنىڭ خىتاي ھاكىمىتىدىن باشقا دۈشمىنىمىز يوق دەپ تەكىتلەۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ھەر خىل ئوچۇق ۋە يېپىق سورۇنلاردا قارشى تەرەپكە دۈشمەن مۇئامىلىسىنى قىلىپ، ئۆز-ئارا ھاقارەت قىلماقتا، ۋە ئۇلارغا ھەر خىل بوھتانلارنى چاپلىماقتا. نەتىجىدە بۇ ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن خەلقىمىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان خىتاي ھاكىمىيتى بىر تەرەپتە قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقى زىيانغا ئۇچۇرماقتا، داۋۋا زارار كۆرمەكتە.

## ئارىمىزدىكى بۇ ئىختىلاپلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا نىملەرگە دىقەت قىلىش كېرەك؟

ئالدى بىلەن دۈشمەننى ئېنىق بىكىتىش، داۋادىكى رىقابەتچى بىلەن دۈشمەننى ئايرىش كېرەك. ھەممىمىز بىلگەندەك داۋا بىرەر شەخسنىڭ شەخسىيي داۋاسى ئەمەس، ئۇ مىللەتنىڭ داۋاسى. داۋانى قانداق ئېلىپ بېرىش جەريانىدا پىكىر ئىختىلاپى يۈز بەرگەندە، ئەگەر بىر يەرگە كىلىش ئېھتىماللىقى بولمىسا، داۋاغا زىيان سالماسلىق ۋە ياكى داۋانىڭ ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرى توغرا دەپ قارىغان ئۇسۇلدا داۋا ئېلىپ بارسا بولىدۇ، بىراق ئۆز-ئارا ئىنكار قىلماسلىق كېرەك، ئۆز-ئارا ھۇجۇم قىلماسلىق كېرەك. ئەڭ مۇھىمى قارشى تەرەككە دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەك.

ئوخشىمىغان شەخس ۋە تەشكىلاتلار ئارىسىدا ئەركىن ۋە ئادىل رىقابەتلىشىشنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەر دائىم داۋانى تېخىمۇ ئالغا ئىلگىرلىتىشنى مەقسەت قىلىش، ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش كېرەك. ئوخشىمىغان شەخس ۋە تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قارشى تەرەپنى ئىنكار قىلغاندا، ۋە ياكى دۈشمەننى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، قارشى تەرەپكە ھۇجۇم قىلغاندا، داۋا ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرايدۇ.

تەشكىلاتلار ۋە ياكى داۋا ئىچىدىكى بەزى شەخسلەر قارشى تەرەپنى خاتاغا چىقىرىشنى، ئىنكار قىلىشنى توختۇتۇش كېرەك. پسىخىكىسىدا مەسىلە كۆرۈلگەن ئىنسانلاردا ئورتاق بولىدىغان بىر ئالاھىدىلىك، ئۆزلىرىدە

مەسىلە بارلىقنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلماسلىق ۋە ياكى ئۇنى ھەرزامان ئىنكار قىلىش، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئەڭ قوبۇل قىلمايدىغان ئىش، ئۇلارنى خاتاغا چىقىرىش. ئەگەر ئۇلار ئوچۇقتىن ئوچۇق خاتاغا چىقىرىلغاندا، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىغا تەن بەرمەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ۋاستە تاللىمايدۇ، يالغان ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىدۇ، نەتىجىدە تېخىمۇ چوڭ خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ، بىراق ئۆزىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى يەنىلا ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى بىۋاستە خاتاغا چىقارماي، مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئاساس مەقسەت قىلىپ، ئۆز-ئارا يول قويۇش، ھەر ئىككى تەرەپ بىر قەدەم چېكىنىپ، قارشى تەرەپنىڭ "ئاتتىن چۈشىشى" گە چىراقلىق بىر پۇرسەت بېرىش كېرەك.

تەشكىلار ۋە ياكى بەزى شەخسلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە، ھەرگىزمۇ قارشى تەرەپنى يېڭىشنى، قارشى تەرەپنى باشقىلار ئالدىدا ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلماسلىق كېرەك. ھەر قايسى تەشكىلار ۋە شەخسلەر، خىتاي ھاكىمىيىتىنى بىردىنبىر دۈشمەن دەپ قارىغان ئىكەن، ئۇلار چوقۇم كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ ئورتاق دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش، ئۆزى بىلەن ئوخشىمىغان يولدا ئورتاق دۈشمەنگە قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھەر قانداق شەخس ۋە ياكى تەشكىلاتقا تاجاۋۇز قىلماسلىق كېرەك؛ ئۆز-ئارا ئورتاق نۇقتا تېپىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، كەم دېگەندە ئۆز-ئارا ھۇجۇم قىلىپ، ۋاقىت ۋە ئېنېرگىيەنى ئىسراپ قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئاخىرىدا، شەخسىي غەرەز ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى ئومۇملۇقنىڭ مەنپەئەتى ئۈستىگە قويۇۋالماسلىق، شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك ۋە ئابرۇيپەرەسلىكتىن ۋاز كېچىش، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، ھېسسىياتقا تايىنىپ يەكۈن چىقارماسلىق، خەلقنى ئالدىماسلىق كېرەك. كەڭ قورساق بولۇش، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاكتىپ پوزىتسىيەدە بولۇش، باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىمىزنىگە ۋە غورۇرىغا تەگمەسلىك، ئۆز-ئارا ھاقارەت قىلماسلىق كېرەك.

ئىنساننىڭ كۆڭلى كوكسىنىڭ كەڭ بولۇشى يەنى روھىي دۇنياسىنىڭ توق بولۇشى ئىنساننىڭ بەختلىك بولۇشىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئاكتىپ ۋە تۇراقلىق بولغان روھىي كەيپىيات توغرا تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئاساسىدۇر. ئىنساننىڭ كۆڭلى كوكسى كەڭ، روھىي كەيپىياتى ئاكتىپ ۋە تۇراقلىق بولغاندا، ئىنسان ئىچى تارلىقتىن، ھەسەتخورلۇقتىن، مەنمەنچىلىكتىن خالىي بولالايدۇ، ۋە شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان بىھۇدە ئىختىلاپلاردىن ساقلىنالايدۇ. ئىنساننىڭ روھىي كەيپىياتى تۇراقلىق بولمىغاندا، ئۇنىڭ تەپەككۇرى توغرا بولمايدۇ، ئىنسان ھېسسىياتقا تايىنىپ يەكۈن چىقارغاندا ئۆزىنىڭ خاتا بولۇش ئېهتىماللىقى بەك يۇقىرى بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ كوڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن، كۆڭلى كۆكسىمىزنى كەڭ، روھىي دۇنيارىمىزنى باي قىلسۇن، كەيپىياتىمىزنى ئاكتىپ ۋە تۇراقلىق قىلسۇن.

# ئىختىلاپ ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش

ئىختىلاپ دېگىنىمىز ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەرەپلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۆز-ئارا قېتىلماسلىق، ئۆز-ئارا قارشىلىشىش ۋە ئۆز-ئارا ئىنكار قىلىش.



ھەر كاللىدا ھەر خىيال دېگەندەك، ئوخشىمىغان كاللا، ئوخشىمىغان ئەقىل بىلەن ئوخشىمىغان كۆز قاراشتا ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئارىسىدا ھەر ئىشتا ھەر دائىم ئۆز-ئارا تامامەن ئوخشاش قاراشتا، ئوخشاش پىكىردە بولۇش مۇمكىن ئەمەس، شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپتىن تامامەن ساقلىنىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە، ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىش بەك مۇھىم. ئەگەر ئىختىلاپ ساغلام بىر ئۇسۇلدا توغرا بىر تەرەپ قىلىنسا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئارا چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىنسانلار

ئارىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ. ئەگەر ئىختىلاپ ۋاقتىدا ساغلام بولغان بىر ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇ توقۇنۇش ۋە ئۇرۇش جىدەلگە تەرەققىي قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردە ئەسلىگە كەلمەس قىيىن بولغان ئېغىر زەخمىلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

## ئىختىلاپنى تۆۋەندىكىدەك 3 تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىسى، مۇناسىۋەت ئىختىلاپى. بۇ خىلدىكى ئىختىلاپ ئاساسلىقى شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ئۆز-ئارا ئالاقە ۋە مۇناسىۋەتنى چۆرىدىگەن ھالدا يۈز بېرىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى ئىنسانلارنىڭ كەملىكى، ئوبرازى، ئابرۇيى، غورۇرى، سەممىيەتلىكى، ئىشەنچىسى، ساداقەتلىكى، ۋاپادارلىقى ۋە ئەخلاق پەزىلىتى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلار ئۆز-ئارا سەممىي، راستچىل، ساداقەتلىك، ۋاپادار بولمىغاندا، ۋە ياكى ئۆز-ئارا گۇمان قىلغاندا، ئۆز-ئارا ئىشەنمىگەندە، باشقىلارنىڭ كەملىكنى، ئوبرازىنى، ئابروھىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، باشقىلارنىڭ غۇرىغا تەككەندە ئاسان ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، مەقسەت مۇددىئا ئىختىلاپى. بۇ خىلدىكى ئىختىلاپ ئاساسلىقى مەقسەت مۇددىئاغا يېتىش جەريانىدىكى ئۇسۇل، ۋاستە ۋە يۆنىلىشنى چۆرىدىگەن ھالدا يۈز بېرىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى مەقسەت مۇددىئا ۋە ئۇنىڭغا يېتىش جەريانىغا بولغان چۈشەنچە، تونۇش قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۈچىنجىسى، پايدا مەنپەئەت ئىختىلاپى. بۇ خىلدىكى ئىختىلاپ ئاساسلىقى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى ۋە ياكى مەقسەت مۇددىئاغا يەتكەندىن كېيىن ئىگە بولغان پايدا مەنپەئەتنى چۆرىدىغان ھالدا يۈز بېرىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ۋە ياكى ئىگە بولغان پايدا مەنپەئەتكە قانداق ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە ياكى ئۇنىڭ قانداق تەخسىم قىلىنىشى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

## ئىختىلاپ پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى

بەزىلەر ئىختىلاپنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى كۆز قاراش پەرقىدىن دەپ قارىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار ھەر جەھەتتىن پەرقلىق قىلىپ يارىتىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تەپەكۇرى ۋە پەرقلىق كۆز قارىشىنىڭ بولۇشى تامامەن نورمال ۋە تەبىئى ئىش، بىراق ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئەمەس. ئىنسانلار ۋە ياكى ئىنسانلاردىن تەشكىل تاپقان تەشكىلاتلار ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىنسانلارنىڭ "ئۆزى" نى ئويلىشى بىلەن "ئومۇملۇقنى" نى ئويلىشى ئارىسىدىكى بىنورماللىق ۋە ياكى ئۇلار ئارىسىدىكى ئېغىر دەرىجىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقتۇر. يەنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئويلىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، باشقىلارنى ياكى ئومۇملۇقنى ئويلىشى ئاجىزلاپ كەتكەندە ۋە ياكى ھەممە ئىشتا "مەن، ئۆزەم" ئاساسى ئېقمىغا ئايلانغاندا، تەبىئى ھالدا ئىختىلاپ كېلىپ چىقىدۇ.




ئەگەر بىر ئىنسان ۋە ياكى بىر گۇرۇپپا ئىنسانلار ئۆزىنى ۋە ئومۇملۇقنى ئوخشاشلا ئويلىمىسا، ئۇنداق ئىنسانلار ئادەتتە ھېچ ئىشقا قىزىقمايدىغان، دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان، ھەممە ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئىنسان ۋە ياكى بىر گۇرۇپپا ئىنسانلار ئۆزىنى ۋە ئومۇملۇقنى ئوخشاشلا ئوتتۇرال دەرىجىدە ئويلىسا، ئۇنداق ئىنسانلار ئارىسىدا ئاسان ئىختىلاپ يۈز بەرمەيدۇ، ئەگەر ئىختىلاپ يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنداق ئىنسانلار ئادەتتە ئۆز-ئارا مۇرەسسە قىلىدۇ ۋە كېلىشىدۇ.

ئەگەر بىر ئىنسان ۋە ياكى بىر گۇرۇپپا ئىنسانلار ئۆزىنى ۋە ئومۇملۇقنى كۈچلۈك دەرىجىدە ئورتاق ئويلىيدىغان بولسا، ئۇنداق ئىنسانلار ئادەتتە ھەم ئۆزى ھەم ئومۇملۇق ئۈچۈن بىر ئىش قىلىشقا قاتتىق ئىنتىلىدۇ. ئۇنداق ئىنسانلار پسىخكىسى ساغلام، ئۆزگە ئىشەنچىسى بار ئىنسانلار بولۇپ، ئىش بىجىرىشتە ئەخلاق-پەزىلەت ۋە سەمىمىيەتلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپلارمۇ توغرا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۇنداق ئىنسانلار ئۆز-ئارا ئەركىن ۋە ئادىل رىقابەتلىشىدۇ؛ ئۆزگە

ئوخشاش قابىلىيەتلىك ئىنسانلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئورتاق غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن ئوراتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ.

ئەگەر بىر ئىنسان ۋە ياكى بىر گۇرۇپپا ئىنسانلار پۈتۈنلەي ئۆزىنى ئويلاپ، باشقىلارنى، ئومۇملۇقنى پەقەت ئويلىمىسا، ئاسان ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ. ئۇنداق ئىنسانلار ئادەتتە بەك شەخسىيىيەتچى ۋە قىزغانچۇق كېلىدۇ؛ ئۇنداق ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچەسى ئادەتتە پسىخكىسى ساغلام بولمىغان ئىنسانلار بولۇپ، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى ھەرگىز كۆرەلمەيدۇ، باشقىلارنى ئاسان ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنداق ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچەسى باشقىلارنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ھوزۇر ئالىدۇ. ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەر دائىم ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈستىگە قويىدۇ، ۋە ياكى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر بىلەن باشقىلار ئارىسىدا ھەر دائىم ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ، ياكى بۇنداق ئادەملەر ھەر دائىم باشقىلار ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

## ئىختىلاپنى بىر تەرەپ قىلىش

ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ئىختىلاپتىن تامامەن ساقلىنىش ئۇنچە ئاسان بولمىسا كېرەك، شۇ سەۋەبتىن ئەڭ مۇھىم بولغىنى يالغۇز ئىختىلاپتىن قانداق ساقلىنىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە ئۇنى قانداق قىلىپ توغرا بىر تەرەپ قىلىشمۇ بەك مۇھىم. ئەڭ مۇھىمى ھەر بىر ئىنسان ئىنسانلارنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنى توغرا تونۇش ۋە ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا بەلگىلەش كېرەك.



ئىختىلاپ كەيپىياتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇشى، كۆڭۈلگە ئازار بېرىشى، ئىنسانىي ئەپسۇسلاندۇرۇشى ۋە راھەتسىز قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئىختىلاپ ساغلام بولمىغان ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنسا مۇناسىۋەت تامامەن بۇزۇلىشى، ھەتتا توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر ئىختىلاپ ساغلام ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنسا ئۆز-ئارا

چۈشەنچىنى ئىلگىرى سۈرىشى، ئۆز-ئارا ئىشەنچ ۋە دوستلۇق پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

رونالد رەگان مۇنداق دېگەن ئىكەن: «تىنچلىق دېمەك ئىختىلاپ يوق دېمەك ئەمەس، ئۇ ئىختىلاپنى تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش قابىلىيىتى دېمەكتۇر.»

ئىختىلاپنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىختىلاپقا سەلبىي پوزىتسىيەدە بولۇپ، ئۇنىڭغا ساغلام بولمىغان ئىنكاس قايتۇرۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى ئىختىلاپقا ئىجابىي پوزىتسىيەدە بولۇپ، ساغلام ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك.

ئىختىلاپقا ساغلام بولمىغان سەلبىي ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ ئىپادىلىرى:

1. ئىختىلاپقا سەۋەب بولغان مەسىلىنىڭ مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتەلمەسلىك

2. ئۆز كەيپىياتىنى كونترول قىلالماسلىق، غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىش، ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش

3. رەت قىلىش، ئىنكار قىلىش، ھاقارەتلەش، تەھدىت قىلىش

4. ئىختىلاپتىن قورقۇش، ئەندىشە قىلىش، ئۆزىنى قاچۇرۇش

5. ئاقىۋەتنىڭ ناچار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش

ئىختىلاپقا ساغلام ۋە ئىجابىي ئىنكاس قايتۇرۇشنىڭ ئىپادىلىرى:

1. ئىختىلاپقا سەۋەب بولغان قايسى مەسىلىنىڭ مۇھىم، قايسى مەسىلىنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىش

2. ئەپۇ قىلىشقا ۋە ئۇنتۇپ كېتىشكە تەييار بولۇش

3. مۇرەسسە قىلىش ۋە كېلىشىش ئىقتىدارى بولۇش

4. جازالاش ۋە ئۆچ ئېلىش ئىستىكى بولماسلىق

5. كېلىشىش ئارقىلىق ئىككىلا تەرەپكە ئورتاق پايدىلىق بىر نەتىجىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىشىنىش

## ئىختىلاپنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى

1. ستىرەس يەنى جىددىيلىشىشىيلىششىنى كونترول قىلىش كېرەك. سالماق بولۇش، قارشى تەرەپنىڭ تىل ۋە بەدەن ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسەت مۇددىئاسىنى ئېنىق چۈشىنىپ يېتىش كېرەك. زۇرۇر بولغان يومۇر ئارىلاشتۇرۇپ، كەيپىياتنى تەڭشەش كېرەك.

2. كەيپىيات ۋە قىلمىشنى كونترول قىلىش كېرەك. ئەگەر بىز كەيپىياتىمىزنى ياخشى كونترول قىلساق، باشقىلارغا تەھدىت قىلماي، باشقىلار بىلەن ئۇرۇش جېدەل قىلماي، باشقىلارنى جازالىماي تۇرۇپ، ئۇلارغا بىلدۈرمەكچى بولغان مەقسىتىمىزنى سالقىن بىر كەيپىيات ئىچىدە تىنچ يول بىلەن ئاڭلىتالايمىز.

3. باشقىلارنىڭ ھېس تۇيغۇسىغا ۋە دېمەكچى بولغان مەقسىتىگە دىققەت قىلىش ياكى ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىش كېرەك.

4. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەر خىل پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىش، ئۇنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

5. كەڭ قورساق بولۇش، ئەپۇ قىلىشنى بىلىش كېرەك. مەسىلە ھەل قىلىشنى ئاساس مەقسەت قىلىپ، باشقىلارنى جازالاشنى ۋە ياكى ئۇلارغا ھاقارەت قىلىشنى ئاساس مەقسەت قىلماسلىق كېرەك.

6. قارشى تەرەپنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاشقا، ئۇلارنى خاتاغا چىقىرىشقا، ياكى ئۇلارنىڭ يۈز ئابرۇيى ۋە غورۇرىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنماسلىق كېرەك.

7. دىققەتنى ئىختىلاپ پەيدا قىلغان ئاساسى مەسىلىگە يىغىپ، كونا خاماننى سۆرەپ چىقماسلىق، ئەينى ۋاقىتتا ئىختىلاپ پەيدا قىلغان زىددىيەتنى مۇھىم ئورۇنغا ھەل قىلىش كېرەك.

8. ئىختىلاپ بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان مەسىلىلەرگە بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىمىزنىگە تەگمەسلىك كېرەك.

9. باشقىلارغا بوھتان چاپلىماسلىق، باشقىلارنى يالغان سۆزلەر بىلەن قارلىماسلىق كېرەك.

10. قاچان ۋە قانداق ۋاقىتتا بولدى قىلىشنى ۋە مۇرەسسەلىششنى بىلىش كېرەك.

2018 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

# قوراشتۇرۇش ئويۇنى

قوراشتۇرۇش ئويۇنى (puzzle) نى ئويناپ باققانلار بىلىمىز، قوراشتۇرۇش ئويۇنى ئادەتتە 10 ـ 20 پارچىدىن 1000 پارچىگىچە ئوخشىمىغان ساندىكى پارچىلەرنى ئۆز ـ ئارا قوراشتۇرۇش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا بىر پارچە رەسىم، گۈزەل بىر مەنزىرە قوراشتۇرۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان ئويۇن. ھەر بىر يۈرۈش قوراشتۇرۇش ئويۇنىنىڭ ئەڭ ئاددىيسى 10 ـ 20 پارچىدىن تەشكىل تاپقان بولسا، قوراشتۇرلىرى 1000 پارچىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، كۆپىنچىلىرى 300 ـ 200 پارچىدىن تەشكىل تاپقان. بىر يۈرۈش قوراشتۇرۇش ئويۇنى ئىچىدە بىر بىرىگە تامامەن ئوخشايدىغان ئىككى پارچە بولمايدۇ. ئۇ پارچىلەرنى قوراشتۇرغاندا، ھەر بىر پارچىنىڭ ھەر بىر تەرىپىگە تامامەن ماس كېلىدىغان پەقەت بىرلا پارچە بولىدۇ. بىز ئۇ پارچىلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم كۆرگىنىمىزدە، ھېچقانداق بىر مەزمۇن ياكى مەنزىرە كۆرمەيمىز.



ئەگەر ئويۇن ئوينىغۇچى ئۇ پارچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز جايىغا توغرا قويالىسا، تولۇق بىر پارچە رەسىم ياكى گۈزەل بىر مەنزىرە كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىز ئۇ بىر بىرىگە پەقەت ئوخشىمايدىغان پارچىلارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ بىر يۈرۈش قوراشتۇرۇش ئويۇنى دەپ ئاتايمىز. ئەگەر ئوخشىمىغان ئىككى يۈرۈش ئويۇننىڭ پارچىلىرى ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ قالسا، ياكى ھەر بىر پارچە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان توغرا جايىغا قويۇلمىسا، ئۇ ئويۇن تاماملانمايدۇ، يەنى تولۇق بىر رەسىم ياكى مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولمايدۇ.



مەن ئادەتتە ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىپ بىر ئىش قىلماقچى بولغان ياكى ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن بىر يەرگە توپلاشقان بىر گۇرۇپپا ئىنسانلارنى، مۇشۇ قوراشتۇرۇش ئويۇنى "پۇززلە" غا ئوخشىتىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئەگەر بىز ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىر يەرگە توپلاشقان بىر گۇرۇپپا ئىنسان بىر يۈرۈش قوراشتۇرۇش ئويۇنىغا ئوخشاتساق، بۇ گۇرۇپپىدىكى ھەر بىر ئىنساننى ئۇ ئويۇننىڭ ھەر بىر پارچىسىغا، گۇرۇپپا باشلىقىنى ئويۇننى ئويۇنغۇچىغا ئوخشىتىشىمىز مۇمكىن.

قوراشتۇرۇش ئويۇنىدىكى ھەر بىر پارچە بىر بىرىدىن پەرقلىق بولغىنىغا ئوخشاش، ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن بىر يەرگە توپلاشقان ياكى بىرلىكتە بىر ئىش قىلماقچى بولغان بىر گۇرۇپپا ئىنسانلارمۇ بىر بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنى بىر يەرگە توپلىغان نەرسە ئۇلاردىكى ئوخشاشلىق بولماستىن بەلكى ئاخىرى يەتمەكچى بولغان ئورتاق نىشان، يەنى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ـ ئارا قوراشتۇرۇلۇپ چىدىغان مەنزىرە. ھەرقانداق گۇرۇپپىغا تەۋە ھەر بىر ئىنسان گەرچە ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ مۇستەقىل كاللىسى بار، بىر بىرىدىن پەرقلىق ئىنسانلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كۆز قاراش، ئوي پىكىر، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىش بېجىرىش ئۇسۇللىرىدىكى پەرقلەر، ھەرگىزمۇ تەشكىلات ئىچىدىكى زىددىيەتنىڭ مەنبەسى بولماسلىقى كېرەك، ئەكسىچە بۇ گۇرۇپپا ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئارا ئاجىزلىقنى تولۇقلاشتا زۆرۈر بولغان ئەۋزەللىك دەپ قارىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك.

قوراشتۇرغۇچى ئويۇن ئويىنغۇچى ئەگەر پارچىلارنى بىرلەشتۇرۇش جەريانىدا ھەر بىر پارچە ئۆز ئورنىغا قويۇلمىسا، ئۇلارنى ئۆز ـ ئارا قوراشتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇ پارچىنىڭ بۇ بىر يۈرۈش ئويۇنغا تەۋە ئەمەسلىكنى بىلدۈرمەيدۇ. ئوخشاشلا بىر گۇرۇپپا كىشىلەر ئارىسىدا بەزى كۆز قاراش ۋە پىكىر پەرقى توپەيلىدىن بەزى ئىختىلاپلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ھەرگىزمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ گۇرۇپپىغا تەۋە ئەمەس ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكىم ئۇ گۇرۇپپىدىكى ھەر ئادەم ئورتاق نىشانغا يېتىش جەريانىدا ئۆز ئورنىنى تاپالمىغان بولۇشى مۇمكىن. مەن ئىشىنىمەنكى بىر يەرگە توپلاشقان بىر گۇرۇپپا ئىنسانلار ئەگەر ھەققى تۈردە بىر ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىر يەرگە توپلاشقان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى چوقۇم شۇ قوراشتۇرۇش ئويۇنى (پۇززلە) نىڭ بىر پارچىسىدۇر؛ ئۇ بىر پارچىنىڭ ئورنى توغرا تېپىلمىغانلىق سەۋەبىدىن، بىز ئۇنىڭ ئۇ بىر يۈرۈش ئويۇنغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى ئەخلەتكە تاشلىۋەتسەك، ۋە ياكى باشقا بىر قوراشتۇرغۇچى ئويۇن (پۇززلە) غا قوشۇپ ئوينىساق، ھەرگىز ئۇ پارچە بىلەن باشقا ئويۇننى تاماملاپ، ئاخىرقى گۈزەل مەنزىرىنى پەرپا قىلالمايمىز، ھەم شۇنداقلا ئەسلىدىكى ئويۇندىنمۇ بىر پۈتۈن گۈزەل مەنزىرە كۆز ئالدىمىزغا كەلمەيدۇ.

شۇڭا بىز ئورتاق نىشان ئۈچۈن مەيلى قانچە گۇرۇپپا بولايلى ۋە ياكى كىملەر بىلەن ھەمكارلىشايلى يەنى قانچە يۈرۈش قوراشتۇرۇش ئويۇنى (پۇززلە) ئوينايلى، ئالدى بىلەن بۇ گۇرۇپپىدىكى ھەر بىر ئىنساننىڭ ئوخشىمىغان كۆز قارىشى بارلىقىنى، پەرقلىق تەپەككۇر قىلىدىغان مۇستەقىل ئىنسان ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشىمىز زۆرۈر. ئاندىن ئۇ ئويۇن پارچىلىرىنى بىر يەرگە قويغاندا، بىر بىرى بىلەن ماسلاشماي قالسا، ئالدىراپ ئۇنى بىراقلا خاتاغا چىرىۋەتمەي، سوغوق قانلىق بىلەن "مەن بۇ پارچىنى ئۆز ئۆرنىغا توغرا قويدۇممۇ يوق" دەپ ئويلاپ باقايلى؛ ئالدىراپ ئۇنى ئىنكار قىلمايلى،

ئۇنى ئەخلەت قاتارىدا تاشلىۋەتمەيلى. ئەگەر بىز ئالدىراپ خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇ ئويۇننىڭ بىرەر پاچىسىنى يوق قىلىۋەتسەك، بۇ ئويۇن ھەرقانچە ياخشى ئوينالسىمۇ ھەرگىز تامامەلانمايدۇ.

ھەتتا بىز ياشاۋاتقان پۈتۈن دۇنيانىمۇ شۇ قوراشتۇرۇش ئويۇنىغا ئوخشۇتۇش مۇمكىن. ئەگەر بىز قوراشتۇرۇش ئويۇنىدىكى بىر بىرىدىن پەرقلىق بولغان بارلىق پارچىلارنى بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئىنسانلار دېسەك، ھەر بىر ئىنسان باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى باشقىلاردىن پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ دۇنيا گۈزەل دۇنيا بولغان. ھەر بىر ئىسان پەقەت ئۆزى بولۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى توغرا ئورنىنى تاپالىسا، ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىممىتىنى تاپالايدۇ.

ھەممىمىز بىلگەندەك يالغۇز ئوخشىمىغان ئىرقىي، ئوخشىمىغان مىللەتلەردىن بولغان ئىنسانلارلا ئەمەس، بەلكى ئوخشاش بىر ئىرقىي، ئوخشاش بىر مىللەتتىن بولغان ئىنسانلار، ھەتتا ئوخشاش بىر ئاتا ئانىدىن بولغان قېرىنداشلارمۇ پەرقلىق قىلىپ يارىتىلغان. ئىنساسانلارنىڭ يالغۇز چىرايى پەرقلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ مىجەز خۇلقى، خاراكتېرى، تۇرمۇش ئادىتى، مەدەنىيەت ساپاسى، ئەخلاپ پەزىلىتى، قىزىقىشى، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىش بېجىرىش ئۇسۇللىرىمۇ پەرقلىق. دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن گۈزەللىكلەر، ياخشى ئىشلار ۋە تەرەققىياتلار بۇ پەرقلىق تۈپەلدىن دۇنياغا كېلىۋاتقىنىغا ئوخشاش، بارلىق تالاش-تارتىشلار، ئۇرۇش جېدەللەر ۋە توقۇنۇشلارمۇ دەل مۇشۇ پەرقلەر تۈپەيلىدىن بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئاللاھ نېمە ئۈچۈن بارلىق ئىنسانلارنى ئوخشاش قىلىپ ياراتمايدۇ؟ ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى شۇنداق پەرقلىق قىلىپ يارىتىشىنىڭ مەقسەت مۇددىئاسى نېمە؟ ئۇلارنى ئۇرۇش جېدەلگە سېلىپ توقۇنۇش پەيدا قىلىشمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. دۇنيا دەل شۇ پەرق ۋە زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ؛ دۇنيا دەل شۇ رەڭگا رەڭلىكى بىلەن تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ. بىز دەل شۇ پەرقلەر تۈپەيلىدىن، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامانلىقىنى، نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ رەزىللىكىنى، نېمىنىڭ راس، نېمىنىڭ يالغانلىقىنى، نېمىنىڭ ئىتتىپاقلىق، نېمىنىڭ ئىتتىپاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ بىرلىك، نېمىنىڭ بۆلۈنۈش ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ بەرپا قىلىش / ياساش، نېمىنىڭ بۇزۇش ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ ئۇرۇش، نېمىنىڭ تىنچلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. نېمىنىڭ قۇل بولۇش، نېمىنىڭ ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ مۇستەقىللىق، نېمىنىڭ مۇستەملىكە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ۋەتەندىن ئايرىلغاندا، ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى تازا تارتقاندا، ئاندىن ۋەتەننىڭ قەدرىگە يېتىمىز. بۇ پەرق ۋە زىددىيەتلەر يالغۇز سېلىشتۇرما خاراكتېرلىق بىر مۇھىت يارىتىپ، بىزنىڭ دۇنيانى تونۇشىمىزغا ياردەم بېرىپ قالماستىن، بەلكىم رىقابەتلىك بىر مۇھىت ھاسىل قىلىپ، بىزنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىق تەپەككۇر قىلىپ ئۆزىمىزنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ تۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئەزەلدىن دېڭىزنى كۆرۈپ باقمىغان ئادەم، دېڭىزغا شۇنداق ھەۋەس قىلىدۇ. ئەگەر ئەزەلدىن دېڭىزنى كۆرۈپ باقمىغان بىر ئادەم، تۇنجى قېتىم پارخوت بىلەن دېڭىزنى ساياھەت قىلغاندا، بەك ھاجانلىنىدۇ، بىراق ئەگەر دېڭىز شۇنداق تىنچ بولسا، پارخوتتا قىلغىدەك باشقا ئىش، كۆرگۈدەك باشقا نەرسە بولمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ دېڭىزغا بولغان ھاياجىنى قانچە ئۇزۇن داۋام قىلار؟ بىر نەچچە سائەت؟ بىر نەچچە كۈن؟ بۇنىڭ جاۋابى ھەممىمىزگە ئايان. ئۇنىڭ سەۋەبى دېڭىزدا كۆپ ئۆزگىرىش ۋە پەرقنىڭ بولماسلىقى. ئۇنداقتا بىز دۇنيانىڭ

رەڭگا رەڭلىكىدىن، ئىنسانلارنىڭ بىر بىرىدىن پەرقلىقىدىن نىمىشقا شىكايەت قىلىمىز؟ ئىنسانلارنىڭ ئوي پىكىر، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىش بېجىرىشتىكى پەرقىنى نېمە ئۈچۈن ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزگىچە بىر ئىنسان بولۇشىدىكى مۇقەررەرلىك ۋە زۆرۈرىيەت دەپ چۈشەنمەيمىز؟ ئۇنى ئىنسانلارنىڭ بىر بىرىنى تولۇقلاشتىكى ئەۋزەللىك دەپ بىلمەيمىز؟ بىز نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئويلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ياكى ئۆزىمىزنىڭ كۆز قارىشىنى باشقىلارغا مەجبۇرىي تاڭىمىز؟

ئەگەر شۇ قوراشتۇرۇش ئويۇننىڭ ھەر بىر پارچىسى ئوخشاش بولسا، قانچىلىك ئادەم ئۇنى ئويناشقا قىزىقار؟ ئەگەر بارلىق ئىنسانلار بىر بىرىگە تامامەن ئوخشاش قىلىپ يارىتىلسا، ئوخشاش ئويلايدىغان، ئوخشاش تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، بۇ دۇنيدا قانداق بىر دۇنيا بولار ئىدى؟ بۇ دۇنيادا زىددىيەت ۋە ئىختىلاپ تۈگەپ قالارمىدى؟



بىر كۆزلۈك ئادەملەر



نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى مۇنداق بىر ھېكايىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. بۇرۇنقى زاماندا، ئولتۇرسا قوپسا باي بولۇشنى خىيال قىلىدىغان، بىراق پەقەت جاپالىق ئىشلەشنى خالىمايدىغان بىر ئادەم بار ئىكەن. بىر كۈنى مۇنداق بىر خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ. قۇرۇقلۇقتىن ناھايىتى يىراق بولغان كىچىك بىر ئارالدا بىر توپ ئادەملەر بارمىش، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پېشانىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىدا بىر تاللا كۆزى بارمىش. بۇ ئادەم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باي بولۇشنىڭ پۇرسىتى كەپتۇ دەپ بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئۆز ئۆزىگە دەپتۇكى، ئەگەر مەن ئۇ ئارالغا بارسام، ئۇ بىر كۆزلۈك ئادەملەردىن بىر نەچچىنى تۇتۇپ كېلىپ، دۇنيانى ئايلىنىپ كۆرگەزمە قىلسام، بىر ئايدا مانچە پۇل تاپسام، بىر نەچچە يىلغا بارماي مىليونېر بولىدىكەنمەن. ئۇ ئادەم شۇ خىياللار ئىچىدە ھاياجانلىنىپ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ بىر كېمە ئىجارىگە ئېلىپ، شۇ ئارالغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئۇ ئارالغا يېتىپ بېرىپتۇ. قىرغاققا يېقىنلىشىپ قارىسا، ئۇ ئارالدا ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ راست دېگەندەك پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسدا بىر تاللا كۆزى بار ئىكەن. ئۇ ئادەم ئۇلارنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، قىرغاققا چىقىشىغا، ئۇ ئارالدىكى ئىنسانلار ئىچىدىمۇ ئۆزۈندىن بېرى باي بولۇش پۇرسىتى ئىزدەپ يۈرگەن شۇنداق بىر ئادەم باركەنتۇق. ئۇ ئادەم شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئىككى كۆزلۈك غەلىتە ئادەمدىن بىرسى تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر كۆزلۈك ئادەم ئەمدى باي بولۇشنىڭ پۇرسىتى كەپتۇ دەپ، ئۇ ئىككى كۆزلۈك ئادەمنى تۇتۇپ، ئۇ ئارالنى ئايلاندۇرۇپ كۆرگەزمە قىلىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىپتۇ.

مەن ھازىر ئۆزۈمنى شۇ بىر كۆز بىلەن ياشايدىغان ئارالغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. يەنە قانچىلىك ئىككى كۆزلۈك ئادەملەر شۇ بىر كۆزلۈك ئادەلەر تەرىپىدىن غەلىتە ئادەم قاتارىدا تۇتۇپ كېتىلىپ سازايى قىلىنار؟

## لاگېر تاقالسا مەسلىمىز ھەل بولامدۇ؟




«قايتا تەربىيىلەش مەركىزى» دەپ ئاتالغان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى جازا لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان يىغىۋېلىش مەركەزلىرىگە تۇتۇپ كېتىلگەن كىشىلەرنىڭ تېز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋەتەن سىرتىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ئۆزلىكىدىن ئويغىنىپ، بۇ يىغىۋېلىش مەركەزلىرى ياكى جازا لاگېرلىرىنى تاقاش ئۈچۈن ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ ۋە ئۇ كۈنىنىڭ بالدۇرراق كېلىشىگە قاتتىق تەقەززا بولۇۋاتىدۇ.

تەشكىلاتلىرىمىز ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تىرىشچانلىقى، بولۇپمۇ ئۆزلىرى جازا لاگېر ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان ۋە ياكى ئائىلىسىدىكى يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى جازا لاگېرلىرىدا جازالىنىۋاتقان بەزى قېرىنداشلارنىڭ داددىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، گۇۋاھلىق بېرىپ، خەلقئارا مەتبۇئاتلارنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنى بىرىنچى قول ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىشى بىلەن، يالغۇز دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مەتبۇئاتلار ۋە ئىنسان ھەق-ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىپ قالماستىن، بەلكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، ياۋروپا بىرلىكى، ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ۋە ئاۋستىرالىيە پارلامېنتى ئۇيغۇر مەسىلىسى توغرىسىدا ئوخشىمىغان ئىنكاسلارنى قايتۇردى. خەلقئارانىڭ بۇ ئىنكاسلىرىنى

كۆرگەن بەزى قىرىنداشلار جازا لاگېرلىرىنىڭ پات يېقىندا تاقىلىدىغانلىقىنى ۋە لاگېردىكىلەرنىڭ پات يېقىندا ئازاتلىققا چىقىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇۋاتىدۇ.

خەلقئارانىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈشى ھەقىقەتەنمۇ تارىختا بولۇپ باقمىغان ۋە ئادەمگە ئۈمىد بىغىشلايدىغان زور ئىلگىرلەش. ئۇ خەلقىمىزنىڭ داۋانى خەلقئارالاشتۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن چوڭ بىر نەتىجىسى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ خۇشاللىنىشىمىزغا ئەرزىيدىغان بىر ئىش، بىراق بۇلار ۋەتەندىكى جازا لاگېرلىرىنى تاقاشقا يېتەمدۇ؟ خەلقىمىزنى بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەردىن قۇتۇلدۇرالامدۇ؟ ئەگەر جازا لاگېرلىرى تاقالسا، بىز راستىنلا تەشنالىقىمىزغا قانىمىزمۇ؟ ۋەتەندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى راھەت تاپارمۇ؟ بەزىلەر ئەيتقاندەك لاگېرلار تاقالسا راستىنلا لاگېردىكىلەر ئازاتلىققا ئېرىشەرمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مۇھىم مەسىلىلەردۇر.

ئەگەر بىز ۋەتەندىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان باقساق، بىزنى قاتتىق قايغۇ ھەسرەت ۋە تەشۋىشكە سالىغان بۇ كەڭ كۆلەملىك يىغىۋېلىش ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرى، خەلقىمىزنىڭ ئوخشاشلا راھەت ئەمەسلىكىنى، قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ۋەزىيەتنىڭ كۈندىن كۈنگە كەسكىنلىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش ئۇنچە قىيىن ئەمەس.

بىز ۋەتەننىڭ يېقىنقى **70** يىللىق تارىخىنى قويۇپ تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىنكى ۋەتەندىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ باقساق، ۋەتەننىڭ ۋەزىيىتى بۇ **27** يىل ئىچىدە يىلدىن يىلغا ناچار بولۇپ كەلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بارەن ۋەقەسى، غۇلجا ۋەقەسى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان چوڭ كىچىك ۋەقەلەر يۈز بەردى. خىتاي ھۆكۈمىتى نارازىلىق بىلدۈرگەن ۋە قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قاتتىق باستۇردى ۋە ۋەزىيەتنى كەسكىنلەشتۈردى. خەلقىمىز بولسا ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىنى خىتاي ھاكىمىيىتىدىن ئەمەس، قارشىلىق بىلدۈرگەنلەردىن كۆرۈپ، ئۇلارنى «سىڭگەن نانىنى يەپ جىم ئولتۇرغان بولسا، بۇنداق كۈنگە قالمايتتۇق» دەپ ئەيىبلەشتى. بولۇپمۇ **2008** - يىلدىكى بېيجىڭ ئولىمپىكىنىڭ ئالدى كەينى ۋە **2009** - يىلدىكى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىنكى ۋەزىيەتكە قارايدىغان بولساق، جازا لاگېرلىرى يوق ۋاقىتلاردىمۇ خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم.

**2006** - يىلدىن ئېتىبارەن يالغۇز ۋەتەن ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە ۋە ئەتراپتىكى خىتاينىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەر خىل چەكلىمەلەرگە ئۇچراپ، خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالى بۇرۇنقىدىن كۆپ يامانلاشقان. ئۇ چاغلاردا بىز ئولىمپىك تۈگىسە ۋەزىيەت ياخشى بولىدۇ دەپ ئۆز ئۆزىمىزگە تەسەللى بەرگەن ئىدۇق. ئولىمپىك تۈگەپ ۋەزىيەت ياخشى بولماي تېخىمۇ جىددىيلىشىشىيلەشكەندە، خىتاينىڭ 1 - ئۆكتەبىر دۆلەت بايرىمى ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنىڭدىن كېيىن چاغان ئۆتۈپ كەتسە ۋەزىيەت ياخشى بولىدۇ دەپ ئۆز ئۆزىمىزگە تەسەللى بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن شاۋگۇئان ۋەقەسى ۋە ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى يۈز بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ۋەتەننىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. پۈتۈن تېلفۇن ئالاقە كېسىلدى.

**5** - ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىدىن كېيىن ۋەتەندىكى پۈتۈن تېلفۇن ئالاقە كېسىلىپ، ۋەتەندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلگەندە، تېلفۇن ئالاقىنىڭ تېزراق ئەسلىگە كېلىشىنى، ۋەتەندىكى

ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن تېزراق ئالاقە قىلىشنى ئۈمىد قىلغان ئىدۇق. ئەمدىلىكتە بولسا تېلفون ئالاقە كېسىلگىنى يوق، ھەتتە ئۈندىدارمۇ ئوچۇق، بىراق ۋەتەندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بولغان ئالاقە ئوخشاشلا چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىدۇ. يالغۇز لاگېرغا سولانغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالماستىن، بەلكى لاگېر سىرتىدا «ئەركىن» ياشاۋاتقان ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە دوست بۇرادەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىمۇ مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. ئەھۋال شۇنداقكەن لاگېرلار تاقالسا، خەلقىمىز راھەت تاپارمۇ؟ لاگېرلار تاقالسا لاگېردىكىلەر ئازاتلىققا چىقارمۇ؟

ھازىر خەلقىمىز يۈزلىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ تەھدىت ۋە ئېشكەنجە يالغۇز جازا لاگېرلىرى ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالماستىن، جازا لاگېرلىرى سىرتىدىكىلەرمۇ ھەر كۈنى دىگۇدەك ھەر خىل ۋەھىمە ئىچىدە ياشىماقتا. مىللىي مائارىپنى چەكلەش، قوش تىللىق مائارىپ نامى بىلەن تىلىمىزنى چەكلەش، دىنىمىز، تارىخىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش، مەجبۇرىي توي قىلىش، ھالال بولمىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىشقا مەجبۇرىي بولۇش، دىنىي ئېتىقاد ئېغىر دەرىجىدە چەكلىنىش، مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن ئالدىن رۇخسەت ئېلىپ كىنىشكە بېجىرىش، كىنىشكىسى يوقلارنىڭ مەسجىدكە كىرىشى چەكلىنىش ياكى جازالىنىش، مېھماندارچىلىق ۋە تۇققان يوقلاشلارغا چەكلىمە قويۇش، پەتىگە بېرىش ئۈچۈن رۇخسەت ئېلىش ۋە پەتە قىلىدىغان ۋاقىتنى بەلگۈلەنگەن مۇددەت ئىچىدە كونترول قىلىش، مىللىي كىملىكنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى لاگېر سىرتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار بولۇپ، بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن لاگېر سىرتىدىكى خەلق دۇچ كېلىۋاتقان روھىي ۋە جىسمانىي بېسىم، لاگېر ئىچىدە جازالىنىۋاتقانلاردىن كۆپ پەرقلەنمىسە كېرەك.

مەن ئۈمىدسىز بىر ئادەم ئەمەس، ھەم مېنىڭ ھېچكىمنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈش، ھېچكىمگە سوغاق سۇ سېپىش مەقسىتىم يوق. مەن پەقەتلا مەسىلىنى مەنتىقىلىق ئويلاپ، رېئاللىقنى ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، ئۆز ئۆزىمىزنى ئالداشتىن ساقلىنىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. خىتاي ھۆكۈمىتى جازا لاگېرلىرىنى ئاچقاندا چوقۇم بىر مەقسەتكە يېتىشنى پىلانلىغان بولۇشى مۇمكىن. جازا لاگېرلىرى ئۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان چارىلەرنىڭ بىرى، ھەممىسى ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرى تامامەن مەغلۇپ بولۇشتىن بۇرۇن، بۇ پىلانىدىن ئالدىراپ ۋاز كەچمەيدۇ.

ھازىر كۆپىنچىمىز لاگېرلارنىڭ خەلقىمىزگە زور تەھدىت بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، داۋانى **100** مېترلىك تېز يۈگۈرەشكە ئايلاندۇرۇپ، خۇددى لاگېرلار تاقالسا خەلقىمىز ئەركىن نەپەس ئالالايدىغاندەك، پۈتۈن كۈچ ۋە زېھنىمىزنى لاگېرلارنى تاقاشقا قارىتىۋاتىمىز. مېنىڭ قارىشىمچە لاگېرلار ھەرگىز بۇنداق ئاسان تاقالمايدۇ، ياكى تاقالغان تەقدىردىمۇ، ماھىيەت جەھەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. خەلقىمىز ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا داۋاملىق جازالىنىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تەكىتلىمەي، نوقۇل ھالدا نىشانىمىزنى لاگېرلارنى تاقاش قىلىۋالساق ۋە ياكى كۈچىمىزنى لاگېرلارنى تاقاشقا مەركەزلەشتۈرۈۋالساق، مەيلى لاگېرلار تاقالسۇن ياكى تاقالمىسۇن، ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. نەتىجىدە ۋەتەن سىرتىدىكى خەلقىمىز ئارىسىدا ئۈمىدسىزلىنىش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا داۋانى توغرا تەشۋىق قىلىشىمىز، خەلقنى قۇرۇق ئۈمىدلەندۈرمەسلىكىمىز ھەم شۇنداقلا ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئالدىنى

ئېلىشىمىز كېرەك. دۈشمەن ھامان بىر كۈنى مەغلۇپ بولىدۇ، بۇ كۈنلەر بۇنداق داۋام قىلىۋەرمەيدۇ. خۇددى مارتىن لۇزىر كىڭ دېگەندەك «ئېزىلگەن خەلق مەڭگۈ ئېزىلىۋەرمەيدۇ، ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىش ھامان پەيدا بولىدۇ.»




**ئېزىلگەن خەلق مەڭگۈ ئېزىلىۋەرمەيدۇ. ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىش ھامان پەيدا بولىدۇ.**

بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈپ مەقسىتى ھەرقايسى ساھالەردە كۆزگە كۆرۈنگەن ۋە جامائەت ئىچىدە تەسىرى بار ئۇيغۇرلارنى يوق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېشىدىكى دېخخانچىلىق دەۋرىگە قايتۇرۇش؛ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى كەسپىي خادىملار سانىنى تەدرىجىي ئازلىتىش ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنى كەسپىي خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرماسلىق، ئۇنىڭ ئورنىغا مەمۇرى خادىملارنى نىسپىيي ھالدا كۆپەيتىش، ياخشى ئوقۇغان ۋە ھۆكۈمەتكە سادىق بولغان ئۇيغۇرلارنى كۆپلەپ تۆۋەن قاتلامدىكى مەمۇرى خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يىغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش؛ ئۇيغۇرلارنى ھەر جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇپ، مىللىي كىملىكىنى يوق قىلىش ئىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدەممۇ قەدەم ئەمەلىيلىشىۋاتىدۇ ۋە ياكى ئەمەلىيلىشىشكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ.

ھازىر بىز قارايدىغان بولساق، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە ئۆزىگە ئەڭ چوڭ تەھدىت بولۇۋاتقىنى، ھەرگىزمۇ بىزدىكى «زوراۋانلىق، بۆلگۈنچىلىك ۋە ياكى دىنىي ئەسەبىيلىك» بولماستىن، بەلكى بىزدىكى مىللىي كىملىك ۋە ئۆزىمىزنى كۆڭلىمىزدىن خىتاي پۇقراسى دەپ قارىماسلىق. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ مەقسىتىمۇ بىزدىكى «زوراۋانلىق، بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك» نىلا يوقىتىش بولماستىن، بەلكى بىزدىكى مىللىي كىملىك ۋە مىللىي ئاڭنى تامامەن يوقىتىش بولىۋاتىدۇ. موھەممەد سالىھ ھاجىدىن باشلاپ ياش ناخشىچى ئابلاجان ئاۋۇتقىچە، خالمۇرات غوپۇر، راھىلە داۋۇتتىن تارتىپ ياش پۇتبولچى ئېرفان ھېزىمغىچە بولغان

ئۇيغۇرلار ئىچىدە تەسىرى بار دەپ قارالغان ھەرقانداق ئادەمنى يوق قىلىشى، ھەتتا ھۆكۈمەتكە ئەڭ سادىق دەپ قارالغان نۇر بەكرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ھازىر ھۆكۈمەتكە ساداقەتلىكىنى بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان قەيسەر ئابدۇكەرىمگە ئوخشاش كىشىلەرمۇ، ئەگەر ئۇلاردا ئازراقلا ئۇيغۇرلۇق ئېڭى بولىدىكەن، ئۇلارنىڭمۇ كۆرىدىغان كۈنى تېخى ئالدىدا.

ھەممىمىز بىلگەندەك ئىلھام توختى، خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ئىزچىل ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، خىتاينىڭ قانۇنى بويىچە ئۇيغۇرلارغا ھەق-ھوقۇق تەلەپ قىلغان ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلھام توختىنى، بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆز ئالدىدا خەلقئارادىكى نۇرغۇن تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ نارازىلىقىغا پىسەنت قىلىپ قويماي، ئۇنىڭغا مۇددەتسىز جازا بەردى. مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ بىزدە باشقا تاللاش يولىنىڭ قالمىغانلىقىغا يېتەرلىك دەلىل بولالايتتى. ئەمدىلىكتە جازا لاگېرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، تېخىمۇ كۆپلىگەن بىگۇناھ ئىنسانلار سەۋەبسىز تۇتقۇن قىلىنماقتا ۋە ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەتسىز جازالانماقتا.

جازا لاگېرى خەلقىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىنى يوقىتىش جەريانىدا قوللىنىۋاتقان ھەر خىل جازالاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئەمەس. بىر مىللەتنىڭ مىللىي كىملىكىنى، ئۇ مىللەتنىڭ بىر قىسمىنى فىزىكىلىق قىرغىن قىلىش بىلەن يوق قىلغىلى بولمايدۇ. بىراق ئۇ مىللەتنىڭ روھىنى يوق قىلىش بىلەن ئۇ مىللەتنى يوق قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا مەيلى جازا لاگېرلىرى تاقالسۇن ياكى تاقالمىسۇن، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق خەلقىمىزنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن جازالاپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ۋەيران قىلىشى، روھىي ھالىتى ۋە پسىخىكىسىنى بۇزۇشى ۋە شۇ ئارقىلىق مىللىي كىملىك، مىللىي روھنى يوق قىلىش مەقسىتىگە يېتىشى مۇمكىن.

ھازىرغا قەدەر خىتاي ھۆكۈمىتى جازا لاگېرلىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ كەلدى. ئەلجەزىرىيەنىڭ تېلېۋىزور قانىلىدا سۆز قىلغان ۋىكتور گائو، خىتاي زىيالىيىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن يالغۇز جازا لاگېرلىرىنى ئىنكار قىلىپلا قالماستىن، ھەتتا ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 7 ،6 مىليون دەپ ئېلان قىلدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ھىتتاي ھۆكۈمىتى 2015 - يىلى ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 11.30 مىليون ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قىلىش سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا قويغان سان ئەمەس. بۇ بەلكىم خىتاينىڭ 2020 - يىللىق نوپۇس تەكشۈرۈشىدە ئېلان قىلماقچى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىغا نىسبەتەن ئالدىن ئوتتۇرىغا تاشلىغان بىر سىگنال بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن مەن جازا لاگېرى تاقالغان تەقدىردىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى تۈپتىن يوق قىلىپ، كەلگۈسىدە خەلقىمىزنىڭ ئاۋازىنى چىقماس قىلىپ قويۇش ئۈچۈن جازا لاگېرلىرىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان باشقا خىلدىكى ھەتتا ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئېغىر بولغان جازالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشى مۇمكىن دەپ قارايمەن.

يېقىندىن بىرى جازا لاگېردىكىلەرنى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە يۆتكەۋاتقانلىق توغرىسىدا بەزى خەۋەرلەر تارقىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، بىراق بىزنىڭ ۋەتەندىن خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە قاتنايدىغان پويىز بىلەتلىرىنىڭ 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈنلەي توختىتىلىدىغانلىق خەۋەرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تۈركۈملەپ خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە يۆتكەش پىلانى تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. بۇ بەلكىم مەن يۇقىردا ئوتتۇرىغا قويغان جازا لاگېرلىرى تاقالغاندىن

كېيىنكى تېخىمۇ ئېغىر جازالاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولسا كېرەك. ھەممىمىز بىلگەندەك خىتايدا 5 ئاپتونوم رايوندىن باشقا 22 ئۆلكە بولۇپ، بۇ ئۆلكىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا 50 مىليوندىن ئارتۇق بەزىلىرىدە ھەتتا 100 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس بار. ھەر بىر ئۆلكىگە يېرىم مىليون ئۇيغۇرلارنى چېچىۋەتسە، 10 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر خۇددى قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭىپلا كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەتەندىكى لاگېرلارنى راھەت راھەت تاقاپ، بىزنىڭ ۋەتەندە لاگېر يوق قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. 2020 - يىللىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە خىتايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بىراق ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى، خۇددى ۋىكتور گائو ئالدىن سىگنال بەرگەندەك 6، 7 مىليونغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

جازا لاگېرلىرى، گۇئانتانامودا تۇتۇلغان قېرىنداشلار مەسىلىسىگە ۋە 5- ئىيۇل قىرغىنچىلىقىغا ئوخشاش، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىدى ۋە ئويناۋاتىدۇ. جازا لاگېرلىرى يالغۇز داۋانى خەلقئارالاشتۇرۇپ قالماي، بۇرۇن داۋادىن ئۆزىنى قاچۇرغان نۇرغۇن كىشىلەرنى داۋا سېپىگە سۆرەپ كىردى. ئەگەر بىز جازا لاگېرلىرىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر داۋاسىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئاڭلاتماي، زېھنىمىزنى ۋە بارلىق كۈچىمىزنى پەقەت جازا لاگېرلىرىنى تاقاشقا مەركەزلەشتۈرىۋالساق، جازا لاگېرلىرىنىڭ تاقىلىشى بىلەن خەلقىمىز يۈزلەنگەن تەھدىتلەر ھەرگىز ئازلىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن جازا لاگېرلىرى تاقالغاندىن كېيىن، داۋانى يەنە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن باشقا بىر نەرسىنى كۆتۈرەپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ مەقسەت، مۇشۇ جازا لاگېرلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ تۇرۇپ خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئەھۋالىنى ۋە داۋانىڭ تۈپ مەقسىتىنى خەلقئاراغا تولۇق ئاڭلىتىپ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە تىرىشىش بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىز باش ئاغرىسا باش ئاغرىقنى، قورساق ئاغرىسا قورساق ئاغرىقنى داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاغرىق پەيدا بولۇشنىڭ سەۋەبىگە ئېتىبار بەرمىسەك، بۇنداق پۇرسەت بىزگە يەنە كېلىۋەرمەيدۇ.




**ئەركىنلىكنى، ھۆكۈمران سىنىپ مەڭگۈ ئۆزلىكىدىن بەرمەيدۇ؛ ئەركىنلىك ئېزىلگۈچى سىنىپ تەرەپىدىن ئېلىنىدۇ**

# ئەخلاق توغرىسىدا

ئەدەپ ئەخلاق ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغان بولۇپ، بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدىمۇ، مەيلى ئائىلىدە بولسۇن، مەيلى مەكتەپتە بولسۇن، تارىختىن بۇيان خەلقىمىز ئەدەپ ئەخلاق تەربىيەسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئەپسۇس يېقىنقى زامانلاردىن بۇيان بىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز ۋە دىنىي ئېتىقادىمىز ئېغىر دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچراپ، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىزدا ئېغىر تەۋرىنىش ۋە بۇزۇلۇشلار بولماقتا.

نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ۋەتەندىكى بىر يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقە ھېلىھەم ئېسىمدە. ئىچىدە 20 دىن ئارتۇق يولۇچى بار بىر ئاپتوبۇسنىڭ شوپۇرى بىر قولى بىلەن ئاپتوبۇسنى ھەيدەۋېتىپ يەنە بىر قولى بىلەن تاماكىسىغا ئوت يېقىپ، ئاپتوبۇس ئىچىنى ئىس-تۈتەككە تولدۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. ئەزەلدىن تاماكا چەكمەيدىغان مەن تاماكىنىڭ ئىس تۈتەكىگە ئالاھىدە سەزگۈر بولغانلىقىم ئۈچۈن، راھەتسىز ھېس قىلدىم ۋە شوپۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ، شۇنچە كۆپ ئادەم بار ئاپتوبۇسدا تاماكا چەكسە ئەدەپسىزلىك بولىدىغانلىقىنى دېدىم. بىراق شوپۇر ماڭا بىر قارىۋېتىپ، تاماكا چېكىش چەكمەسلىك ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، تاماكا چېكىشنى داۋام قىلدى. ھازىر ھەر خىل ئىجتىمائىي تاراتقۇلارغا قارايدىغان بولساق، ئوخشاشلا سۆز ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، باشقىلارنى ھەر خىل بولمىغۇر سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلىدىغان ئەھۋاللارنى ھەر كۈنى دېگىدەك ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

ئۇنداقتا ئەخلاقنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ بىز ئەركىنلىكنى تەكىتلىگەندە ئەخلاقنى ئۇنتۇپ قالساق بولامدۇ؟

ئەخلاق (**morality, ethics**) دېگىنىمىز ئىنسانلارنىڭ سۆز ھەرىكىتى ۋە قىلمىشىنىڭ توغرا ۋە خاتالىقىنى، ياخشى ۋە يامانلىقىنى، ھەق ۋە ناھاقلىقىنى، ئالىيجاناپ ياكى پەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق پەزىلىتى ئۇلارنىڭ ئائىلە تەربىيەسى، ئىجتىمائىي كەچۈرمىشى، سەممىيەتلىكى، راستچىللىقى، ئېتىقادى، قىممەت قارىشى، ئۇنىۋېرسال ساپاسى قاتارلىق ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.



ئامېرىكا فېدىرال ھۆكۈمەت ئالىي سوتىنىڭ بۇرۇنقى سوتچىسى پوتتەر ستىۋارت مۇنداق دېگەن ئىكەن: ئەخلاق دېمەك ئىنسانلارنىڭ نېمە قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى بىلەن نېمە قىلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىڭ پەرقىنى بىلىش دېمەكتۇر.

ئەخلاق — باشقىلارنىڭ نازارەت قىلىشى ۋە قانۇننىڭ چەكلىمىسى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەر بىر ئىنساننىڭ بويسۇنۇشى كېرەك بولغان ئۇنىۋېرسال قائىدە-يوسۇن ۋە ئۆلچەمدۇر. ئەخلاق ئىنسانلارنىڭ سۆز پىكىرلىرىگە ۋە قىلمىشىغا قويۇلغان ئەڭ ئىپتىدائىي تەلەپ ۋە ئۇنىۋېرسال چەكلىمە بولۇپ، ئۇ قانۇن-تۈزۈمدىن ئىبارەت كونكېرت ۋە مەجبۇرىي چەكلىمىگە نىسبەتەن تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىنسانلارنىڭ سۆز ھەرىكىتى ۋە قىلمىشى ئەخلاقتىن ئىبارەت ئەڭ ئۇنىۋېرسال قائىدە يوسۇن دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەندە، قانۇندىن ئىبارەت مەجبۇرىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەركىنلىك بولسا ئاللاھنىڭ ھەر بىر ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەڭ ئەقەللىي ھەق-ھوقۇقلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئەخلاق ۋە قانۇن-تۈزۈم ئۆلچىمى ئىچىدە كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەركىنلىك دېگەندە، ئۇ ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر ئىنسانغا خاس ئىمتىياز بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانغا ئورتاق تەۋە بولغان ئىمتىيازدۇر. شۇ سەۋەبتىن بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەركىنلىكىنى تەكىتلىگەن ۋاقتىمىزدا ئۇ ئەركىنلىكنىڭ باشقىلارغىمۇ تەۋە ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز، ھەم شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ ئەركىنلىكىنى دەپ، ئەخلاق ۋە قانۇن ئۆلچىمىدىن ھالقىپ چىقىپ، باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە ۋە ھەق-ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەسلىكىمىز كېرەك.

ئەخلاقنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن

## خۇسۇسىي ئەخلاق (personal ethics)

خۇسۇسىي ئەخلاق دېگىنىمىز ھەر بىر ئىنساننىڭ نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ ھەق نېمىنىڭ ناھەق، نېمىنىڭ ئادىل، نېمىنىڭ ئادىل ئەمەس ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇشى ۋە ئېتىقادى بولۇپ، ئۇ ھەر بىر شەخسنىڭ سۆز ھەرىكىتى ۋە قىلمىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۆلچەمدۇر. ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىي ئەخلاقى باشقا ئەخلاقلارنىڭ ئاساسى بولۇپ، خۇسۇسىي ئەخلاق بولمىغان ئىنساننىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ۋە جەمئىيەتكە كۆپ تۆھپىسى بولمايدۇ.

## ئىجتىمائىي ئەخلاق (Social ethics)

ئىجتىمائىي ئەخلاق دېگىنىمىز ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتكە بولغان مەسئۇلىيىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. ئىجتىمائىي ئەخلاق جەمئىيەت ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنىڭ مۇھىم بىر كاپالەتلەندۈرگۈچى كۈچىدۇر. ئىجتىمائىي

ئەخلاق مۇكەممەل بولغان جەمئىيەتتە ئىناقلىق ۋە مۇقىملىق بولىدۇ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە جىنايى قىلمىشلار كۆپ بولمايدۇ.

### دىنىي ئەخلاق (religious ethics)

دىنىي ئەخلاق دېگىنىمىز ئىنسانلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئۇ ئىنسانلار سۆز ھەرىكىتى ۋە قىلمىشىغا قويغان چەكلىمە ۋە ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك دىنىي ئېتىقاد پائالىيەتلىرىدە يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. دىنىي ئەخلاق ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن قانۇن-تۈزۈم دەپ قارالغىنى ئۈچۈن، ئۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.




**مۇھەممەد پەيغەمبەرىمىز مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئاللاھ شەپقەتلىكتۇر، ئۇ مېھىر-شەپقەتلىك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.»**

### كەسپىي ئەخلاق (professional ethics)

كەسپىي ئەخلاق دېگىنىمىز ھەر خىل كەسىپ ئەھلىنىڭ كەسپىي مەسئۇلىيەتچانلىقى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ بويسۇنۇشقا تېگىشلىك بولغان ئەخلاق ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇ كەسىپ

ئەھلىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، كەسپتىن خەۋىرى بولمىغان ياكى كەسپىي ساۋادى تۆۋەن بولغان ئادەتتىكى ئىنسانلارنى ئالداپ، ئۆلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىشتىن ساقلىنىشتا ناھايتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مەسىلەن، كۈچلۈك كەسپىي ئەخلاقى بولمىغان بىر ئادۋۇكات بەلكىم ئەرىزدار ياكى خېرىدارلارنىڭ خۇسۇسىي سىرلىرىنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىشى مۇمكىن. كۈچلۈك كەسپىي ئەخلاقى بولمىغان بىر دوختۇر بەلكىم بىمارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ئاجىزلىقىنى باشقىلارغا سۆز چۆچەك قىلىپ تارقىتىشى، ۋە ياكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ، بىمارغا زۆرۈر بولمىغان دورىلارنى بېرىشى، زۆرۈر بولمىغان تەكشۈرۈش ۋە داۋالاشلارنى ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

نورمالدا مەلۇم بىر ئىنسان گىرىپتار بولغان مەلۇم بىر كېسەلنى توغرا داۋالاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇ ئىنسان گىرىپتار بولغان كېسەللىككە توغرا دىئاگنوز قويۇش كېرەك. كېسەلگە توغرا دىئاگنوز قويۇش ئۈچۈن، بىمارنىڭ كېسەل تارىخى بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىققاندىن باشقا بىمارنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئەھۋالىنى كۆزىتىش ۋە تەكشۈرۈشكە، ھەتتا بەزى ئالاھىدە ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىپ بەزى ئالاھىدە تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بىمار گىرىپتار بولغان كېسەلگە ئېنىق دىئاگنوز قويىماي تۇرۇپ، بىمار تەمىنلىگەن ئۇزەكى ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، يەڭگىللىك بىلەن بىمارغا داۋالاش تەكلىۋىنى بېرىش، تىببىي كەسپىي ئەخلاقتا ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ۋە ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان نەرسىلەرنى ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن ھەقىقەت قاتارىدا سۆزلەشمۇ كەسپىي ئەخلاقتا ئۇيغۇن ئەمەس.

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، توردىن ۋەتىنىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئىزدەۋېتىپ، ۋەتەندىكى بىر ساقلىقنى ساقلاش رادىيو ـ تېلېۋىزيە پروگراممىسىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ ساقلىقنى ساقلاش مەسلىھەت بېرىش پروگراممىسى بولۇپ، ساغلاملىققا مۇناسىۋەتلىك سوئاللىرى بار كىشىلەر نەخ مەيدانغا تېلفۇن قىلسا، پروگراممىغا قاتناشقان ئاتالمىش تىببىي مۇتەخەسسىلەر سورالغان ساغلاملىق مەسىلىرىگە مەسلىھەت بېرىدىكەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇ ئاتالمىش تىببىي مۇتەخەسسىلەر تىببىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ نورمال خىزمەت تاپالماي دورا شىركەتلەرنىڭ دورا سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ۋە ياكى قوشۇمچە كىرىم قىلىش ئۈچۈن دورا شىركەتلەر تەرىپىدىن ياللانغان ئالاھىدە تەجرىبىسى يوق يالاڭ ئاياق دوختۇرلار بولۇپ، ئۇلار ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ ئوخشىمىغان ساغلاملىق مەسىلىرىگە ئاساسەن ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلغان دورا شىركەتلىرىنىڭ دورىلىرىنى تەۋسىيە قىلىدىكەن. ئەڭ كۈلكىلىك يېرى، بىمارلارنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ قانچىلىك پەرقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلغان دورا شىركىتىنىڭ بىر ياكى ئىككى خىل دورىلىرىنى ھەممىگە قادىر دورا شەكلىدە سوئال سورىغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە تەۋسىيە قىلىدىكەن. بۇ خىلدىكى كەسپىي ئەخلاق مەسىلىسى جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ، ھەممىمىزنىڭ دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

### تىجارىي ئەخلاق (business ethics)

تىجارىي ئەخلاق دېگىنىمىز تىجارەت جەريانىدا بويسۇنۇشقا تېگىشلىك بولغان ئۇنىۋېرسال ئۆلچەم بولۇپ، ئۇ تىجارەتنىڭ دۇرۇس، راس ۋە ئادىل بولۇشىنىڭ ئاساسى ھەم كاپالىتىدۇر. ئىنسانلاردا تىجارى ئەخلاق بولمىغاندا، ئوخشىمىغان تىجارەتچىلەر ۋە ياكى تىجارى شىركەتلەر ئارىسىدا ئادىل بولمىغان رىقابەت شەكىللىنىشى، ئىستېمالچىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچۇرىشى مۇمكىن.

## مۇنازىرە ئەخلاقى (debating ethics)

مۇنازىرە ئەخلاقى بولسا ئىنسانلارنىڭ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرى ۋە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا بويسۇنۇش زۆرۈر بولغان ئۆلچەم بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى كۆز قاراش پەرقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان پىكىر ئىختىلاپىنى ھەل قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. كۆز قاراش مۇتلەق توغرا ۋە ياكى مۇتلەق خاتا بولمايدۇ. ئۇ پەقەتلا ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ ئوخشاش شەيئىيلەرگە بولغان ئوخشىمىغان چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت. بىز ئۆزىمىزنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزگىچە كۆز قارىشى بولۇشىنىڭ نورمال ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز ۋە قانداق قىلىپ ئۆز كۆز قاراش ۋە پىكىرلىرىمىزنى توغرا يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇشتا، مۇنازىرە ئەخلاقىغا بويسۇنۇش بەك مۇھىم.

مۇنازىرە ئەخلاقى بىزدە ئەڭ كەم بولغان ئەخلاق بولۇپ، بىز مەيلى ھەقلىق بولايلى ياكى ھەقسىز بولايلى، بىز ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە مەيلى توغرا بولسۇن ۋە ياكى خاتا بولسۇن، بىز ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى قانداق ۋە قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن ئوتتۇرىغا قويساق، ئۇنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ ھەق-ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى نوقۇل ھالدا تەكىتلەيمىز. باشقىلارنىڭ شۇنداق ھەق-ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىمىز. ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى باشقىلارغا مەجبۇرىي تاڭىمىز. ئەگەر باشقىلار قوبۇل قىلمىسا، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايمىز، ياكى ئۇنى شەخسىي ئالىمىز.

## تەنقىد ئەخلاقى (ethics of criticism)

تەنقىد ئەخلاقى بولسا ئىنسانلارنىڭ باشقىلارنى تەنقىد قىلىشتا بويسۇنۇش زۆرۈر بولغان ئۆلچەم بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ باشقىلارنى تەنقىد قىلغاندا تەنقىدكە شەخسىي ئۆچمەنلىكنى ئارىلاشتۇرۇپ، مەسىلىنىڭ تەنقىد قىلماقچى بولغان دائىرىدىن ھالقىپ، تەنقىدنىڭ شەخسىي ئاداۋەت، شەخسىي ھاقارەت ۋە ياكى شەخسىي ھۇجۇمغا ئايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تەنقىد دېمەك ھەرگىزمۇ ئاغزىغا كەلگەننى دەپ، باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىمىزنىگە ھۇجۇم قىلىپ، باشقىلارنى ھاقارەت ئەتمەك ئەمەس. تەنقىد دېمەك پاكىتقا تايىنىپ، باشقىلار سادىر قىلىۋاتقان خاتالىقلار

توغرىسىدا ۋە ياكى جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان يامان ئىللەتلەر توغرىسىدا تەنقىدىي پىكىر يۈرگۈزۈپ، شەخس ۋە جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ناچار ئەھۋاللارنى تۈزەش ئۈچۈن ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىش دېمەكتۇر.

بىزدە «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ ئېيتار» دەيدىغان ئەقلىيە سۆز بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى سەممىي تەنقىدنىڭ دوستلۇقتىن كېلىدىغانلىقى، دوستلارنىڭ تەنقىدىنىڭ ئىنسانلارغا ئىجابىي رولى بولىدىغانلىقى، ئەكسىچە بىزنى كۈلدۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دوست بولۇشىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكى، يەنى دۈشمەننىڭ بىزنى تەنقىدلىمەي، كۈلدۈرۈپ بىخۇت قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دېمەك ئۆز-ئارا تەنقىد مەلۇم ئەخلاق ئۆلچىمى ئىچىدە سەمىمىي ئېلىپ بېرىلغاندا، ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى دوستلۇقنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ، ئارىمىزدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى يامان ئىللەتلەرنى ئازلىتىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

ئەپسۇس، ئارىمىزدىكى بەزى ئىنسانلار ئىچىدە تەنقىد قىلىش نامى بىلەن باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىمىزگە ھۇجۇم قىلىدىغان ۋە ياكى باشقىلارغا ھاقارەت قىلىدىغان، ئەخلاقىمىزغا ئۇيغۇن بولمىغان يامان ئىللەتلەر كۆنسايىن كۆپەيمەكتە. بۇلارنى ئاساسەن بىزنىڭ تەنقىد ئەخلاقىمىزنىڭ كەم بولۇشى ۋە ياكى باشقىلارنى تەنقىد قىلغاندا مەلۇم ئەخلاق-پەزىلەت ئۆلچىمىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتمىگەنلىكىمىزدىن بولۇۋاتىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ.




**فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ، يازغۇچى ئالبەرت كەمىيۇ ئەخلاق توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئەخلاق يوق ئىنسان — مەيلىگە قويۇۋېتىلگەن ياۋايى ھايۋاندۇر.»**

ئەخلاقنىڭ ئۆلچىمى ھەم ئۇنىۋېرسال ۋە ئىزچىل بولىدۇ، ھەم ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان شارائىت ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنىشىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا پەرقلىق، ئۆزگىچە ۋە نىسپىي بولىدۇ. مەلۇم دەۋر ۋە شارائىتتا ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانمىغان بەزى قىلمىش، مەلۇم شارائىت ۋە مۇھىتتا ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىشى مۇمكىن. مەلۇم مىللەت ئارىسىدا ئەخلاقسىزلىق ھېسابلانمىغان بەزى سۆز ھەرىكەت ۋە قىلمىشلار باشقا بىر مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بار مىللەتلەر ئىچىدە ئەخلاقسىزلىق ھېسابلىنىشى مۇمكىن.

بىزنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىمىزدە، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ۋە كەسپىي ئەخلاق ئۆلچىمىمىزدە يېقىنقى **60 ـ 70** يىلدىن بىرى، بولۇپمۇ كېيىنكى **20 ـ 30** يىل ئىچىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئەخلاق ئۆلچىمىمىز زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئادالەت ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇمىز تۆۋەن، ياۋاشنى بوزەك ئېتىپ، يامانغا يول قويىمىز ۋە ياكى ئادالەتسىزلىككە سۈكۈت قىلىمىز. ئىسپاتسىز، ئاساسى يوق گەپلەرگە ئىشىنىپ، باشقىلارغا بوھتان چاپلايمىز. ئۆزىمىزنىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئېغىزىمىزغا كەلگەننى دەپ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىمىز. باشقىلارنى ھاقارەتلەيمىز. ھېسسىياتىمىزغا تايىنىپ بىلمىسەكمۇ بىلىدىغاندەك سۆزلەپ، باشقىلارغا خاتا ئۇچۇر ۋە خاتا چۈشەنچە بېرىمىز. ئۆزىمىزنىڭ كىچىككىنە مەنپەئەتىنى دەپ، باشقىلارغا زىيان سېلىشتىن يانمايمىز.

بىزدە «ئەخلاق ئادەمنىڭ زىننىتىدۇر»، "ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتەر" دېگەندەك نۇرغۇنلىغان ئاتا سۆزلىرى بار. بىر ئىنساننىڭ گۈزەللىكى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە ئۇنىۋېرسال ساپاسى بىلەندۇر.




ئامېرىكىلىق مەشھۇر تىجارەتچى، مەبلەغ سالغۇچى ۋە ساخاۋەتچى ھەنرى كىراۋىس **(Henry Kravis)** مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئەگەر سەندە سەمىمىيلىك بولمىسا، سەندە ھېچنېمە بولمايدۇ. سەن ئۇنى پۇلغا سېتىۋالالمايسەن. سەن دۇنيادىكى بارلىق بايلىققا ئېرىش، ئەمما ئەگەر سەن ئەخلاقى يوق بىر ئىنسان بولساڭ، سەندە ھېچنېمە بولمايدۇ.»

**2018** ـ يىلى **11** ـ ئاينىڭ **14** ـ كۈنى

# خەلقنى كونترول قىلىشنىڭ 5 خىل ئۇسۇلى

كىرىش سۆز

شاڭ جۈن شۇ، يەنى شاڭنىڭ پادىشاھ قوللانمىسى دېگەن كىتاب مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە يېزىلغان كىتاب بولۇپ، بۇنىڭدىن 2300 يىل ئىلگىرى يېزىلغان بۇ كىتاب ئۇزۇن زامان پۇقرالاردىن چەكلىنىپ كەلگەن. بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان خەلقنى كونترول قىلىشنىڭ 5 خىل ئۇسۇلى، تارىختىن بۇيان خىتايدىكى پادىشاھلارغا ۋە ياكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلەرگە ئالاھىدە يېتەكچىلىك رول ئويناپ كەلگەن.



بۇ كىتاب ھازىرغا قەدەر ئۈچ خىل تىلغا، يەنى **1928**-يىلى ئىنگلىز تىلىغا، **1970**-يىلى ياپونچىغا، **1981**-يىلى فىرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ناھايىتى ئەپسۇس، مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ كىتاب ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنمىغان.

مېنىڭ قارىشىمچە، بىزنىڭ بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىز خىتاي ھاكىمىتىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسەت تۈزۈش مېتودىنى توغرا بىلىشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇ سەۋەبتىن، مەن بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويىغان «خەلقنى كونترول قىلىشنىڭ **5** خىل ئۇسۇلى» نىڭ ئاساسى مەزمۇنىنى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم.

ئەسلى كىتاب قەدىمقى خىتاي تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تولۇق تېكىستى ۋە ھازىرقى زامان خىتاي تىلىدىكى چۈشەندۈرىشىنى تۆۋەندىكى ئۇلانمىدىن كۆرەلەيسىز.

**http://book.sbkk8.com/gudai/shangjunshu/**

## خەلقنى كونترول قىلىشنىڭ بىرىنچى ئۇسۇلى: ئاجىز ئارقىلىق كۈچلۈكنى يوق قىلىش، ئەسكى ئارقىلىق ياخشىنى يوق قىلىش

"制民"之手段一：以弱去强，以奸驭良

بىر دۆلەت كۈچلۈك بىلەن كۈچلۈكنى يوقاتقاندا ئاجىزلايدۇ، ئاجىز بىلەن كۈچلۈكنى يوقاتقۇچى كۈچلىنىدۇ.

ھۆكۈمەت ئەگەر كۈچلۈك خەلق بىلەن كۈچلۈك كۈچنى يوقاتقاندا، قېلىپ قالغىنى يەنىلا كۈچلۈك خەلق بولۇپ، ئۇلارنى باشقۇرۇش قىيىن بولىدۇ. نەتىجىدە ھاكىمىيەت ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. ھۆكۈمەت ئەگەر ئاجىز خەلق بىلەن كۈچلۈك كۈچلەرنى يوقاتقاندا، قېلىپ قالغىنى ئاجىز خەلق بولۇپ، ئۇلارنى باشقۇرۇش كۆپ ئاسان بولىدۇ، نەتىجىدە ھاكىمىيەت كۈچلىنىدۇ. يەنى خەلق كۈچلەنگەندە ھاكىمىيەت ئاجىزلىشىدۇ، خەلق ئاجىزلاشقاندا ھاكىمىيەت كۈچلىنىدۇ.

يەرلىك ئەمەلدارلار پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرمەي ياكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي، قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلغاندا، ئۇلارنى چېقىشتۇرغان ئورتاقلىرىنى مۇكاپاتلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن بولۇشى، مال-مۈلكىنىڭ ئاز كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چېقىشتۇرغانلارغا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەلىنى بېرىش. شۇنداق بولغاندا پادىشاھقا سادىق ئەمەلدار يېتىشتۈرگىلى ۋە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ.

ياخشى (ئەخلاقلىق، ئادالەتلىك) كىشىلەر بىلەن خەلقنى كونترول قىلغاندا ھاكىمىيەت ۋەيران بولىدۇ. ئەسكى (لۈكچەك، زالىم، پەس، چاكىنا) كىشىلەر بىلەن خەلقنى كونترول قىلغاندا، ھاكىمىيەت كۈچلىنىدۇ.

ئەگەر ياخشى (ئەخلاقلىق، ئادالەتلىك) كىشىلەر بىلەن خەلقنى كونترول قىلغاندا، ئەسكى، لۈكچەك ۋە زالىملار يوقايدۇ. خەلق ياخشى، ئەخلاقلىق، ئادالەتلىك كىشىلەرگە يېقىنلىشىپ، پادىشاھتىن يىراقلىشىدۇ. ئەمەلدارلارغا بويسۇنمايدۇ، ھاكىمىيەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ؛ نەتىجىدە ھاكىمىيەت ئاجىزلىشىدۇ ۋە ۋەيران بولىدۇ.

ئەگەر ئەسكى (لۈكچەك، زالىم، پەس، چاكىنا) كىشىلەرنى بەرپا قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولى بىلەن خەلقنى كونترول قىلغاندا، خەلق پادىشاھقا يېقىنلىشىدۇ، پادىشاھنىڭ ئادالىتىگە تەشنا بولىدۇ. پادىشاھقا دەردىنى ئاڭلىتىپ، پادىشاھنىڭ ئۆزلىرىگە ئىگە چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ تېنچلىق پەرپا قىلغۇچى پادىشاھنى ھىمايە قىلىدۇ. نەتىجىدە ھاكىمىيەت كۈچلىنىدۇ.

## خەلقنى كونترول قىلىشنىڭ ئىككىنچى ئۇسۇلى: بىرلا دىن ياكى بىرلىككە كەلگەن ئېتىقاد بەرپا قىلىش كېرەك

"制民"之手段二："壹教"

بىرلا دىن ياكى بىرلىككە كەلگەن ئېتىقاد بەرپا قىلىش، يەنى خەلقنى بىر تۇتۇتاش تەربىيىلەش ياكى خەلقنى ئىدىيە جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك.

ھۆكۈمەت، خەلقنىڭ بىلىملىك بولۇشى، مۇنازىرە قىلىشنى بىلىشى، ئەقىللىق بولۇشى، سەممىي بولۇشى، پاك بولۇشى، كۆڭۈل ئېچىشنى بىلىشى، ئەخلاقلىق بولۇشى، ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلىششى، ئادالەتلىك ۋە ھەققانىي بولۇشى، ئىناۋەتلىك بولۇشى، ھۆرمەتلىك بولۇشى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ئۇلارنى مۇكاپاتلاشنى ياكى ئۇلارغا يۇقىرى مەنسەپ بېرىشنى قاتتىق چەكلەش.

پادىشاھ (ھۆكۈمەت) نىڭ ئەمرىنى ۋە ياكى بۇيرۇقنى تەنقىد قىلىشقا ۋە ياكى پادىشاھقا (ھۆكۈمەتكە) ئۆزىنىڭ مۇستەقىل كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا يول قويماسلىق كېرەك.

كۈچلۈك ئادەملەرنى ۋەيران قىلىش، ئەقىللىق ئادەمنى مەغلۇپ قىلىش كېرەك. تەقدىرلىنىش ۋە ياكى ئەمەلگە ئېرىشىش ئۈچۈن، پەقەت ۋە پەقەتلا پادىشاھ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش كېرەك. پادىشاھ ئۈچۈن يەر تېرىش، پادىشاھ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا بارلىق ئەخلاق-پەزىلەتنى تەقدىرلەش ۋە ياكى ئەمەل بېرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلماسلىق كېرەك.

ئەگەر خەلق مۇنازىرە قىلىشنى، بىلىم ئىگىلەشنى، سودا قىلىشنى، قول-ھۈنەرۋەنچىلىكنى ياخشى كۆرسە، يەر تېرىمايدۇ، ئۇرۇش قىلمايدۇ، نەتىجىدە بۇنداق دۆلەت ئۇزۇنغا بارماي ۋەيران بولىدۇ.

ئەگەر دۆلەتتە بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە، بىلىم ئىگىسى قانۇن-تۈزۈمنى ئەيىبلەيدۇ، تىجارەتچى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىدۇ، قول ھۈنەرۋەن ھاكىمىيەتكە بويسۇنمايدۇ. نەتىجىدە دۆلەت مەغلۇپ بولىدۇ.

ئەگەر ھەممە خەلق مۇنازىرە قىلىدىغان، بىلىم ئىگىلەشنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، يەر تېرىيدىغانغا ئادەم قالمايدۇ، دۆلەت ئۆزۈنغا بارماي ۋەيران بولىدۇ، شۇڭا ئۇنداق ئىنسانلار جىنايەتچىلەردۇر.

ئەگەر مىڭ ئادەم ئىچىدە بىر ئادەم مۇنازىرە قىلىشقا ئامراق، بىلىم ئىگىلەشنى ياخشى كۆرىدىغان، سودا ـ سېتىقتا ئۇستا بولسا، قالغان ئىنسانلار دېھقانچىلىق قىلىشتىن، ئۇرۇش قىلىشتىن قېچىپ، ھەممە ئادەم بىلىم ئىگىلەشكە، سودا قىلىشقا ئىنتىلىدۇ.

ئەگەر دۆلەتتە سەنئەتچىلەر، ئارتىسلار بولسا، ئۇلار ئويۇن قويسا، دېھقانلار يەر تېرىغاندا، ئەسكەرلەر ئۇرۇش قىلغاندا دىققىتىنى ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلارغا يىغالمايدۇ.

شۇڭا مۇنازىرە قىلىشنى، بىلىم ئېلىشنى، ئويۇن سەنئەت قويۇشنى چەكلەپ، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك.

## خەلقنى كونترول قىلىشنىڭ ئۈچىنچى ئۇسۇلى: شەخسىينىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، شەخسىي مال مۈلك ۋە ئەقلي بايلىق بولمىغان جەمئىيەت يارىتىش

制民之手段三：剥夺个人资本，造成一个无恒产、无恒心的社会

دۆلەت باشقۇرغاندا، ئەگەر باينى كەمبەغەل قىلىپ، كەمبەغەلنى باي قىلسا، ھاكىمىيەت مۇستەھكەم بولىدۇ. شۇڭا خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش كېرەك.

يالغۇز خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ دەسمايەسىنى ۋە قايتىدىن باي بولۇش ئىقتىدارىنىمۇ يوق قىلىش كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندا، مەسىلە ئاندىن تولۇق ھەل بولىدۇ.

نۇتۇق سۆزلىگۈچىنىڭ دەسمايەسى ئۇنىڭ سۆزلەش قابىلىيىتى، پەيلاسوپنىڭ دەسمايەسى ئۇنىڭ ئىدىيەسى، باتۇرنىڭ دەسمايەسىنى ئۇنىڭ جاسارىتى، قول ھۈنەرۋەننىڭ دەسمايەسى ئۇنىڭ ئىككى قولى، سودىگەرنىڭ دەسمايەسى ئۇنىڭ ئەقلى.

قۇشنى كۆندۈرمەن دېسەڭ، ئۇنىڭ قانىتىنى كېسىۋېتىشىڭ كېرەك.

خەلق پەقەت دۆلەتكە تايىنىپ ياشىيالايدىغان بولغاندا، ئاندىن گەپ ئاڭلايدىغان بولىدۇ.

## خەلقنى كونترول قىلىشنىڭ تۆتىنچى ئۇسۇلى: خەلقنى پەس، كەمبەغەل ۋە ئاجىز تۇتۇش

ئىنسانلار پەس بولغاندا ھوقۇقنى چوڭ بىلىدىغان بولىدۇ. ئىنسان ئاجىز بولغاندا ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىدىغان بولىدۇ. ھۆكۈمران سىنىپنىڭ سالاھىيتى، ھوقۇقى ۋە ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، خەلقنى چوقۇم پەس، تۆۋەن، ئاجىز ۋە كەمبەغەل تۇتۇش كېرەك. خەلق كەمبەغەل بولغاندا، ئەگە بولغانغا شۈكۈر قىلىدىغان بولىدۇ. دۆلەت جازالاش ئارقىلىق خەلقنى باشقۇرغاندا، خەلق ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەيدۇ. دۆلەت مۇكاپاتلاش ئارقىلىق خەلقنى ئۇرۇشقا چاقىرغاندا، خەلق ئۆلۈشتىن قورقمايدىغان بولىدۇ.

ئىنساننىڭ شەخسىي ھۆرمىتى ۋە ئابرۇيى بولغاندا، ھوقۇقنى چوڭ بىلمەيدۇ، ئەمەلدارلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولىدۇ.

ئىنسان باي بولغاندا، مۇكاپاتنى چوڭ بىلمەيدۇ، مۇكاپات بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى جەلپ قىلغىلى بولمايدۇ.

دۆلەت خەلقنى باشقۇرغاندا، جازالاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك، شۇنداق بولغاندا ئۇلار ئۇرۇش بولغاندا جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى بولىدۇ.

دېھقاندا ئېشىنچە ئاشلىق بولسا، يەر تېرىشقا خوش ياقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. سودىگەر باي بولسا، تۇرمۇشى باياشات بولىدۇ، ئويۇن تاماشاغا بېرىلىدۇ. شۇڭا دېھقاننىڭ ئېشىنچە ئاشلىقىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى يىل بويى قورساق تويغۇزۇشنىڭ غېمىغا چۈشۈرۈش كېرەك. سودىگەرنىڭ قولىدىكى ئارتۇق بايلىقنى تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى سودىدا پايدا ئالالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش كېرەك.

جازانى ئېغىرلاشتۇرۇپ، مۇكاپاتنى تۆۋەنلەتكەندە، پادىشاھ خەلقنى ياخشى كۆرگەنلىك بولىدۇ، ئاندىن خەلق پادىشاھ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ئەگەر مۇكاپاتنى ئاشۇرۇپ، جازانى يەڭگىللەتكەندە، پادىشاھ خەلقنى سۆيمىگەنلىك بولىدۇ، خەلق پادىشاھ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشنى خالىمايدۇ.

جازالاش، كۈچ پەيدا قىلىدۇ؛ كۈچ، كۈچلىنىشنى پەيدا قىلىدۇ؛ كۈچلىنىش، ھوقۇقنى پەيدا قىلىدۇ؛ ھوقۇق، شۈكۈر قىلىشنى (قانائەتنى) پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا شۈكۈر قىلىش (قانائەت) جازالاشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

خەلق ياخشى كۆرمەيدىغان سىياسەتنى تۈزۈپ چىققاندا، خەلق ئاجىزلايدۇ؛ خەلق ياخشى كۆرىدىغان سىياسەتنى تۈزۈپ چىققاندا، خەلق كۈچلىنىدۇ. خەلق ئاجىزلاشقاندا، ھاكىمىيەت كۈچلىنىدۇ، خەلق كۈچلەنگەندە، ھاكىمىيەت ئاجىزلىشىدۇ.

**خەلقنى كونترول قىلىشنىڭ بەشىنچى ئۇسۇلى: ئۆرۈش قىلىش، ئۆلتۈرۈش**

"制民"之手段五：杀力

يۇقىرىقى 4 خىل ئۇسۇل ئۈنۈملۈك بولمىغاندا، ئۆرۈش قىلىش، ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك.

«كۈچلۈك خەلق» جەمئىيەتنىڭ ئۆسمىسى، پارازىت قۇرتى بولۇپ، ئۇلار پەيدا بولغان هامان، ئۇلارنى يوق قىلىش كېرەك.

دۆلەت كەمبەغەل بولغاندا، ئۆرۈش قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى زەهەر (تەھدىت) دۈشمەن تەرەپكە ئاقىدۇ، دۆلەت ئىچىدە پارازىت قۇرت بولمىسا، هاكىمىيەت كۈچلىنىدۇ.

دۆلەت كۈچلىنىپ، ئۆرۈش قىلمىغاندا، زەهەر (تەھدىت) دۆلەت ئىچىدە قالىدۇ، پارازىت قۇرتلار پەيدا بولىدۇ، نەتىجىدە هاكىمىيەت ۋەيران بولىدۇ.

دۆلەت كۈچلەنگەندە چوقۇم ئۆرۈش قىلىش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن زەهەر (تەھدىت) دۈشمەن دۆلەتكە ئاقىدۇ، نەتىجىدە دۆلەت ئىچىدە پارازىت قۇرت پەيدا بولمايدۇ، هاكىمىيەت كۈچلىنىدۇ. يەنى ئۆرۈش بولغاندا، كۈچلەنگەن خەلقنى دۈشمەن بىلەن ئۆرۈشقا سېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن هاكىمىيەت كۈچلۈك خەلقتىن ئىبارەت ئۇ «پارازىت قۇرتلار» دىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

كۈچ يېتىلدۈرۈپ، كۈچىنى يوقاتمىغان هاكىمىيەت، ئۆزىنى ۋەيران قىلىدىغان هاكىمىيەت هېسابلىنىدۇ. بۇنداق هاكىمىيەت چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

كۈچ يېتىلدۈرۈپ، كۈچىنى يوقىتالايدىغان هاكىمىيەت، دۈشمەننى ۋەيران قىلىدىغان هاكىمىيەت هېسابلىنىدۇ. بۇنداق هاكىمىيەت چوقۇم كۈچلىنىدۇ.

ئۆرۈش قىلىش، ئۆلتۈرۈش دېگەنلىك، ئۆرۈش قىلىش ئارقىلىق ئىچكى زىددىيەتنى هەل قىلىش، دۆلەت ئىچىدىكى كۈچلۈك خەلقنى يوقىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە زەهەر (تەھدىت) نى سىرتقا چىقىرىپ، ئىچكى كۈچنى سىرتقا كېڭەيتىش، ئىچكى زىددىيەتنى تاشقى زىددىيەتكە ئايلاندۇرۇش، باشقا زېمىننى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

# ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركىيە ئارىسىغا چۈشكەن قارا داغلار

مەن **20** يىلدىن بېرى ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان بىر ئۇيغۇر زىيالىيسى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتى توغرىسىدا سۆز قىلىشقا ھەقلىق ئەمەسمەن. شۇنداقتىمۇ مەن تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن زۇلۇملارغا نىسبەتەن سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيەسى تۇتىۋاتقانلىقىنى سىرتتىن كۆزىتىۋاتقان بىر ئۇيغۇر بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتە ھېس قىلغانلىرىنى ۋە ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. توغرا بولمىغان ۋە ياكى خاتا بولۇپ قالغان يەرلەر بولسا، قېرىنداشلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن تۈركىيەگە **2010** ـ يىلى ۋە **2013** ـ يىلى جەمئىي ئىككى قېتىم بارغان بولۇپ، جەمئىي **24** كۈن تۇرغان ئىدىم. مەن تۈركىيەدە ئۇزۇن ياشاپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن، تۈركىيەنىڭ ئەھۋالىنى تۈركىيەدە ئۇزۇن ياشىغان قېرىنداشلاردەك چۈشىنىپ كېتىشىم ناتايىن. ئەمما، شۇ ئىككى قېتىملىق زىيارىتىم جەريانىدا مېنىڭ تۈركىيەگە بولغان تەسىراتىم، خۇددى مەن يۇرتۇمغا قايتقان بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتا بولغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل بولۇپ، مەن ئۇنى بۇ يەردە بىر بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ، ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەر ئارىسىدىكى تارىخىي ۋە قان ـ قېرىنداشلىق باغ ھەممىمىزگە ئايان. ئەپسۇس، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئادالەتسىزلىك ۋە تەھدىتلەرگە، بولۇپمۇ مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ جازا لاگېرلىرىغا سولىنىش مەسىلىسىگە سۈكۈت قىلىشى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر ۋە تۈركتىن ئىبارەت ئىككى قېرىنداش مىللەت ئارىسىدا، ئۆز ـ ئارا ئىشەنمەسلىك، ئۆز ـ ئارا خاتا چۈشىنىش، ئۆز ـ ئارا تەنقىد قىلىش ۋە ئۆز ـ ئارا ئەيىبلەشلەر پەيدا بولماقتا. بۇنىڭ ئىپادىلىرى ۋە سەۋەبلىرى ھەر خىل بولۇپ، مەن تۆۋەندە بۇ ھەقتە ئازراق توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

مەن **2018** ـ يىلى **4** ـ ئايدا ۋە **12** ـ ئايدا، توردا ئىككى قېتىم راي سىناش ئېلىپ بارغان ئىدىم. **2018** ـ يىلى **4** ـ ئايدا ئېلىپ بارغا راي سىناشقا جەمئىي **871** ئادەم، **12** ـ ئايدا ئېلىپ بارغان راي سىناشقا جەمئىي **1117** ئادەم قاتناشقان.

راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ جىنسى:

**(1)** ئەر

**(2)** ئايال

**(3)** جاۋاب بەرمىگەنلەر




**يۇقىرىقى گىرافىكتا كۆرگىنىمىزدەك، ئىككى قېتىملىق (كۆك رەڭلىك 4 ـ ئايدىكى، قىزىل رەڭلىك 12 ـ ئايدىكى) راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ جىنسىدا چوڭ پەرق يوق.**

**راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى:**

**(1) ئالىي مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى**

**(2) ئوتتۇرا مەكتەپ**

**(3) باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن**

**(4) جاۋاب بەرمىگەنلەر**



يۇقىرىقى گىرافىكتا كۆرگىنىڭىزدەك، ئىككى قېتىملىق (كۆك رەڭلىك 4 ـ ئايدىكى، قىزىل رەڭلىك 12 ـ ئايدىكى) راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئالىي مەكتەپ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە.

راي سىناشقا قاتناشقۇچىلار تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەر:

(1) شىمالىي ئامېرىكا (ئامېرىكا ۋە كانادا)

(2) ياۋروپا

(3) ئاۋسترالىيە

(4) ياپونىيە ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا

(5) ئوتتۇرا ئاسىيا

(6) تۈركىيە

(7) ئەرەب دۆلەتلىرى

(8) جاۋاب بەرمىگەنلەر




يۇقىرىقى گىرافىكتا كۆرگىنىڭىزدەك، ئىككى قېتىملىق (كۆك رەڭلىك 4 ـ ئايدىكى، قىزىل رەڭلىك 12 ـ ئايدىكى) راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۈركىيەدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار، ئۇندىن قالسا ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار.

سىزچە بىزگە ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان دۆلەتلەر قايسى؟

(1) تۈركىيە

(2) ئوتتۇرا ئاسىيا

(3) مۇسۇلمان دۆلەتلىرى

(4) ئامېرىكا باشچىلىق غەرب دىلەتلىرى

(5) ھېچقايسىسى ئەمەس

(6) بىلمەيمەن

(7) جاۋاب بەرمىگەنلەر




يۇقىرىقى گرافىكتا كۆرگىنىڭىزدەك، بىرىنچى قېتىملىق (كۆك رەڭلىك 4-ئايدىكى) راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ 52% تۈركىيەنى ئۇيغۇرلارغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان دۆلەت دەپ قارىغان بولسا، ئىككىنچى قېتىملىق (قىزىل رەڭلىك 12-ئايدىكى) راي سىناشقىتا، ئوخشاش قاراشتىكىلەر 10% گە چۈشۈپ قالغان. راي سىناشقا قاتناشقۇچىلار ئىچىدە ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرىنى ئۇيغۇرلارغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان دۆلەت دەپ قارايدىغان ئۇيغۇرلار، بىرىنچى قېتىملىق (كۆك رەڭلىك 4-ئايدىكى) راي سىناشدىكى 12% دىن ئىككىنچى قېتىملىق (قىزىل رەڭلىك 12-ئايدىكى) راي سىناشدىكى 59% گە كۆپەيگەن.

سىزچە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا قايسى دۆلەت ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ چوڭ رول ئوينايدۇ؟

(1) تۈركىيە

(2) ئوتتۇرا ئاسىيا

(3) مۇسۇلمان دۆلەتلىرى

(4) ئامېرىكا باشچىلىق غەرب دۆلەتلىرى

(5) ھېچقايسىسى ئەمەس

(6) بىلمەيمەن

(7) جاۋاب بەرمىگەنلەر




يۇقىرىقى گرافىكتا كۆرگىنىمىزدەك، بىرىنچى قېتىملىق (كۆك رەڭلىك 4 ـ ئايدىكى) راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ 23% تۈركىيەنى ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ چوڭ رول ئوينايدۇ دەپ قارىغان بولسا، ئىككىنچى قېتىملىق (قىزىل رەڭلىك 12 ـ ئايدىكى) راي سىناشقتا، ئۇخشاش قاراشتىكىلەر 8% گە چۈشۈپ قالغان. راي سىناشقا قاتناشقۇچىلار ئىچىدە ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرىنى ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ چوڭ رول ئوينايدۇ دەپ قارايدىغان ئۇيغۇرلار، بىرىنچى قېتىملىق (كۆك رەڭلىك 4 ـ ئايدىكى) راي سىناشدىكى 44% دىن ئىككىنچى قېتىملىق (قىزىل رەڭلىك 12 ـ ئايدىكى) راي سىناشتا 72% گە كۆپەيگەن.

يۇقىرىقى ئىككى قېتىملىق راي سىناش نەتىجىسىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن باشقا، بەزى ئۇيغۇرلار تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىتىنى ۋە تۈركىيەدىكى بەزى شەخسلەرنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسگە بولغان پوزىتسىيەسىنى تەنقىد قىلىپ، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈرمەكتە ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلىمەكتە. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە

بەزى تۈرك سىياسىئون، بىلىم ئادەملىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە بولغان خاتا چۈشەنچىسى ۋە خاتا تەشۋىقاتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بىزدە «ئاياقنىڭ قانداقلىقىنى پۇت بىلىدۇ» دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. ئاسارەت ئاستىدا ياشاپ باقمىغان ئىنسانلار ئاسارەت ئاستىدا ئۆزۈن ياشىغان بىر خەلقنىڭ پسىخولوگىيەسىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس.  تۈركىيەدىكى تۈرك قېرىنداشلار ئۇيغۇرلارنىڭ هاياتىدا ياشاپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئۇيغۇرلاردەك هېس قىلالماسلىقى، ئۇيغۇرلاردەك تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەسلىكى، هەتتا خاتا چۈشىنىپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن. ۋەتەن ئىچىدىكى خەلق خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ قاتمۇ قات تەھدىتى ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارغا كۆڭلىدىكى سۆزلەرنى قىلالىشى بەك قىيىن. ۋەتەن سىرتىدىكى بەزى ئۇيغۇر قېرىنداشلار ۋەتەندىن ئىسپاتلىق ئۈچۈر ئېلىش قىيىن بولغانلىقى سەۋەبلىك، تورلاردا ئېقىپ يۈرگەن، كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان بەزى رەسىم ۋە سىن فىلىملەرنى تارقىتىپ، باشقىلارغا يالغان ئۈچۈر تارقاتقان تۇيغۇنى بېرىپ قويغان، ۋە ياكى بەزىلەردە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، هازىر ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن زۇلۇم ۋە ئىرقىي يوقۇلۇش تەھدىتى ئەسلا كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەت.

ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئېغىر ۋەزىيەتنى تۈرك قېرىنداشلارغا ۋە دۇنيا جامائەتكە توغرا ئاڭلىتىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. چۈشەنمىگەن تەرەپلەر ۋە ياكى خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويغان ئەھۋاللار بولسا، بىز چۈشەندۈرسەك، خاتا قاراشلار بولسا، ئۆز-ئارا تۈزەتسەك بولىدۇ. بىراق تۈركىيە هۆكۈمىتى ئىچىدىكى بەزى سىياسىئون ۋە بىلىم ئادەملىرىنىڭ پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى دۇچ كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان بۇ ئېغىر كىرزىسنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭغا ئىنسانى نۇقتىدىن ئىپادە بىلدۈرمەسلىكى، هەتتا بەزى تۈرك ئاخباراتلىرىنىڭ هېچ خىجىل بولماستىن، شەرقىي تۈركىستاندا هېچقاندا كىرزىسنىڭ يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، "ئۇ ئىنسان هەق-هوقۇقلىرى كىرزىسى" بولسا  ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلۋەتلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان سۈنئى كىرزىس دەپ تەشۋىق قىلىشى.، مەن ۋە ماڭا ئوخشاش كۆپلىگەن ئۇيغۇر زىيالىيلارنى. بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇردى. بىزدە "بالا كەلسە قېرىنداشتىن" دەيدىغان بىر ئاتا سۆزى بار بولۇپ، هېچ بىر ئۇيغۇر، تۈرك ئاخباراتلىرىدا بۇنداق بىر خەۋەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى. بۇ چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ روهىي كەيپىياتىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە.

مەن بىر بىلىم ئادىمى بولۇپ، 20 يىلدىن بېرى ئامېرىكىدا ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدىم. مەن هازىرغا قەدەر هېچ بىر دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپ بولغان ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىدىم. هېچقانداق بىر سىياسى تەشكىلاتتا ۋەزىپە ئۆتىمىدىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق 2017 - يىلى 4 - ئايدىن ئېتىبارەن مېنىڭ يۇرتۇمدىكى قېرىنداشلىرىم، دوستلىرىم ۋە كەسىپداشلىرىم بىلەن بولغان ئالاقەم پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. ئۇلارنىڭ هەممىسى مەن بىلەن ئالاقە قىلغانلىق سەۋەبىدىن جازاغا تارتىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، مېنى دوستلۇق ئالاقىسىدىن چىقىرىپ تاشلىدى.

مەن 2018 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئېلىپ بارغان راي سىناشتا، "تۇققانلىرىڭىز ئىچىدە لاگېر ياكى تۈرمىگە سولانغانلار بارمۇ؟" دەيدىغان بىر سوئال بار ئىدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋاب:

(1) بىر نەچچە كىشى بار

(2) كەم دېگەندە بىر كىشى بار

(3) بىلمەيمەن

(4) يوق

(5) جاۋاب بەرمىگەنلەر




يۇقىرىقى گرافىكتا كۆرگىنىڭىزدەك، راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ 56% تى، ئائىلىسىدە بىر نەچچە ئادەمنىڭ لاگېردا ئىكەنلىكىنى، 15% تى ئائىلىسىدىن كەم دېگەندە بىر ئادەمنىڭ لاگېردا ئىكەنلىكىنى، يەنى جەمئىي 71% ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ لاگېردا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ 24% تى ئائىلىسى بىلەن ئالاقە قىلالماسلىق سەۋەبىدىن ئائىلىسىدە تۇتۇلغانلارنىڭ بار يوقلۇقىنى بىلمەيدىكەن. راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ پەقەت 4% ئائىلىسىدە تۇتۇلغانلارنىڭ يوق ئىكەنلىكى بىلدۈرگەن. بۇلارنىڭ ھېچ بىر ئامېرىكا تەرەپ ئۇيدۇرۇپ چىقارغان ئىش ئەمەس ئىدى.

بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئىقتىساد پەنلىرى پروفېسسورى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىلھام توختى، خىتاي قانۇنىنى ئاساس قىلىپ ئۇيغۇر خەلقى ئۇچۇن ئادالەت تەلەپ قىلغىنى ئۇچۇن مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى. ئىلھام توختى ھېچيەردە، ھېچ بىر سۆزىدە ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىق تەلەپ

قىلمىغان. خىتاينىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنمىغان، ھېچ بىر زامان تېرورلۇق تەشەببۇسىدا بولمىغان ئىدى. ئىلھام توختى دۇچ كەلگەن پاجىئە ھەممىزگە ئايان بولغان ھەقىقىي مەۋجۇت پاجىئە ئىدى.

ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان تاھىر ھامۇت بىلەن تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئابدۇۋەلى ئايۇپ يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن 200 دىن ئارتۇق بىلىم ئادەملىرى، جامائەت ئەربابى، سەنئەتچىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تىزىملاپ چىقىپتۇ [1]. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۇرۇنقى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى دوكتور خالمۇرات غوپۇر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى دوكتور تاشپولات تېيىپ، دوكتور راھىلە داۋۇت قاتارلىق پروفېسسورلار بار بولۇپ، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئامېرىكا ئويدۇرۇپ چىقارغان ئويدۇرما ئەمەس ئىدى.

قازاقىستاندا ياشاۋاتقان رۇسىيەلىك ژۇرنالىست ۋە بىلىم ئادىمى گەنە بۇنىن ياساپ چىققان شاھىت بىز [2] دېگەن تور بەتتە 2019 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگە قەدەر 2100 ئەتراپىدا سەۋەبسىز تۇتۇلغان ياكى ئىزدېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ ئۇچۇرلىرى ئارخىپلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئامېرىكا ئويدۇرۇپ چىقارغان ئويدۇرما ئەمەس ئىدى.

كانادادا ئوقۇۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچى شاۋن جاڭ، 2018 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگە قەدەر سۈنئىي ھەمراھ رەسىمگە ئاساسەن 70 ئەتراپىدىكى جازا لاگېرلىرىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلاپ چىققان [3]. ئاۋستىرالىيە ئا ب س قانىلىنىڭ 2018 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى خەۋىرىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېر سانىنى 181 - 1200 ئارىسىدا بولۇشى مۇمكىن دەپ تەخمىن قىلغان [4]. كۆپىنچە مۇتەخەسسىلەر بۇ لاگېرلارنىڭ ھەر بىرىگە 10 مىڭ ئەتراپىدا ئادەم قامالغانلىقىنى تەخمىن قىلماقتا. بۇلارنى قانداقسىگە ئامېرىكا تەرەپ ئويدۇرۇپ چىقارغان ئويدۇرما دېگىلى بولسۇن؟

ئەمدى سۈرىيەدىكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ بىر قوراشتۇر مەسىلە بولۇپ. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سۈرىيەگە قانداق بېرىپ قالغانلىقىنىڭ كونكېرت سەۋەبلىرى ماڭا ئايان ئەمەس، بىراق ماڭا ئايان بولغىنى شۇكى، 2008 - يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىكىنىڭ ئالدىدىن باشلاپ، بولۇپمۇ 2009 - يىلىدىكى 5 - ئىيۇل ئۇرۇمچى قىرغىنچىلىقى [5] دىن كېيىن خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتلىرىغا ھەيدىۋېتىلگەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە كىرىشى قاتتىق كونترول قىلىنغان. ھەتتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆزىدىلا ئۇيغۇرلار بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە، بىر كەنتتىن يەنە بىر كەنتكە بېرىشى ئۈچۈنمۇ ساقچىدىن تەستىق ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورت ئېلىش مەسىلىسىمۇ قات-قات شەرتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ كەلگەن. بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، «رادىكال ئىدىيەسى بار» دەپ قارالغان ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىسىز پاسپورت ئېلىپ چەتئەلگە چىقىشى ۋە ياكى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە بېرىپ، ئىنسان قاچاقچىلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كامبودژا ۋە تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەرگە چىقالىشى ئاساسەن مۇمكىن بولمىغان بىر ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايى خىتاي خەلقىدىن ئالاھىدە پەرقلىق بولغاچقا، ئۇ ئۇيغۇرلار ئۆز يۇرتلىرى بىلەن خىتاينىڭ كامبودژا ۋە تايلاند چېگرىسىغىچە بولغان بىر نەچچە مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ، چېگراغا بارغۇچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق ناھايىتى ئەپسۇس، مۇمكىن بولمىغان ئۇ ئىشلار

مۇمكىن بولۇپ، «رادىكال ئىدىيەسى بار» دەپ قارالغان ئۇ ئۇيغۇرلار مەيلى قانۇنلۇق يول بىلەن بولسۇن ۋە ياكى قانۇنسىز يوللار ئارقىلىق بولسۇن، ئاخىرىدا تۈركىيە ئارقىلىق سۈرىيەگە بېرىپ توختىدى.

2012 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلارغا پاسپورت بېرىش بۇرۇنقىغا نىسبەتەن ئاسانلاشتۇرۇلدى. بىر قىسىم ئۇيغۇرلار پاسپورت ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، قانۇنلۇق يوللار بىلەن تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغان بولسا، يەنە بىر قىسىم پاسپورت ئالالمىغان ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتىگە تۇيدۇرمىغان ھالدا خىتاي ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق مۇساپىنى بېسىپ، كامبودژا ۋە تايلاندلارغا يېتىپ كەلدى. كېيىن ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قېرىنداشلارچە قىلغان ياردىمى ئارقىلىق تۈركىيەگە ئېلىپ كېتىلدى. [6] [7] يەنىمۇ كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «رادىكال ئىدىيەسى» تۈپەيلىدىن سۈرىيەگە بېرىپ ھاياتىنى دوغا تىكىشنى تاللىدى.

ئەمدى تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى تەرەققىياتىغا قارايدىغان بولساق، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ 2009 ـ يىلقى ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىغا بىلدۈرگەن كەسكىن پوزىتسىيەسى [8]، [9] دىن كېيىن تۈركىيە ـ خىتاي مۇناسىۋىتىدە دراماتىك ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئۇنچە قىيىن ئەمەس. ئەۋۋەل ئىككى ھۆكۈمەتنىڭ بىر بىرىنى ئەيىبلىشى، ئاندىن تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشى [10] ۋە شەرقى تۈركىستان خەلقىگە زور ئۈمىد بېرىشى، ئاندىن ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ۋىزىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، باردى كەلدىنى كۈچەيتىشى، ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىرتىدا خىتاي بىلەن بولغان ھەر ئالاقىنى كۈچەيتىشى، ئەڭ ئاخىرىدا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ 180 گىرادۇس ئۆزگىرىشى، ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن پاجىئەلەرگە كۆز يۇمۇپ، ئۇنى ئامېرىكا ئويدۇرۇپ چىقارغان ئويۇن دەپ قاراپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىگە سۈكۈت قىلىشى. ئەجىبا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تاسادىبىيلىقمۇ؟

ئاسىيا كۆزىتىش گېزىتىنىڭ 2018 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى كىرزىسقا ئۇچرىغان تۈركىيەگە 3.6 مىلىيارت دوللار ياردەم بەرگەن [11]. ئەلۋەتتە بۇ ياردەم ئەمەلىيلەشتىمۇ، ئەگەر ئەمەلىيلەشكەن بولسا قانچىلىك ئەمەلىيلەشتى، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم.

ساباھ گېزىتىنىڭ 2018 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 كۈنىدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا تۈركىيەگە مەبلەغ سالغان خىتاي شىركەتلىرىنىڭ سانى 1000 غا يېقىنلاشقان بولۇپ، مەبلەغ سالغان تۈرلەر ئېنېرگىيە، پۇل مۇئامىلە، ئالاقە ۋە ساياھەتچىلىك قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن [12]. يەنە ساباھ گېزىتىنىڭ 2018 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا 2017 ـ يىلى خىتاينىڭ تۈركىيەگە سالغان مەبلىغى 124 مىلىيارت دوللارغا يەتكەن [13]. ئەمما «خەلقئارا پۇل مۇئامىلە قانۇن كۆزىتىش ئورگىنى» (International Financial Law Review) نىڭ 2018 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىكى دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاينىڭ ھازىرغا قەدەر تۈركىيەگە سالغان ئەڭ كۆپ مەبلىغى 940 مىليون دوللارغا يەتكەن. بۇ سان يۇقىرىدا ساباھ گېزىتى تىلغا ئالغان 124 مىلىيارت دوللاردىن 125 ھەسسە ئاز. ساباھ گېزىتى خىتاينىڭ تۈركىيەگە سالغان مەبلىغىنى نېمىگە ئاساسەن 124 مىلىيارت دوللار دەپ خەۋەر قىلدى، سەۋەبى بىزگە نامەلۇم. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ دوكلاتتا 2017 ـ يىلى تۈركىيە خىتايدىن ئىمپورت قىلغان ماللارنىڭ

قىممىتى 23.4 مىلىيارت دوللار بولۇپ، تۈركىيەنىڭ خىتايغا ئېكسپورت قىلغان ماللارنىڭ قىممىتى 2.1 مىلىيارت دوللار بولغان. يەنى تۈركىيە بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى سودا پەرقى 1 دە 11 بولغان .[14]

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سودا ۋە تەرەققىيات مەجلىسىنىڭ 2018 ـ يىللىق خەلقئارا مەبلەغ سېلىش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، 2017 ـ يىلى تۈركىيە سېلىنغان بىۋاستە چەتئەل مەبلىغى 10864 مىليون (يەنى 10.864 مىليارت) دوللار بولۇپ، بۇ 2016 ـ يىلدىكى 12942 مىليون (12.942 مىليارت) ۋە 2015 ـ يىلدىكى 17717 مىليون (17.717 مىليارت) دوللاردىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 16% ۋە 38.24% تۆۋەنلىگەن [15]، .[16]

تۈركىيەگە سېلىنغان چەتئەل بىۋاستە مەبلىغى (مىليون دوللار)




2017 ـ يىلى تۈركىيەگە مەبلەغ سالغان دۆلەتلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالغان دۆلەت گوللاندىيە بولۇپ، گوللاندىيەنىڭ 2017 ـ يىلى تۈركىيەگە سالغان مەبلىغى چەتئەلنىڭ تۈركىيەگە سالغان ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 23.8% ئىگىلەيدىكەن. ئۇندىن قالسا ئىسپانىيە بولۇپ، ئۇنىڭ سالغان مەبلىغى ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 19.5% نى، ئازەربەيجاننىڭ سالغان مەبلىغى ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 13.6% نى ئىگىلەيدىكەن. خىتاي ھۆكۈمىتى تۈركىيەگە ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالغان 9 دۆلەتنىڭ قاتارىدا يوق.

2017 ـ يىلى تۈركىيەگە ئەڭ كۆپ مەبلەغ سالغان 9 دۆلەت ۋە ئۇلار سالغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي مەبلەغ ئىچىدىكى پىرسەنتى (%)




ئەلۋەتتە تۈركىيەنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەت قائىدىلىرى بويىچە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن نورمال دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن سودا كېلىشىم تۈزۈشى، دۆلەتلەر ئارىسىدا بولىدىغان نورمال ئالاقە. بىراق ئۇ چوقۇم باراۋەرلىك ئاساسىدا بولۇشى كېرەك. يوشۇرۇن غەرەز ياكى شەخسىيى مەنپەئەت ئارىلاشماسلىقى كېرەك. ئۇ كېلىشىملەر ھەرگىزمۇ تۈرك خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ئاساسىدا بولماسلىقى كېرەك.

ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا قانۇن ـ تۈزۈمگە ۋە ئۆزىنىڭ قانۇنىغا خىلاپ ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلسا، ئۇيغۇر خەلقىگە نىسبەتەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارماقچى بولسا، تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قارىتا سۈكۈتتە تۇرسا، ئۇ يالغۇز ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىق ۋە تۈركلۈك قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلمىغانلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى تۈركىيە ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنىمۇ ئادا قىلمىغانلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇر ـ تۈرك مۇناسىۋىتى قان قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ «ساتسا سېتىلىدىغان، ئاتسا ئېتىلىدىغان» بىر مۇناسىۋەت ئەمەس. ئۇيغۇر مەسىلىسى، خىتاي ـ تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئارىسىدىكى مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرى. تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر مەسىلىسىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆز مەسىلىمىزنى تۈرك

خەلقى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن ئايرىم تۇتالمايمىز. بۇلارنى ئىككى دۆلەت ھۆكۈمىتى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇيغۇرلارمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان يالغۇز شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇھىم رول ئوينىغان تۈركىي مىللەتلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئۆتكەندىن بۇيان، بولۇپمۇ خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن 70 يىلدىن بۇيان، نۇرغۇن ھەق-ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىندى. ئالدى بىلەن ئۆز تارىخىنى ئۆگىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. ئۆزىگە تەۋە قىممەت قارىشى ۋە ھايات پەلسەپىسى بىلەن پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەش ھەق-ھوقۇقلىرى قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىدى ياكى ئۇلاردىن مەھرۇم قالدى. ئەنئەنىۋىي ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق-پەزىلەت ۋە دىنىي ئېتىقاد ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. كۆزگە كۆرۈنگەن تارىخچىلار، ئەدىبلەر، پەيلاسوپلار ۋە دىنىي زاتلار ئوخشىمىغان دەۋردە ئوخشىمىغان جىنايەتلەر بىلەن جازالاندى ۋە ھەتتا ئۆلتۈرۈلدى. ئومۇمىي خەلق نادان ۋە كەمبەغەل قېلىشقا مەجبۇرلاندى. خەلق ئۆز-ئارا ئىشەنمەيدىغان، كۆڭۈلدىكى سۆزنى سۆزلەشكە، راست گەپ قىلىشقا پېتىنالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن بۇ قاتتىق سىياسەتلىرىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن خەلقئارادىن يوشۇرۇپ كەلدى. ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ كۆپلىگەن ئادەملىرىمۇ بۇنى سېزەلمىگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2015 - يىللىق ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا 11.3 مىليون بولۇپ، چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئوخشىمىغان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 20 مىليون بىلەن 35 مىليون ئارىسىدا دەپ مۆلچەرلىمەكتە. ئۇيغۇرلار تۈرك ۋە مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئۇلارمۇ بىر ئىنسان. ئۇيغۇرلارمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ، ئۆز تىلى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن ئەركىن ياشاشقا ھەقلىق بىر مىللەتتۇر.

تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قېرىنداشلىق يۈزىسىدىن كۆڭۈل بۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇيغۇرلارنى ئىنسان كۆرۈپ، ئۇيغۇرلارغا ئىنسانىي نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىشى، ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرۇشى كېرەك. مەيلى تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى شۇ بىر قىسىم سىياسەتچىلەر ياكى بىلىم ئادەملىرى بولسۇن، مەيلى ئاخبارات ئورگانلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئادالەتسىزلىكە كۆز يۇمۇش، ئۇلارنى ئىنكار قىلىش ۋە ياكى ئۇلارنى ئامېرىكا ئويدۇرۇپ چىقارغان ئويۇن دەپ قاراش ھەققى يوق. ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى ھېچقاچان تۈرك مىللىتىنىڭ ئىنسانلىق شەرىپىگە، مىللىي تۇيغۇسىغا ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ماس كەلمەيدۇ.

تۈركىيە ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، جۈملىدىن تۈركىيەدىكى بەزى سىياسىئونلار ۋە بىلىم ئادەملىرى كۆزنى ئېچىپ ھەقىقەتنى كۆرۈشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئويۇنىغا كەلمەسلىكى، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مەنپەئەت تۈپەيلىدىن تۈركىيە ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەن ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى بەزى مەسىلىلەر سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇنى ئامېرىكا ئويدۇرۇپ چىقارغان دەپ قاراشنىڭ ئورنىغا، ئۆز ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ۋەزىيەتنى توغرا ئانالىز قىلىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلماسلىقى كېرەك.

# ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە نەزەر

ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دېگىنىمىز — ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشى، ئىشلىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللار بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشى، ئىشلىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنىڭ مەقسىتى ۋە مۇددىئاسىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدايى، ئەڭ ئاساسىي ئېھتىياجى بولغان فىزىولوگىيىلىك ئېھتىياجلىرى، يەنى ئىنسانلارنىڭ ھايات ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قورساق تويغۇزۇش، ئىسسىنىش ۋە بىخەتەرلىك ئېھتىياجى بىلەن ئىنسانلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئېھتىياجى بولغان روھىي ئېھتىياجلىرى ۋە ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ مەنبەسى ھەر خىل بولۇپ، بەزىدە ئۇ تاشقى ئامىل سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولسا، بەزىدە ئۇ ئىچكى ئامىل سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. يەنە بەزىدە ئۇ ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ ئورتاق سەۋەبىدىن پەيدا بولىدۇ. تاشقى ئامىل دېگەندە ئىنسانلارغا تەسىر قىلغان مەلۇم شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ چاقىرىقى، تەشەببۇسى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، ئىچكى ئامىل دېگىنىمىز ئىنسانىنىڭ مەلۇم مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىچىدىن قوزغالغان ئۆزىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئىستىكى كۆزدە تۇتىلىدۇ. نورمالدا ئىچكى ئامىلدىن پەيدا بولغان ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى نىسبەتەن كۈچلۈك بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا بەك مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى ياكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن، ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ياشاش ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان ئېھتىياجى فىزىولوگىيەلىك ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھايات ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۇخلاش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىككىنچى ئېھتىياجى بىخەتەرلىك ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق، مۇقىملىق ۋە سالامەتلىك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۈچىنچى ئېھتىياجى سۆيگۈ ۋە تەۋەلىك ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇش، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە ئىجتىمائىي تەۋەلىك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۆتىنچى ئېھتىياجى ھۆرمەت ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىناۋەت، شان ـ شۆھرەت، مەرتىۋە ۋە ئابرۇيي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بەشىنچى ئېھتىياجى ياكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئېھتىياجى ئۆز ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز قىممىتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە يارىتىش ئېھتىياجى ھېسابلىنىدۇ.

**Maslow's Hierarchy of Needs**




ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئېھتىياجى، ئىنسانلارنىڭ ئاساسيي ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ھەممە ئىنسانلاردا ئوخشاش بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ئېھتىياجى روھىي ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ئوخشىمىغان ئىنسانلاردا پەرقلىق بولىدۇ؛ يەنى بەزى ئىنسانلارنىڭ روھىي ئېھتىياجى كۈچلۈك بولىدۇ، بەزى ئىنسانلارنىڭ ئۇ ئېھتىياجى ئۇنداق كۈچلۈك بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ بەشىنچى ئېھتىياجى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەڭ ئالىي ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇ ھەممە ئىنسانلاردا ئورتاق بولمايدۇ؛ بۇ خىل ئېھتىياجى بار ئىنسانلارنىڭ سانى نىسبەتەن ئاز بولۇپ، ئۇلار ئۆزى تەۋە بولغان مىللەت ۋە جەمئىيەتكە ئالاھىدە زور تەسىر

كۆرستىدۇ؛ دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مەشھۇر شەخسلەر مۇشۇ تۇردىكى ئېھتىياجى كۈچلۈك ئىنسانلار ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجىنىڭ كونكېرت ئۆلچىمى ياكى چېكى بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى ئوخشىمىغان ئىنسانلاردا، ئوخشىمىغان شارائىتتا، ئوخشىمىغان دەۋىر ۋە ئوخشىمىغان رايوندا ناھايىتى زور پەرقلىق بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى ۋە روھىي ئېھتىياجى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. يەنى ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىككى خىل ئېھتىياجى قانچە قانغانسېرى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى شۇنچە ئاجىزلاپ ماڭىدۇ؛ ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىككى خىل ئېھتىياجى مەھرۇم قىلىنغانسىرى، ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ شۇنچە كۈچىيىپ بارىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ئېھتىياجى بولغان ئۆز ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. يەنى، ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى قانچە قانغانسېرى، ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى شۇنچە كۈچىيىپ ماڭىدۇ. ئۇ ئېھتىياجىنىڭ چېكى بولمايدۇ، ئۇ ئېھتىياج سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارىدۇ. ئەكسىنچە ئىنلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى ئىنكار قىلىنغاندا ۋە ياكى ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى ۋەيران قىلىنغاندا، ئۇنىڭدىن شەكىللەنگەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ بىرگە ۋەيران بولىدۇ.

ئىنسانلارلارنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى، نىسبەتەن مۇقىم بولغاچقا، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ، نىسبەتەن مۇقىم بولۇپ، ئوخشىمىغان ئىنسانلار ئارىسىدا، ئوخشىمىغان دەۋىر ۋە ئوخشىمىغان تۈزۈلمە ئاستىدا كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ روھىي ئېھتىياجى، بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ئېھتىياجى بولغان ئۆز ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى، نىسبەتەن ئۆزگىرىشچان ۋە ئوخشىمىغان ئىنسانلار، ئوخشىمىغان دەۋىردە پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ ئوخشىمىغان ئىنسانلار ئارىسىدا، ئوخشىمىغان دەۋىر ۋە ئوخشىمىغان تۈزۈلمە ئاستىدا كۆپ پەرقلىق بولىدۇ.

دىنىي ئېتىقاد ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىگەن ئەنئەنىۋىي جەمئىيەتتە ۋە ياكى دىنىي ئېتىقاد ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان تۈزۈلمىدە، «ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىش» ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك روھىي ئېھتىياجى دەپ قارىلىپ، ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەسىگە ئايلانغان. ئۇنداق جەمئىيەتتە ئىنسانلارنىڭ روھىي ئېھتىياجى دىنىي ئېتىقادىنى مەركەز قىلغان؛ دىنىي ئېتىقاد ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولغان. بۇ جەمئىيەتتە باشقىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكچى بولغانلار، لىدىرلار، ھەتتا ھۆكۈمران سىنىپلار ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر، ئىنسانلارنىڭ بۇ ئېھتىياجىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، خەلقنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشكە ۋە ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىشكە تىرىشىدۇ. گەرچە ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى باشقىلار تەرىپىدىن بولۇپمۇ ھۆكۈمران سىنىپلار تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنغان، پايدىلىنىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ھازىرغا قەدەر يەنىلا كەڭ خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

دىنىي ئېتىقادنى ئىنكار قىلىدىغان ياكى چەكلىگەن، دىنسىز كوممۇنىستىك تۈزۈلمىدىكى جەمئىيەتتە هاكىمىيەتنى قوغداش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى دەپ تەشۋىق قىلىنغىنى ئۈچۈن، كوممۇنىزم ئېتىقادى كۈچلۈك بولغان نۇرغۇن كىشىلەرگە نىسبەتەن هاكىمىيەتنى قوغداپ، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ئىنسانلارنى هەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم هەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنىڭ بىرىگە ئايلانغان. بۇ جەمئىيەتتە باشقىلارنى هەرىكەتكە كەلتۈرمەكچى بولغانلار، لىدېرلار، ھەتتا هۆكۈمران سىنىپلار ۋە هاكىمىيەت بېشىدىكىلەر، بىر تەرەپتىن كوممۇنىزمدىن ئىبارەت غايىۋى بىر جەمئىيەتنى دەسمايە قىلىپ، ئۇ ئەمەلگە ئاشسا ئىنسانلار خالىغىنى قىلالايدىغان، خالىغىنىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق خەلقنى هەرىكەتكە كەلتۈرۈشكە تىرىشقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلارنى ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىپ، ئاتاقتا خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ۋە دۆلەت ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە هۆكۈمران سىنىپلار ۋە ياكى هاكىمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا چاقىرىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىشكە تىرىشىدۇ. بۇ خىل تۈزۈلمە ئاستىدا تاشقى ئامىل ئىنسانلارنىڭ هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ، باشقىلار ئۈچۈن، كەلگۈسى غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنىپ، شەخسلەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئېھتىياجى، شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىچكى ئامىل ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. كۆپلىگەن ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھى ئېغىر دەرىجىدە سۇيئىستېمال قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ گەرچە بىر مەزگىل، بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايوندىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنى هەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بولسىمۇ، بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارا ـ بارا ئىنسانلارغا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان هالغا چۈشۈپ قالماقتا.

مەسىلەن، خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ماۋزېدوڭ، **1944** ـ يىلى **9** ـ ئاينىڭ **8** ـ كۈنى «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ چاقىرىقنى خەلقنى هەرىكەتلەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل قاتارىدا قوللىنىپ، خىتاي خەلقنى هەرىكەتلەندۈرۈپ، هاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋە ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەن. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ **70** يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، خەلق نۇرغۇن ھەق ـ هوقۇق ۋە مەنپەئەتلەردىن مەھرۇم قېلىپ، هاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئەڭ چوڭ مەنپەئەت ۋە ئىمتىيازغا ئېرىشكەن.

دىنىي ئېتىقاد، ھەم هۆكۈمران ئورۇندا تۇرمايدىغان ھەم ئىنكار قىلىنمىغان ۋە چەكلەنمىگەن، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە تەشەببۇس قىلىنغان ھازىرقى جەمئىيەتتە، ئىنسانلارنىڭ شەخسىي ئېھتىياجى ۋە ئەركىنلىكى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنغىنى ۋە ئېتىبارغا ئېلىنغىنى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىستىكى بويىچە ياشاش نىسبەتەن كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن ئەڭ ئالىي غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، ئىنسانلارنى هەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ

قالغان. شۇڭا بۇ جەمئىيەتتە باشقىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكچى بولغانلار، لېدىرلار، ھەتتا ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر، پەقەت قانۇن يول قويغان دائىرىدە، باشقىلارنىڭ شەخسىي ئىستەكلىرىگە ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، ئىككى تەرەپ ئورتاق مەنپەئەتلىنىشنى مەقسەت قىلىپ، شەخس ئېرىشەلەيدىغان ماددىي ۋە مەنىۋىي مەنپەئەتنى تەكىتلەش ئارقىلىق، باشقىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدۇ. بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئىچكى ئامىلنى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى قىلىپ، تاشقى ئامىل ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پەيدا قىلىش ئۈچۈن يەتمەكچى بولغان مەقسەتنى ئىنسانلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى بىلەن زىچ باغلىشىدا.

بىز ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ تاشقى دۇنيادا ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان كۆپ ساندا ئۇيغۇرلار، يۇقىرىقى ئۈچ خىل تۈزۈلمە ۋە ئۈچ خىل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تەسىرىگە ئۇچۇرىغىنىمىز ئۈچۈن، كەڭ خەلقىمىزنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان تاق بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ يوق. دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈكلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، «ئاللاھ يولى، ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىش» چوڭ رول ئوينايدىغان بولسا، دىنىي ئېتىقادى ئۇنچە كۈچلۈك بولمىغانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن «ئاللاھ يولى، ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىش» دېگەنلەر بەك چوڭ رول ئويناشلىقى مۇمكىن. بەزى ئىنسانلىرىمىزنىڭ كەلگۈسى غايىسى خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىش روھى، بىز ياشىغان جەمئىيەتتە ئېغىر دەرىجىدە سۇيىئىستېمال قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، كەلگۈسى غايىنى، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدىكى پسىخكىلىق مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن ئۆز-ئارا ئىشەنمەسلىك، گۇمان قىلىش، ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلىشىش، ئەندىشە قىلىش ۋە قورقۇش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن، كەڭ خەلقىمىزنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش تېخىمۇ قىيىن بولماقتا. شۇڭا بىز چوقۇم قىلىۋاتقان ھەرقانداق ئىشىمىزنى ئۆز مەنپەئەتىمىز بىلەن باغلىشىمىز كېرەك. بىز باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلاتلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىمىزنى، بولمىسا باشقىلارنىڭ ئەمەس ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىمىزنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىمىزنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

**2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى**

# ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۇسۇللىرى

ئىنگلىزچىدە «motivate» دەيدىغان بىر سۆز بولۇپ، ئۇنى تۈركچىدە motive etmek" hareket ettirmek" دەيدىكەن. ئۇيغۇرچىدا بۇ سۆزگە ئەڭ يېقىن كېلىدىغان سۆزلەر «ھەرىكەتلەندۈرمەك، قوزغىماق، رىغبەتلەندۈرمەك، روھلاندۇرماق، ئاكتىپلاشتۇرماق، ئىلھام بەرمەك» قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ھەرىكەتلەندۈرۈش» دېگەن سۆز، مەن بۇگۈن ئوتتۇرغا قوتماقچى بولغان مەزمۇنغا ئەڭ ماس كېلىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن مەن يازماقچى بولغان ماقالەمنىڭ تېمىسىنى «ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۇسۇللىرى» دەپ ئالدىم.

ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش دېگەندە ئاساسلىقى قانداق قىلىپ ئىنسانلارنى، بولۇپمۇ ئۆزگە ئىشەنچىسى بولمىغان، چۈشكۈنلەشكەن، قىيىن ئەھۋالدا قالغان، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدىنى يوقاتقان ۋە ياكى كۆرۈۋاتقان كۈنىگە قانائەت قىلىپ، ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئىستىكى بولمىغان، يەنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى كەم بولغان ئىنسانلارنى، ماشىنىغا ئوت ئالدۇرغاندەك ئوت ئالدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز ھاياتىدا كېرەكلىك بولغان ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنى كۆزدە تۇتماقچى.

ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتكە كېلىشىدە، ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى بەك موھىم رول ئوينايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى ئىنسانلارنىڭ ھايات ياشىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈگۈچ كۈچى بولسا، ئىنسانلارنىڭ روھىي ياكى پىسخىلوگىيەلىك ئېھتىياجى، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ، ھاياتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجى ۋە روھىي ئېھتىياجى قانغانسېرى، ئۇ پەيدا قىلغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ تۆۋەنلەپ ماڭىدۇ؛ ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجى قانغانسېرى، ئۇ پەيدا قىلغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ تەدرىجى كۈچىيىپ بارىدۇ. ئىنسانلارنى، ئاساسىي ئېھتىياجى ۋە روھىي ئېھتىياجىدىن مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى تېخىمۇ ھەرىكەتكە كەلتۈرگىلى ياكى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتەرگىلى بولىدۇ. ئەمما ئىنسانلارنى، ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئېھتىياجىدىن مەھرۇم قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ.

ئوخشمىغان كىشىلەر، ئوخشىمىغان دەۋىر ۋە ئوخشىمىغان شارائىت ئاستىدا قوللىنىپ كەلگەن ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى گەرچە ھەر خىل بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنى يىغىنچاقلاپ «پاسسىپ» ۋە «ئاكتىپ» تىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

پاسسىپ ئۇسۇل ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى دېگىنىمىز، ئاساسەن ئىنسانلارنى جازالاش، قامچىلاش، غورۇرىنى سۇندۇرۇش، تەھدىت سېلىش، قورقۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى مەغلۇبىيەت، يامان ئاقىۋەت، خانىۋەيرانچىلىق، ھەتتا ئۆلۈم قاتارلىقلار كۆپرەك تەكىتلىنىدۇ.

ئاكتىپ ئۇسۇل ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى دېگىنىمىز ئاساسەن ئىنسانلارنى مۇكاپاتلاش، ئىلھام بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش، غورۇرلاندۇرۇش، ئۈمىدلەندۈرۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ماختاش، مۇۋەپپەقىيەت، چوڭ نەتىجە، باياشات تۇرمۇش، گۈزەل كېلەچەك، دۇنياغا خوجا بولۇش، ھەتتا ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرىش قاتارلىقلار كۆپرەك تەكىتلىنىدۇ.

ئۇنداقتا قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرگەندە تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؟ بۇ بىر ئىككى جۈملە سۆز بىلەن ئاسانلا جاۋاب بەرگىلى بولىدىغان سوئال ئەمەس بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ماددىي ۋە مەنىۋىي تۇرمۇش سەۋىيىسى، دۇنيا قارىشى، ئېتىقادى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

باشقىلارنى بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان ھەر قانداق بىر ئادەمگە نىسبەتەن، قانداق قىلىپ باشقىلارنى ئۈنۈملۈك ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پىلانلىغان ۋاقىت ئىچىدە كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشتە بەكلا مۇھىم. بولۇپمۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى بولمىغان ۋە ياكى قىلماقچى بولغان ئىش ئىنسانلارنىڭ قانۇنى مەجبۇرىيىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، كۆپچىلىك ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىپ ئورتاق بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، كۆپچىلىكنى ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان شەخسنىڭ، ئىنسانلارنى قانداق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشنى ۋە ئۇلارنى قانداق قىلىپ رىغبەتلەندۈرۈشنى بىلىشى بەكلا مۇھىم.

ئەگەر بىز باشقىلارنى بىر ئىش قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولساق، ئالدى بىلەن چوقۇم تاماملىماقچى بولغان كونكېرت ئىش ۋە ئۇ ئىشنى تاماملاشنىڭ كونكېرت ۋاقىت جەدۋىلى بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، باشقىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكچى بولغان شەخس، ئالدى بىلەن قىلماقچى بولغان ئىشنى ئۆزى باش بولۇپ قىلىشى، ئۆزى قىلىشنى خالىمىغان ياكى ئۆزى ئىشەنمىگەن ئىشنى، باشقىلارنى قىلىشقا چاقىرماسلىقى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئىنسانلارنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش كېرەك. قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش، غورۇرىنى چۈشۈرۈش قاتارلىقلار پاسسىپ، سەلبىي ئۇسۇللار بولۇپ، بەزىدە ئۇلار ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھېسابلىنىدۇ؛ ئۇلارنى مۇۋاپىق قوللانغاندا

ئىنسانلارنى ئۇنۇملۇك ھەرىكەتكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، بىراق ئەگەر ئىنسانلاردا قورقۇنچ، ۋەھىمە، ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولسا، ئەكسىچە ئىنسانلار ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ ۋە ھەرىكەتكە كىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئاكتىپ ۋە ئىجابىي ئۇسۇللارنى ئاساس قىلىپ قوللىنىش، ياكى پاسسىپ ۋە سەلبىي ئۇسۇلنى قوللىنىش زۆرۈر بولغان، ئۇلار بىلەن ئاكتىپ، ئىجابىي ئۇسۇللار ئارىسىدا ياخشى بىر تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى، ئىنسانلار ئارىسىدا قورقۇنچ، ۋەھىمە ۋە ئۈمىدسىزلىك پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكچى بولغان ئىنسانلارغا قىلماقچى بولغان ئىش ياكى يەتمەكچى بولغان مەقسەت، نىشانىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك. مەسىلەن، ئەگەر مەلۇم ئىشنى قىلمىساق ۋە ياكى مەلۇم مەقسەتكە يەتمىسەك، بەلكىم بىز خىزمەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمىزنى، ياكى كېلىشىم باكار قىلىنىدىغانلىقنى، شۇڭا قىلماقچى بولغان ئىشنى ۋاقتىدا ئورۇنلاشنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش كېرەك. ئەڭ ياخشىسى كۆرسەتكەن سەۋەبلەر بەكلا سەلبىي ۋە ياكى تەھدىت شەكلىدە بولماسلىقى، ئۇنىڭدىن قولغا كېلىدىغان ئىجابىي نەتىجىنى ئاساس قىلىپ تەكىتلەش كېرەك.

ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتە، رىغبەتلەندۈرۈش، ئۇسۇلىنى قوللىنىش بەك مۇھىم. ئىنسانلارنى رىغبەتلەندۈرۈشتە، تۆۋەندىكى 5 قەدەم باسقۇچ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچىدىن، قىلماقچى بولغان ئىشتا ياكى يەتمەكچى بولغان مەقسەتتە، باشقىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرمەكچى بولغان شەخس، ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈلگە بولۇش ۋە ئۆزىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى كېرەك. باشقىلارنى ھەرىكەتلىنىشكە چاقىرىق قىلغان شەخسنىڭ، شەخسىي ئەخلاق پەزىلىتى، خەلق ئارىسىدىكى ھۆرمىتى ۋە ئىناۋىتى، باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرۈشتە ۋە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە بەك مۇھىم رول ئوينايدۇ. باشقىلاردىن ياخش نەتىجە كۈتۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئالدى بىلەن ئۆزى ياخشى نەتىجىگە ئېرىششتۇر.

ئىككىنچىدىن، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ ھېكايىسىنى ۋە ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەش. ھېكايە سۆزلەش گەرچە كىشىلەرگە كونكېرت نېمە قىلىش توغرىسىدا كۆپ نەرسە ئۆگەتمىسىمۇ، بىراق باشقىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئويلاش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ۋە ئىقتىدارى بويىچە ئىش كۆرۈشكە، يەنى ئۆزىگە يارىشا تىرىشچانلىق كۆرۈتىشكە چاقىرىق قىلىش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى رىغبەتلەندۈرمەكچى بولغان ئىنسانلارغا، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئەگەر پىلانلىغان ئىش ياكى يەتمەكچى بولغان مەقسەتكە يەتسە، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە تېخىمۇ چوڭ تۆھپە قوشالايدىغانلىقىنى تەكىتلەش كېرەك، يەنى ئۇلارنىڭ رولىنى جەزمەنلەشتۈرۈش كېرەك.




**ئەگەر سىز بۈيۈك ئىشلارنى قىلالمىسىڭىز، كىچىك ئىشلارنى بۈيۈك قىلىڭ**

تۆتىنچىدىن، باشقىلارغا ئىشىنىش يەنى ئۆزىنىڭ رىغبەتلەندۈرمەكچى بولغان كىشىلەرگە ھەرزامان ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئۇلارغا ئۇلاردىن گۇمانلىنىش تۇيغۇسىنى بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۆز-ئارا ئىشىنىش ئىنسانلارنى رىغبەتلەندۈرۈشتە ئالاھىدە چوڭ رول ئوينايدۇ.

بەشىنچىدىن، رىغبەتلەندۈرمەكچى بولغان كىشىلەرنى بەلگىلىك دەرىجىدە قىيىنچىلىقتىن غالىپ كېلىشكە، ئۆز-ئارا مۇسابىقىلىشىشقا ئۈندەش كېرەك. ئىنسانلارغا بېرىلگەن ۋەزىپە بىلەن ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى ئۆز-ئارا ماسلىشىشى كېرەك.




**قيىنچىلىق ھاياتتا قىزىقىش پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن غالىپ كېلىش ھاياتنى ئەھمىيەتلىك قىلىدۇ**

ئەگەر باشقىلارغا قابىلىيىتىدىن تۆۋەن ۋەزىپە بېرىلگەندە، ئۇلارغا بېرىلگەن ۋەزىپە ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارغا ئىلھام بېرىشنىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بېرىلگەن ۋەزىپە ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى قابىلىيىتىدىن كۆپ يۇقىرى بولغاندا، ئۇلاردا قابىلىيەتسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويىشى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەنلەپ كېتىشى مۇمكىن.

ھەرقانداق ئىنساننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ كونكېرت قىلىپ ئېيتقاندا بىر شەخسنىڭ ھەر قانداق بىر ئىشنى ھۆجۇتقا چىقىرىشى ئۇنىڭ تالانتى ياكى تۇغما قابىلىيىتى، شۇ شەخسنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە شەرت شارائىتقا يەنى تاشقى مۇھىتقا باغلىق. قىلماقچى بولغان ئىش ياكى پىلانىغان ۋەزىپە، نىشان، شەخسنىڭ ئىقتىدارىدىن كۆپ تۆۋەن بولغاندا، زېرىكىشلىك كېلىپ چىقىدۇ. قىلماقچى بولغان ئىش ياكى پىلانلانغان ۋەزىپە، نىشان، شەخسنىڭ قابىلىيىتىدىن بەك يۇقىرى بولغاندا، زىيادە كۈچەش، ماغدۇرسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ؛ نەتىجىدە ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك، ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولىدۇ.




ئىنسانلارنى ئۆزئۆملۈك ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

ئالدى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيتىنى ئېنىق بەلگىلەش كېرەك. مۇكاپاتلاشنى ۋە تەقدىرلەشنى تەكىتلىگەندە، پۇلغا ۋە مەلۇم پايدىغا بەك زورلاپ كەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى ئەگەر مەلۇم مىقداردا پۇل ۋە ياكى پايدىنى باشقىلارنى قوزغۇتۇشنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قاتارىدا قوللانغاندا، مەقسەتكە يەتكەندىن كېيىن يەنى شۇ پۇلغا ۋە ياكى شۇ پايدىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئوخشاش مىقتاردا پۇل ياكى پايدا بىلەن ئۇلارنى داۋاملىق ھەركەتلەندۈرۈش مۇمكىن بولماي قالىدۇ، ۋە ياكى تەلەپ ئۆزلۈكسىز يۇقۇرلاپ ماڭىدۇ. شۇڭا ئىنسانلارنى ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغاندا، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى مۇۋاپىق تاللاش، ئۇلارنى پايدا ئۈچۈنلا بىر ئىش قىلىشقا كۆندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى ئۇلاردا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى پەيدا قىلىش كېرەك.

مەسىلەن، مۇكاپات ئىنسانلارنى پەقەتلا شۇ مۇئاكاپاتقا ئېرىشش ئۈچۈنلا ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇلار ھەرىكەتتىن توختايدۇ. مۇكاپات تۈگىگەندە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ يوقايدۇ.

ئىككىنچىدىن ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغان ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئىنسانلار ئۆزلىرى ھېس قىلمىغان، كۆرمىگەن ۋە تۇيمىغان ئىشلار ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيدۇ. ئىنسانلار پەقەت قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ، يەتمەكچى بولغان نىشانىنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇ نىشانغا يېتىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، تۈيغۇندا ۋە ياكى ئۇنى تونۇپ يەتكەندە، ئاندىن ئۇ ئىشنى قىلىش ياكى ئۇ نىشانغا يېتىش ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تىرىشچانلىق كۆرستىدۇ.

ئىنسانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ دەردىگە قۇلاق سېلىش ۋە ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئاينايدۇ. بىزدە «ياخشى سۆز تاشنى ئېرىتەر» دەيدىغان ئاتا سۆزى بار بولۇپ، ئىنسانلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇلارنى قوزغاشنىڭ كۈچلۈك قوزغاتقۇچى كۈچى ھېسابلىنىدۇ. ھەددىدىن زىيادە ئەيىبلەش، تەنە قىلىش ۋە باشقىلارنى ئوسال ھالەتكە چۈشۈرۈش كۆپىنچە ھالدا سەلبىي تەسىر كۆرستىدۇ.

ئۈچىنچىدىن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى ئورتاقلىشىش، باشقىلارنى ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. تۈزۈلگەن قىسقا، ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك پىلانلارنىڭ ھەر بىر باسقۇچى تاماملانغاندا، ئۇنى تەبرىكلەش، ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمان بولۇش، ۋە ئۇ نەتىجىلەر ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش بەك مۇھىم.

ئىجابىي ۋە سەلبىي ئۇسۇل ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ياخشى ساقلاپ، بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ قايسىسىنى قوللىنىشنى كونكرېت ئەھۋال ۋە كونكرېت ئىنسانلارغا قاراپ كونكرېتلاشتۇرۇش كېرەك. مەغلۇبىيەتلەرنى بەك تەكىتلەپ، كىشلەر ئارىسىدا ۋەھىمە، قورقۇنچا پەيدا قىلىشتىن ۋە ياكى باشقىلارغا تەھدىت سېلىشتەك سەلبىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كىشلەر ئارىسىدا ئۈمىدسىزلىك ۋە روھىي چۈشكۈنلۈك پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

غورۇرلۇق ۋە ھەرزامان ئۆزىنى ئەڭ كۈچلۈك قابىلىيەتلىك سانايدىغان ئىنسانلارغا نىسبەتەن، پاسسىپ ۋە سەلبىي ئۇسۇللارنىڭ سالمىقىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئاشۇرۇش، ئۇلارغا مەغلۇبىيەتنىڭ ئاقىۋىتىنى ھەرزامان ئەسلىتىپ تۇرۇش كېرەك. ئاللىبۇرۇن روھىي چۈشكۈنلەشكەن ۋە ئاسان ئۈمىدسىزلىنىدىغان كىشلەرگە نىسبەتەن، ئەڭ ياخشىسى ئاكتىپ ئۇسۇللارنى ئاساس قىلىپ قوللىنىپ، ئۇلارنى ئۈمىدلەندۈرۈپ تۇرۇش كېرەك؛ پاسسىپ ۋە سەلبىي ئۇسۇللارنى كۆپ قوللىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە ئەڭ مۇھىمى، ئېتىقادنى كۈچلەندۈرۈش، ئورتاق نىشان تۇرغۇزۇش ۋە ئۈمىدۋار بولۇش كېرەك. ئۈمىد دېمەك ئەتىراپنى قاراڭغۇلۇق باسقاندا بىر تال چىراقنىڭ نۇرىنى كۆرەلمەك دېمەكتۇر. ئۈمىد دېمەك تېز ئېقىۋاتقان دەريادا قولىمىزغا ئىلاشقان بىر تال ياغاچتۇر.

ئەمدى ئۆزىمىزدە مەۋجۇت ئەھۋاللارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەممىمىز مەلۇم بولغاندەك ۋەتەندىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، تۈركىيە ۋە غەرب دۆلەتلىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇيغۇر داۋاسى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى، بۇرۇن داۋاغا يېقىن كېلىپ باقمىغان كۆپلىگەن خەلق داۋا سېپىگە قېتىلدى. نۇرغۇن دۆلەتلەردە ھەر خىل پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلماقتا. گۇۋاھلىق بېرىش، لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىقلار كۆچەيتىلمەكتە. بىراق بۇلارنى ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقان ئومۇمىي نوپۇسىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ ھەرىكەتكە كېلىش ئەھۋالىمىز يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس.

مېنىڭ پەرىزىمچە، تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېموكراتىك ۋە غەرب دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئەڭ تۆۋەن مۆلچەرلىگەندىمۇ 50 مىڭدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن. بىراق دېموكراتىك ئەركىن دۆلەتلەردە بولۇۋاتقان نامايىش ۋە ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ داۋادا بەلگىلىك رول ئويناۋاتقانلار يۇقىرىقى ساننىڭ **10%** نى ئىگىلىشى، يەنى **5000** ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئاكتىپ رول ئويناۋاتقانلارنىڭ سانى ھەممىمىزگە ئايان. مۇنداقچە ئېيتقاندا **80 ـ 90%** خەلق تېخى ئاساسەن ھەرىكەتكە كەلگىنى يوق. ئۇنداقتا ۋەتەندىكى ۋەزىيەت كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتسا، ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقان شۇنچە كۆپ كىشىلەر نېمە ئۈچۈن تېخىچە ئويغانمايدۇ؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ھەرىكەتكە كەلمەيدۇ؟ ئۇلار ھەقىقەتەن ۋەتەندىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى تېخىچە تونۇپ يەتمەيۋاتامدۇ؟ ئۇلار ھەقىقەتەن بىز جىم ئولتۇرساق ۋەزىيەت ياخشىلىنىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا زىيان كەلمەيدۇ دەپ قارامدۇ؟

مېنىڭ قارىشىمچە ۋەتەندىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتمىگەنلەر كۆپ ئەمەس. جىم ئولتۇرساق ۋەزىيەت ياخشىلىنىدۇ، ئۆيدىكىلەرگە زىيان كەلمەيدۇ دەپ قارايدىغانلارمۇ كۆپ ئەمەس.

كۆپ بولغىنى، بىرى روھىي ئاسارەتتە ياشاۋاتقانلار يەنى روھىي قۇللۇقتىن تېخى قۇتۇلالمايۋاتقانلاردۇر. بۇ ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز خاھىشىدىن بولغان ئىش ئەمەس. ئۇ خىتاي ھاكىمىيىتى يېقىنقى **60 ـ 70** يىل جەريانىدا، **2**، **3** ئەۋلات ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېلىپ بارغان ھەر خىل ھەرىكەت ۋە باستۇرۇش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان روھىي زەخمە (تىراما) تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان يامان ئاقىۋەت ۋە بىنورماللىق. بۇ خىلدىكى ئىنسانلارنىڭ روھىي ھالىتى ناھايىتى زىددىيەتلىك ۋە ئېھتىياتچان بولۇپ، بەزىدە ئۆزلۈكىدىن جاسارەتلىنىپ كېتىدۇ، بىراق ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ، ئويدان ئويلانغاندىن كېيىن قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىدىن ئۆزى ئەندىشە قىلىشقا باشلايدۇ. بەزىدە ھەتتا تاسادىپىي يۈز بەرگەن مۇناسىۋەتسىز كېلىشمەسلىك ۋە يامان ئاقىۋەتنى ئۆز قىلمىشىغا باغلاپ، ئۇ كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبلىكىنى ئۆزىدىن كۆرىدۇ. ئۆز ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ. ھەتتا نورمال ئىجتىمائىي ئالاقە قىلىش ۋە ۋەزىيەت توغرىسىدا ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىمۇ ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىدۇ.

كۆپ بولغانلارنىڭ يەنە بىرى "تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغىلى بولمايدۇ" دەپ قارايدىغانلار، يەنى كەلگۈسىگە ئىشەنچىسى يېتەرلىك ئەمەس، ئۈمىدسىز ۋە روھىي چۈشكۈنلەشكەنلەردۇر. بۇ خىلدىكى ئىنسانلار كۆپىنچە

ئەھۋالدا جامائەتكە كۆپ ئارىلاشمايدىغان، كۆپ سۆزلىمەيدىغان بولىدۇ. ئۇلار داۋاملىق ھارغىن ھېس قىلىدۇ، روھىي كەيپىياتى تۆۋەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ. ئەھۋالى ئېغىر بولغانلار، ۋەتەنىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى دۇچ كەلگەن پاجىئەلەرگە قارىتا ھېچ ئىش قىلالماي قولىنى قوۋراشتۇرۇپ تۇرغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ ۋە ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلاپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۋېلىپ، ھەممە ئىشتىن بىراقلا قۇتۇلۇشنى ئويلايدۇ.

مەن ئۆتكەن يىل توردا ئىككى قېتىم راي سىناش ئېلىپ بارغان ئىدىم (كۆك رەڭ، 2018 - يىلى 4 - ئايدا ئېلىپ بېرىلغان، قىزىل رەڭ، 12 - ئايدا ئېلىپ بېرىلغان). ئۇنىڭدا سىز ئۆزىڭىزنى ئۆلتۈرۋېلىشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ دەيدىغان بىر سوئال بار ئىدى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋاب تۆۋەندىكىچە:

1. ئەزەلدىن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۋېلىشنى ئويلاپ باقمىدىم
2. بەزىدە ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۋېلىشنى ئويلايمەن
3. داۋاملىق ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۋېلىشنى ئويلايمەن
4. جاۋاب بەرمىگەنلەر



يۇقىرىقى گرافىكتا كۆرگىنىڭىزدەك، راي سىناشقا قاتناشقۇچىلار ئىچىدە، داۋاملىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلايدىغانلار 4% بولۇپ، بەزىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلايدىغانلار 8 ئاي ئىچىدە بىرىنچى قېتىملىق راي سىناش (كۆك رەڭلىك) تىكى 14% دىن ئىككىنچى قېتىملىق راي سىناش (قىزىل رەڭلىك) تىكى 19% گە كۆپەيگەن. راي سىناشقا قاتناشقانلار ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلاپ باققانلار جەمئىي 23% گە يەتكەن. ئامېرىكىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلاپ باققانلارنىڭ نىسبىتى 3.9% بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلاپ باققانلارنىڭ نىسبىتى ئۇ نىسبەتتىن 6 ھەسسە يۇقىرى بولغان.

مەيلى روھىي ئاسارەتتە ياشاۋاتقانلار بولسۇن ۋە ياكى روھىي چۈشكۈنلەشكەن ئىنسانلار بولسۇن، بۇنداق ئىنسانلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە، ئەگەر بىز ھېسسىياتىمىزغا تايىنىپ ئۇلارنى ئەيىبلىسەك، ھاقارەتلىسەك، ئۇلارغا تەھدىت قىلساق ۋە ياكى قورقۇنۇشلۇق ئاقىۋەتلەرنى كۆپ تەكىتلىسەك، ئۇلارغا پاسسىپ ۋە سەلبىي ئۇسۇللارنى كۆپ قوللانساق، ھەرگىزمۇ كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمەيمىز.

ئۇلار بىزنىڭ چۈشىنىشىمىزگە، ھېسداشلىق قىلىشىمىزغا، كۆيۈنىشىمىزگە ۋە سەممىي ياردەم قىلىشىمىزغا موھتاج. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇ ئاجىزلىقىنى تونۇپ يېتىشكە ۋە ئۇلاردىن ئاستا ئاستا غالىپ قىلىشكە ئېھتىياجلىق. ئۇلار ئۈمىدلىنىشكە، ئۆز ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى قايتىدىن تىكلەشكە ئېھتىياجلىق.



**ئۈمىدۋارلىق ئىنساننى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشەنچدۇر. ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بولمىسا هېچنېمىنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ.**

بىز چوقۇم ئۆز ـ ئارا ئەيىبلەشنى ۋە ئۆز ـ ئارا دۈشمەنلىك قىلىشنى توختۇتۇشىمىز، تارىختىكى ئاچچىق ساۋاقلارنى يەكۈنلىشىمىز، ئۆز ـ ئارا ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆز ـ ئارا هەمكارلىقنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

**2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى**

# مۇنازىرە ئەخلاقى ۋە بىزدىكى رېئاللىق

ئۆز ـ ئارا مۇنازىرە قىلىش ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بىرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان نورمال ئادەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ گەرچە ئادالەت دەۋر سۈرگەن جەمئىيەتتە نورمال داۋام قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق دىكتاتورلۇق جەمئىيەتتە ھەر خىل چەكلىمىلەرگە ئۇچراپ كەلگەن. بولۇپمۇ ئىنسانلار سىنىپقا ئايرىلغان، ئاجىزلارنىڭ كۈچلۈكلەرگە، كىچىكلەرنىڭ چوڭلارغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە، كەمبەغەللەرنىڭ بايلارغا، پۇقرالارنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرگە مۇتلەق بويسۇنۇش تەلەپ قىلىنغان جەمئىيەتتە، «مۇنازىرە قىلىش» ياكى «گەپ تالىشىش» ئىنسانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق پەزىلىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەدەپسىزلىك قىلمىش دەپ قارىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا ھەر خىل چەكلىمىلەر قويۇلغان. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۆز ـ ئارا مۇنازىرىلەر ساغلام تەرەققىي قىلىشتىن مەھرۇم قالغان.

دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ دۇنياغا كېلىشى، قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشى ۋە ساغلام ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئارا بارەۋەرلىككە بولغان تونۇشى ۋە تەلەپلىرى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارغان؛ ئىنسانلار كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز ـ ئارا مۇنازىرە قىلىشقا سورۇن ھازىرلانغان. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۆز ـ ئارا مۇنازىرىنىڭ ساغلام ئېلىپ بېرىلىشى ۋە مۇنازىرە جەريانىدا پىكىر ئىختىلاپى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىنسانلار مۇنازىرە جەريانىدا ئۆز ـ ئارا بويسۇنۇش كېرەك بولغان ئەخلاقى ئۆلچەملەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇنداقتا «مۇنازىرە ئەخلاقى» نىڭ ئۆلچىمى نىمىلەردىن ئىبارەت؟ مەن مۇنازىرە ئەخلاق ئۆلچىمى توغرىسىدا توختۇلۇشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئەخلاق توغرىسىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئەخلاق دېگىنىمىز ئىنسانلارنىڭ سۆز ھەرىكىتى ۋە قىلمىشىنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى، ياخشى ياكى يامانلىقىنى، ھەق ياكى ناھەقلىقىنى، ئالىيجاناپ ياكى پەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان تارازا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان جەمئىيەت ۋە ئوخشىمىغان دەۋىردا بېرىلگەن تەرىپ ۋە ئۆلچەملەر پەرقلىق. مەسىلەن، ئامېرىكا فەدېرال ئالىي سوتىنىڭ بۇرۇنقى سوتچىسى پوتتەر ستىۋارت (**Potter Stewart**) ئەخلاق توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىكەن: "ئەخلاق دېمەك، ئىنسانلارنىڭ نېمە قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى بىلەن نېمە قىلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىڭ پەرقىنى بىلىش دېمەكتۇر". ئامېرىكىلىق مەشھۇر تىجارەتچى ۋە ساخاۋەتچى ھەنرى كراۋىس (**Henri Kravis**) مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئەگەر سەندە سەممىيلىك بولمىسا، سەندە ھېچنېمە بولمايدۇ. سەن ئۇنى پۇلغا سېتىپ ئالالمايسەن. سەن دۇنيادىكى بارلىق بايلىققا ئېرىش، ئەمما ئەگەر سەن ئەخلاقى يوق بىر ئىنسان بولساڭ، سەندە ھېچنېمە بولمايدۇ.»

ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ قانداق بولۇشى، ھەر بىر ئىنسانغا، ھەر بىر ئائىلىگە ۋە ئۇ ئىنسان ياشىغان جەمئىيەتكە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇنىغا ئىنسانلارنىڭ ئائىلە تەربىيەسى، قىممەت قارىشى، ئېتىقادى، سەممىيەتلىكى، راستچىللىقى، ئۇنىۋېرسال ساپاسى، تاشقى مۇھىت ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي كەچۈرمىشى قاتارلىق ھەر خىل ئامىللار تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەخلاق ـ پەزىلەت توغرىسىدا ئىزدىنىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا ئۆلچەم بېكىتىشكە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ئەخلاقنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن: شەخسىي ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئەخلاق، دىنىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، تىجارەت ئەخلاقى، مۇنازىرە ئەخلاقى، تەنقىد ئەخلاقى. مەن تۆۋەندە ئاساسلىقى مۇنازىرە ئەخلاقى ۋە بىزدىكى رېئاللىق توغرىسىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## مۇنازىرە ئەخلاقى

مۇنازىرە ئەخلاقى بولسا ئىنسانلارنىڭ ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرى ۋە پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا بويسۇنۇش زۆرۈر بولغان ئەخلاقى ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى پىكىر ۋە كۆز قاراش پەرقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇنازىرە ئەخلاقىنىڭ ئەڭ نىگىزلىك يېرى ھەر بىرىمىز ئۆز سۆز ھەققىمىز ۋە ئەركىنلىكىمىزنى تەكىتلىگىنىمىزدە، باشقىلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش سۆز ھەققى ۋە ئەركىنلىكى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماي، باشقىلارنى زورلۇق بىلەن بويسۇندۇرۇش ئەمەس، بەلكى سۆز بىلەن قايىل قىلىش كېرەكلىكىنى، ئەگەر قارشى تەرەپ قايىل بولمىسا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش، ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بىردەك ئىتائەت قىلىشتۇر. مۇنازىرە ئەخلاقىنىڭ ئاساسى ۋە كاپالىتى بولسا، ئىنسانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشى، قانۇننىڭ ئادالەتلىك ئىجرا قىلىنىشى ۋە دېموكراتىيەنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىدۇر. ئۆز ـ ئارا باراۋەرلىك بولمىغان مۇھىتتا مۇنازىرە ئەخلاقى ۋە مۇنازىرىنىڭ ئادىل بولۇشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

كۆز قاراش (Opinion) دېگىنىمىز ئىنسانلارنىڭ مەلۇم شەيئىي، مەلۇم ھادىسە ۋە مەلۇم ۋەقەگە بولغان كۆزىتىشى، ئىزدىنىشى، تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان يەكۈنى بولۇپ، ئۇ ھەر بىر ئىنساننىڭ كەچۈرمىشلىرىگە، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىغا، بىلىم ساپاسىغا، دۇنيا قارىشىغا ۋە ئېتىقادىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. كۆز قاراش، پاكىتتىن تۈپ پەرقلىق بولۇپ، ئۇ نورمالدا مۇتلەق توغرا ۋە ياكى مۇتلەق خاتا بولمايدۇ. ئۇ پەقەتلا مەلۇم شەخسنىڭ مەلۇم شەيئىي، مەلۇم ھادىسە ۋە ياكى مەلۇم ۋەقەلىككە بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ ئوخشاش شەيئىي، ئوخشاش ھادىسە ۋە ياكى ئوخشاش ۋەقەلىككە بولغان كۆز قارىشى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، ئوخشاش بىر ئالمىنى 5 كە پارچىلاپ، ئۇنى 5 ئادەم يېگەن بولسا، بەزىلەر ئۇ ئالمىنى بەك تاتلىقكەن دېيىشى مۇمكىن، يەنە بەزىلەر بولسا ئۇ ئالمىنى ئۇنچە تاتلىق ئەمەسكەن دېيىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا، بىز ھېچكىمنى خاتا دەپ ئەيىبلىيەلمەيمىز. ئۇ ئالمىنى بەك تاتلىقكەن دېگەنلەر بەلكىم بۇرۇن ئۇ ئالمىدەك تاتلىق ئالمىنى يەپ باقمىغان

بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئالمىنى ئۇنچە تاتلىق ئەمەسكەن دېگەنلەر بەلكىم بۇرۇن ئۇنىڭدىن تاتلىق ئالمىنى يەپ باققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ پەقەت ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆتمۈشتىكى كەچۈرمىشلىرىگە باغلىق. شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەقلىق. چوقۇم مېنىڭ توغرا، سىنىڭ خاتا دەپ قارشى تەرەپنى ئىنكار قىلىش توغرا ئەمەس.

پاكىت (**Fact**) — ئىسپاتلانغان ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن ئورتاق قوبۇل قىلىنغان ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، زامان ۋە ئورۇننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ھەممە ئىنسان قايسى نۇقتىدىن قارىشىدىن قەتئىينەزەر، ئېرىشكەن خۇلاسە ئوخشاش بولىدۇ. توغرا بولمىسا خاتا بولىدۇ، خاتا بولمىسا توغرا بولىدۇ. شۇڭا نورمالدا پاكىت توغرىسىدا ئۆز-ئارا كۆپ تالاش-تارتىش بولمايدۇ. مەسىلەن، **10** قەۋەتلىك بىر بىنا، ھەر قانداق ئادەمگە نىسبەتەن ئوخشاشلا **10** قەۋەت؛ **5** كىلومېتىرلىق مۇساپە، ھەرقانداق ئادەمگە نىسبەتەن ئوخشاشلا **5** كىلومېتىر؛ **60** كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر، ھەر قانداق ئادەمگە نىسبەتەن ئوخشاشلا **60** كىلوگرام تۆمۈر؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى پاكىت بولۇپ، ئۇلار ھەممە ئادەمگە نىسبەتەن ئوخشاش.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بەزىدە كۆز قاراش دەپ تالاش-تارتىش قىلىشقان بەزى قاراشلار زاماننىڭ ئۆتۈشىگە، ئىلىم-پەن ۋە تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئىنسانلارنىڭ كائىناتقا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنسا، ئۇ پاكىتقا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، ، ئىنسانلارنىڭ يەر شارىنىڭ شەكلىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغان دەۋرلەردە، بەزىلەر يەر شارىنى يۇمىلاق دەپ قارىغان بولسا، يەنە بەزىلەر يەر شارىنى تۈز دەپ قارىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن يەر شارىنىڭ شەكلىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن بىر زامان مۇنازىرە بولغان. ئاسترونومىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەر شارىنىڭ يۇملاق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ۋە ئۇنى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىنسانلار ھەقىقەت قاتارىدا قوبۇل قىلغان؛ نەتىجىدە يەر شارىنىڭ يۇملاق ئىكەنلىكى ئەسلىدىكى كۆز قاراشتىن پاكىتقا ئايلانغان.

ئەگەر بىز تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، تارىختا يۈز بەرگەن نۇرغۇن توقۇنۇشلارنىڭ، ئىنسانلارنىڭ پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى پەرق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇزۇن زامانلىق توقۇنۇشلاردىن كېيىن، ئىنسانلار، مۇنازىرە جەريانىدىكى پىكىر ۋە كۆز قاراش پەرقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان توقۇنۇشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلىك قائىدە يوسۇنلارغا بويسۇنىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن؛ شۇنىڭ بىلەن بارا-بارا مۇنازىرە ئەخلاقى شەكىللەنگەن.

ئۇنداقتا ئىنسانلار مۇنازىرە قىلغاندا نېمە ئۈچۈن توقۇنۇش پەيدا بولىدۇ؟ ئۇنىڭ سەۋەبلىرى نىمىلەردىن ئىبارەت؟

ئىنسانلارنىڭ ئوخشىمىغان پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئەركىن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز-ئارا مۇنازىرە قىلالىشىنىڭ ئاساسى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئوي پىكىرلىرىنى ئەركىن ئىپادىلەش ھەققىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇشىدۇر. دىكتاتورلۇق ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت مۇتلەق بويسۇندۇرۇش ۋە مۇتلەق بويسۇنۇش بولۇپ، ئۇنداق جەمئىيەتتە بىر خىل ئاۋاز، بىر خىل ئىدىيە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئىزھار قىلىش پۇرسىتى بولمىغاچقا، ئۆز-ئارا

مۇنازىرە قىلىش ۋە ئۇ مۇنازىرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك توقۇنۇش كۆپ ئەمەس، ياكى توقۇنۇش بولسىمۇ ئاساسەن هۆكۈمران سىنىپلار ئارىسىدىلا چەكلەنگەن. ئىنسانلارنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئەركىن ئىپادىلەش پۇرسىتى بولغاندا، ئاندىن مۇنازىرە بولىدۇ، مۇنازىرە بولغاندا ئاندىن پىكىر، كۆز قاراشتىكى پەرق ۋە ئىختىلاپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى پىكىر، كۆز قاراشلارنىڭ پەرقلىق بولۇشى ۋە ياكى پىكىر ئىختىلاپىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئەركىنلىك بولغان دېموكراتىك بىر جەمئىيەتتىكى نورمال هادىسە.

ئىنسانلارنىڭ هەر خىل هادىسە، ۋەقەلىك ۋە شەيئىيلەرگە بولغان كۆزىتىشى، ئىزدىنىشى، چۈشىنىشى ۋە تونۇشى پەرقلىق بولغاچقا، ئۇلارغا نىسبەتەن چىقىرىلىدىغان يەكۈنمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار ئارىسىدا پىكىر، كۆز قاراش پەرقى ۋە ئىختىلاپ پەيدا بولىدۇ. يەنى ئىنسانلار ئارىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىنسانلارنىڭ كۆز قاراشتىكى ئوخشىمىسلىق ۋە پىكىردىكى پەرقتۇر. ئەلۋەتتە ئىنسانلار بەزىدە كۆز قاراش بىلەن پاكىتنى ئارىلاشتۇرۇپ، ياكى كۆز قاراشنى پاكىت ئورنىغا قويۇپ، ئۆزلىرىنى هەقلىق كۆرسىتىشكە ۋە باشقىلارنى بېسىشقا ئۇرۇنىدۇ. بەزىدە هەتتا ئىنسانلارنىڭ پاكىتقا قارىتا خاتا چۈشەنچىسى تۈپەيلىدىن بىهۇدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ئۆز ـ ئارا توقۇنۇش پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى ئورتاقلىق، ئىنسانلارنى بىر يەرگە توپلايدۇ؛ دوست ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت چەمبىرىكىنى هاسىل قىلىدۇ. پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى ئورتاقلىقتا، ئورتاق نىشان ۋە ئورتاق غايە قوشۇلۇپ، تەشكىلات ۋە سىياسى پارتىيەلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى بىرلىك، ئىنسانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئۆز ـ ئارا هەمكارلىقىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتىرىدۇ. بىراق دەل شۇ پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى ئوخشاشلىق سەۋەبىدىن، خاتالىقمۇ قايتا قايتا سادىر بولۇشى، كۆپ يېڭىلىق ۋە تۈپ ئۆزگىرىش ئاسان دۇنياغا كەلمەسلىكى ۋە ياكى يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىش ئاستا بولۇشى مۇمكىن.

پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى پەرق بەزىدە ئىنسانلارنىڭ يالغۇز قىلىشىغا سەۋەب بولسىمۇ، ئۆز ـ ئارا هەمكارلىققا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئىش ئۈنۈمىگە توسالغۇ بولسىمۇ، هەتتا ئىنسانلار ئارىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلسىمۇ، بىراق ئۇ ئىنسانلارنىڭ هادىسە، ۋەقەلىك ۋە شەيئىيلەرنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن كۆزىتىشىگە، ئۇلارغا بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە تولۇق بولۇشىغا، يۈزلەنگەن مەسىلىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا تەپەككۇر قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. ئوخشاش خاتالىقنىڭ قايتا قايتا سادىر بولۇشتىن ساقلىنىشقا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئوخشىمىغان ۋە ياكى يېڭى ئىدەيەلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە شارائىت هازىرلىشى مۇمكىن. شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەكلى، يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىش نورمالدا پىكىر ۋە كۆز قاراشتا، باشقىلار بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغانلار ئىچىدىن ئەمەس، بەلكى پىكىر ۋە كۆز قاراشتا باشقىلاردىن پەرقلىق بولغانلار، ئالاهىدە ۋە ئۆزگىچە تەپەككۇر قىلىدىغانلار ئىچىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۆزگىرىش دېمەك، بۇرۇن مەۋجۇت بولغانلاردىن پەرقلىق دېمەك. يېڭىلىق دېمەك، كونىسى بىلەن ئوخشىمايدۇ دېمەك. پەرق، ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىقنىڭ نېگىزى. پەرق بولمىسا، ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىق بولمايدۇ. شۇڭا پەرقنى چەكلەش، پەرقنى ئىنكار قىلىش دېمەك؛ ئۆزگىرىشنى ۋە يېڭىلىقنى قوبۇل قىلماسلىق ياكى ئۇنى چەكلەش، ئىنكار دېمەكتۇر.

بىز، پۇقرالارنىڭ، بولۇپمۇ خەلقىمىزنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىش هوقۇقى چەكلەنگەن، هەممە جەهەتتە مەركەزنىڭ، پارتىيەنىڭ تەلىماتى بويىچە ئىش كۆرۈش تەلەپ قىلىنغان، مۇستەملىكە ۋە دىكتاتور بىر

هاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان ۋە تەربىيىلەنگەن بولغاچقا، بىز ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى ئەركىن ئىپادىلەشتىن ۋە ساغلام مۇنازىرە قىلىشتىن مەھرۇم قالغان. شۇ سەۋەبتىن بىزدە ساغلام مۇنازىرە قىلىشقا ۋە مۇنازىرە ئەخلاقىغا بولغان چۈشەنچە ئېنىق ئەمەس. بىز ھە دېسەك ئۆزىمىزنىڭ ھەق-ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى نوقۇل ھالدا تەكىتلەپ، باشقىلارنىڭ بىزگە ئوخشاش ھەق-ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىمىز. ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى باشقىلارغا مەجبۇرىي تاڭىمىز ياكى باشقىلارنىڭ ئوخشىمىغان پىكىر ۋە كۆز قارىشىنى ئىنكار قىلىمىز. ئەگەر باشقىلار قوبۇل قىلمىسا، ئۇنى شەخسىي ئالىمىز؛ ھەتتا ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايمىز. بىز مەيلى ھەقلىق بولايلى ياكى ھەقسىز بولايلى، بىز ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر تەكلىپلەر مەيلى توغرا بولسۇن ۋە ياكى خاتا بولسۇن، بىز ئۆز كۆز قاراشلىرىمىزنى قانداق ۋە قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن ئوتتۇرىغا قويساق، ئۇنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئەڭ ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ئۇنچە بىلىپ كەتمەيمىز. بىز دىكتاتورلۇق ھاكىمىيەت ۋە تۈزۈلمىدىن شىكايەت قىلىمىز، بىراق ئۆزىمىز بىلىپ بىلمەي باشقىلارغا دىكتاتورلۇق قىلىمىز. بىز مۇنازىرە قىلغاندا، پاكىت بىلەن كۆز قاراشنى ئاسان ئارىلاشتۇرۇپ قويىمىز، ياكى كۆز قاراشنى پاكىت ئورنىدا ئىشلىتىمىز. پاكىتقا ھېس تۇيغۇمىزنى قېتىۋالىمىز ۋە ئاسانلا مۇنازىرە بولۇۋاتقان تېمىدىن چەتنەپ، بۇرۇنقى مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى مۇنازىرىگە سۆرەپ كىرىمىز.

ئادەتتە، بىز مەلۇم پىكىر ۋە كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدا، ئەگەر باشقىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشسەك، كۆڭلىمىز راھەت تېپىشى مۇمكىن؛ ئۆزىمىزنىڭ توغرىلىقىغا ئىسپات تاپقاندەك بولىمىز. بۇ كۆپىنچە ئىنسانلاردا بولىدىغان نورمال ئەھۋال بولۇپ، ئۇنىڭ گەرچە ئۆز ئۆزىمىزدىن قانائەت قىلىشىمىزغا ۋە سىرداش تېپىشىمىزغا پايدىسى بولسىمۇ، بىراق بىز بىلەن ئوخشاش پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى كىشىلەر، بىزنىڭ كەڭ دائىردە تەپەككۇر قىلىشىمىزغا ۋە ئۆز كۆز قارىشىمىزنى تېخىمۇ ئەتراپلىق قىلىشىمىزغا كۆپ ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئوخشىمىغان پىكىر ۋە كۆز قاراشلار، بىزنىڭ مەسىلىلەرنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ تەپەككۇر قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا بىز مەلۇم پىكىر ۋە كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدا، ئەگەر باشقىلار ئۇنىڭغا قارشى چىقسا ۋە ياكى بىرسى بىز بىلەن پۈتۈنلەي پەرقلىق پىكىر ۋە كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇ بىزنىڭ غورۇرىمىزغا تېگىشى ۋە بىز ئۇنى ئۆزىمىزگە ئېلىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى تۇتىۋېلىپ سوغۇق قانلىق بىلەن، «نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ پىكىر ۋە كۆز قارىشى مەندىن پەرقلىق؟» دەپ ئويلاپ باقساق، بەلكىم ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇر قىلىشىمىزدىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەرنى پەرق ئېتەلىشىمىز ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىمىزدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالىشىمىز مۇمكىن. نەتىجىدە، بىزنىڭ مەلۇم مەسىلىگە بولغان كۆز قارىشىمىز تېخىمۇ كېڭىيىشى مۇمكىن. ئەپسۇس، بىز رېئاللىقتا، بىزگە ئوخشىمايدىغان پىكىر قىلغانلارنى، ئالدىراپ «ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇچى»، «پىتنە پاسات تارقاتقۇچى» قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئەيىبلەيمىز ۋە چەتكە قاقىمىز. باشقىلارمۇ ئاز تولا بىر نەرسە ئويلاپ، بۇ پەرقلىق پىكىر ۋە كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغاندۇ" دەپ ئويلاپ باقمايمىز. دالاي لاما مۇنداق دېگەن ئىكەن: «سەن سۆزلىسەڭ، پەقەت بىلىدىغىنىڭنى تەكرارلايسەن، بىراق سەن باشقىلارنى ئاڭلىساڭ، بىلمىگەننى بىلىۋالىسەن.» دېمەك، باشقىلارنىڭ ئوخشىمىغان پىكىر ۋە كۆز قارىشىنى ئاڭلاپ قويۇش، زىيانلىق ئىش ئەمەس.

بىز چوڭ بولغان مۇھىتتا، يالغۇز تەبىئىي پەن ئەمەس، ئىجتىمائىي پەن دائىرىسىدىكى نۇرغۇن سوئاللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلچەملىك جاۋابى بار بولۇپ، سورالغان ھەر قانداق سوئالغا باشقىلار تەييارلىغان ۋە بىز يادقا ئېلىۋالغان ئۆلچەملىك جاۋاب تەلەپ قىلىنغىنى ئۈچۈن، بىزدە ئۆلۈك يادلاش ئەھۋالى ئېغىر، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش كەم؛ پاكىت بىلەن كۆز قاراش ئارىسىدىكى پەرق ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن، تارىخ كىتابلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى پاكىت بولۇشى ناتايىن. بىز بىلىمىزكى، تارىخ مەلۇم ۋەقەلىك يۈز بەرگەندىن كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن ماتېرىيال بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە گەرچە بەزى پاكىتلار بولسىمۇ، بىراق تارىخنىڭ كۆپ قىسمى تارىخچىنىڭ شۇ ۋەقەلىكنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ۋە كۆز قارىشىدىن ئىبارەت. تارىخىي كىتابلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەقەلىك يۈز بەرگەن ۋاقىت، ئورۇن، ۋەقەلىككە مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر پاكىت بولغاندىن باشقا نۇرغۇن مەزمۇنلار، يازغۇچىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەقەلىككە بولغان كۆزىتىشى، ئىزدىنىشى، چۈشەنچىسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان خۇلاسە ۋە يەكۈندىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبتىن ئوخشىمىغان تارىخچى يېزىپ چىققان تارىختا پەرق بولىدۇ ۋە تارىخ داۋاملىق قايتا يېزىلىدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ساغلام بىر جەمئىيەتتە، ھەم پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى ئورتاقلىق، ھەم پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى پەرق تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېرەك. پىكىر ئورتاقلىقىنى ھەددىدىن زىيادە تەشەببۇس قىلىپ، پىكىردىكى پەرقنى چەتكە قېقىش ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىش نورمال ئەمەس. پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى پەرق بەك ئېغىر بولۇپ، پىكىر ۋە كۆز قاراشتا بىرلىك ۋە ئورتاقلىق بولماسلىقمۇ توغرا ئەمەس. مەسىلە بىزنىڭ پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى پەرققە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزدا؛ بىزنىڭ پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى پەرق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان توقۇنۇشلاردىن قانداق ساقلىنىشىمىز ۋە ئۇنى قانداق ھەل قىلىشىمىزدا. ئەگەر بىز مۇنازىرە جەريانىدا، مۇنازىرە ئەخلاقىغا بويسۇنۇپ، ئۆزىمىزنىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى تەكىتلىگەندە، باشقىلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش سۆز ئەركىنلىكىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتسەك ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلساق، كۆز قاراش پەرقى ۋە پىكىر ئىختىلاپى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان توقۇنۇشلاردىن ئۈنۈملۈك ساقلىنالايمىز. ئۇ چاغدا بىزنىڭ پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى پەرقلەر، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ھەم شۇنداقلا ئىشلىرىمىزدا ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشتا ئىجابىي رول ئوينايدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىشى مۇمكىن.

# بىزدىكى ئىنكار قىلىش پسىخىكىسى

ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغاندەك، ۋەتەندىكى لاگېر مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە ۋەتەن بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشى نەتىجىسىدە، بىزنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىمىزدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلىقلار دۇنياغا كەلدى. خەلقىمىز ئىچىدە يۈزلىك (فەيىس بووك)، تۋىتتەر قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنى ئىشلىتىدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپەيدى. كۆپلىگەن ۋاتساپپ گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. خەلقىمىز بۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق ۋەتەندىكى ۋەزىيەتلەرنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش بىلەن بىرگە، ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئەركىن ئىزھار قىلىشىدىغان بولدى. خەلقىمىزگە، ئۆز-ئارا تونۇشىدىغان، ئۆز-ئارا چۈشىنىشىدىغان، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، ھەتتا بىر بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان پۇرسەتلەر ھازىرلاندى. ماڭا نىسبەتەن خەلقىمىزنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ۋە پسىخىكا روھىي ھالىتىنى ئەتراپلىق كۆزىتىدىغان بىر پۇرسەت ۋە سورۇن ھازىرلاندى. مەن بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ بىرى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىنكار قىلىش پسىخىكىسى توغرىسىدا ئازراق توختالماقچىمەن.

/https://multiplesclerosis.net/living_with_ms/three_faces_of_denial



ئىنكار قىلىش (Denial) دېگىنىمىز ئىقرار قىلىش، قوبۇل قىلىش بىلەن قارشى مەنادىكى سۆز بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن قېچىشىنىڭ ئەڭ ئاسان ئۇسۇلى. ئىنكار قىلىش گەرچە ھەرقانداق ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە ئازدۇر كۆپتۇر مەۋجۇت بولغان خائىش بولسىمۇ، بىراق ئۇ نورمالدىن ئاشسا بىر خىل روھىي كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ. مەن كۆزەتكەن ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، بىزدىكى بۇ ئىنكار قىلىش خائىشى باشقىلاردىن ئېغىر، ھەم دائىرىسى كەڭ بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكىدەك بىر خىل

روھي كېسەللىك باسقۇچىغا يەتكەندەك. بەلكىم مەن خاتالاشقاندىمەن. بەلكىم مەن ئۇنى كۆپتۈرۈۋەتكەندىمەن. مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەن ئۆزۈم كۆزەتكەن خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىنكار قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلەرنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئۇ مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قاراشلىرىمىزنى يېزىپ، ۋەتەنداشلار بىلەن ئورتاقلىشىش قارارىغا كەلدىم. بۇ پەقەت ئۆزۈمنىڭ كۆزىتىشىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان شەخسىي كۆز قاراش بولۇپ، توغرا بولغان تەرەپلەر بولسا توغرا بويىچە، توغرا بولمىغان تەرەپلەر بولسا، ئۇنى توغرىلاپ چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىزدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىنكار قىلىشلار:

1. پىكىر ۋە كۆز قاراشتا ئوخشاش بولمىغانلارنى ئىنكار قىلىش.

2. پەننىي زىيالىيلار بىلەن دىنىي ئۆلىمالار ئارىسىدىكى ئۆز- ئارا ئىنكار قىلىش.

3. ئىسلام دىنى ئاساسى ئورۇندا تۇرغان دۆلەتلەردە ياشاۋاتقانلار بىلەن غەرب دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ۋەتەنداشلار ئارىسىدىكى ئۆز- ئارا ئىنكار قىلىش.

4. ئىسلام دۆلەتلىرىدە تەربىيە ئالغان قېرىنداشلارنىڭ غەرب قىممەت قارىشىنى ۋە غەربنىڭ ئىنسان ھەق- ھوقۇق تەشەببۇسىنى ئىنكار قىلىش.

5. غەرب دۆلەتلىرىدە تەربىيە ئالغان قېرىنداشلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىكى ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە كۆز قاراشلارنى ئىنكار قىلىش

6. ئەڭ مۇھىمى كۆڭلىمىزگە ۋە سۇبيېكتىپ ئارزۇيىمىزغا ياقمىغانلارنىڭ ھەممىسنى ئىنكار قىلىش.

بىلىشىمىز كېرەككى، ھەرقانداق شەيئىينىڭ مىكرو ۋە ماكرو قۇرۇلمىسى بولىدۇ. شەيئىيلەرنىڭ مىكرو قۇرۇلمىسنى كۆزىتىش ئۈچۈن، ئۇنى يېقىندىن كۆزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شەيئىيلەرنىڭ ماكرو قۇرۇلمىسنى توغرا ۋە ئەتراپلىق كۆزىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا سىرتتىن قاراشقا توغرا كېلىدۇ. چەمبىرەكنىڭ ئىچىدە تۇرغان ئادەم، چەمبىرەك ئىچىدىكى بەزى ئىنچىكە نۇقتىلارنى ياخشى ۋە توغرا كۆزىتەلىگەن بىلەن، ئەڭ كۆپ بولغاندا چەمبىرەكنىڭ پەقەت 145 گرادۇس دائىرسىنى كۆرەلەيدۇ. چەمبىرەكنىڭ 360 گرادۇس دائىرسىنى تولۇق كۆرۈش ئۈچۈن، چەمبىرەكنىڭ سىرتىغا چىقىپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا چەمبىرەكنىڭ ئىچىدىكىلەر، چەمبىرەك تېشىدىكىلەرنى، چەمبىرك تېشىدىكىلەر چەمبىرەك ئىچىدىكىلەرنى ئىنكار قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇلار بىر بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئۆتەيدۇ. شەيئىيلەرگە توغرا ۋە ئەتراپلىق باھا بېرىپ، توغرا يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپنى بىرلەشتۈرۈش، يەنى چەمبىرەكنى ھەم ئىچىدىن، ھەم سىرتىدىن كۆزىتىش كېرەك. باشقىلار پىكىر قىلغاندا، ۋاقتىمىز بولسا، ئاڭلاپ تەپەككۇر قىلىپ، ئاندىن پىكىر قىلايلى. ئەگەر ئاڭلىغىدەك ۋاقتىمىز بولمىسا، نېمە دەۋاتقانلىقنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ھېسسىياتىمىزغا تايىنىپ يەكۈن چىقىرىپ، باشقىلارنى ئىنكار قىلمايلى.

2015 - يىلى گەرمانىيەدە ياشايدىغان رۇنە يەنى ئۇيغۇرچە ئىسمى يۇسۇپجان دېگەن دوستىمىز مەن خىزمەت قىلىۋاتقان مەكتەپتە "ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئادىتى" توغرىسىدا 2 سائەتلىك ئىلمي دوكلار بەرگەن

ئىدى. مەن ئۇنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، بىر چەتئەللىكنىڭ بىزنىڭ توي ئادەتلىرىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە نۇقتىلارنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نېمە مەناسى بارلىقىنى بىر بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن ھەيران بولغان ئىدىم. كېيىن مەن نۇرغۇن ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق، ئۇنىڭ "ئىنسانلار ئادەتلەنگەن مۇھىتتىكى ئادەتلەنگەن شەيئىيلەرنىڭ ئىنسانلاردا ئالاھىدە دىققەت قوزغىمايدىغانلىقى" بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. دېمەكچى بولغۇنۇم بەزى ئادەتلەر، بەزى ھادىسلەر، بەزى شەيئىيئىيلەر، مەيلى ئۇ توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن، ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، ئۇ بىزنىڭ نورمال ھاياتىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكىنى ئۈچۈن، ئۇ بىزگە ئالاھىدە تۇيۇلمايدۇ، ئۇ بىزنىڭ دىقىتىمىزنى قوزغىمايدۇ، بىزمۇ ئۇنىڭ مەۋقۇتلىقىنى پەرق ئەتمەيمىز. مەسلەن، بىز كۆندە ياشىغان مۇھىتتا، بىز تۇغۇلغاندىن بىرى مەۋجۇت بولغان مەلۇم شەيئىيئىيئى، بىزنىڭ ئالاھىدە دىقىتىمىزنى قوزغىمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ شەيئىي كۆندە كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرسىمۇ، بىز ئۇنى كۆرمەيمىز. ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ شەيئىي ئۇشتۇمتۇت كۆزىمىزدىن غايىپ بولسا، ئۇ بىزنىڭ دىقىتىمىزنى دەرھال تارتىدۇ. شۇڭا ئىنسان مەلۇم شەيئىينى ئەتراپلىق كۆزەتمەكچى بولسا، بىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، سىرتتىن باقماق لازىم، يەنە بىر باشقىلارنىڭ كۆزى بىلەن باقماق لازىم.

نورمالدا بىرەر ئىنسان مەلۇم كۆز قاراش ياكى ئۆزگىچە ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشلەر ئۇنىڭغا پەقەت ئۇ كۆز قاراش ۋە ئىدىيەنىڭ ئۆزى بىلەن ئوخشاش ياكى ئوخشىماسلىقىغا، ياكى ئۇ كۆز قاراش ياكى ئىدىيەنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىغا قاراپ باھا بىرىدۇ. ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەر، ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى قوللايدۇ، ئۇنىڭغا ئاپىرىن دېيىشىپ، ئۇنى مەدھىكەيدۇ. ئەگەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەر ئۆز بىلەن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولسا، ۋە ياكى ئۇنى پەقەت ياخشى كۆرمىسە، ئۇ كۆز قاراش ۋە ئىدىيەنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەر ئۇ ئىنسانلار بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، ئۇنىڭدا ھېچقانداق پەرق ۋە يېڭىلىق بولمىغاچقا، ئۇ ئىنسانلار ئۇ كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەردىن ئۆزى بىلمىگەن يېڭى نەرسلەرنى ئۆگۈنەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئىنسانلار دەل شۇ ئۆزىدىن پەرقلىق بولغان كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەردىن ئۆزلىرى بىلمىگەن يېڭى نەرسلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ. مەن يېقىندا يازغان "مۇنازىرە ئەخلاقى ۋە بىزدىكى رېئاللىق" دېگەن ماقالىدە بۇ جەھەتتە تەپسىلە توختالغان ئىدىم.

يېقىندا ئۆزىگە كاسىنى دەپ تەخەللۇس قويغان بىر قىرىندىشىمىز ئېلان قىلغان "تىمتاس ئەمەس ئىستانبۇل" دېگەن بىر ماقالە، ھەر خىل ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كەڭ تارقىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل ئىنكاسلار چۈشكەن. بەزىلەر ئۇنى ئۆزگىچە يېزىلغان ماقالە دېيىشكەن بولسا، يەنە بەزىلەر ئۇنى ئىسلام دىنىغا قىلىنغان توھمەت دەپ ئىنكار قىلىشقان. بەزىلەر ئۇنى خەلقىمىز ئىچىدە مەۋجۇت بولغان يامان ئىللەتلەرنى ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن دىسە، يەنە بەزىلەر ئارىمىزدىكى ئايرىم مەسلىلەرنى بۆيۈتۈپ، خەلقىنىڭ دىققىتىنى خاتا يۆنىلىشكە بۇراشقا ئۇرۇنغان دەپ ئىنكار قىلىشقان. بەزىلەرنى ئۇنى ھەتتا يامان نىيەت بىلەن يازغان، خەلق ئىچىدە ئىچكى زىددىيەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن يازغان دەپ، ئۇنى ئىنكار قىلىشۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، ئۇ ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويغان مەسلە ئومۇملۇققا ئىگە بولمىغان مۇھىم مەسلە ئەمەس، ئالدىمىزدىكى جىددىيلىششىي مەسلە لاگېرنى تاقاش، ئالدىمىزدىكى مۇھىم مەسلە خەلقىمىزنى ھۆرلىككە چىقىرىش؛ ئەگەر بىزدىكى مۇھىم مەسلە ھەل بولسا، يەنى خەلقىمىز گىرىپتار بولغان دۈشمەنىنىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئىبارەت

يۈرەك كېسەلى ساقايسا، قالغان ئىشلار ئۆزلىكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ دەۋاتىدۇ. توغرا، لاگېرنى تاقاش ھازىرقى جىددىيلىشىشىي مەسىلە؛ ئالدى بىلەن لاگېرنى تاقاپ، خەلقىمىزنى ئازراق بولسا ئەركىن نەپەس ئالدۇرۇشىمىز كېرەك؛ بىراق شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، خەلقىمىز يۈزلىنىۋاتقان تەھدىت يالغۇز لاگېر ئىچىدە ئەمەس؛ لاگېر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتىگە يېتىشتىكى بىر ۋاستە؛ لاگېر ھەرگىزمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى مەقستى ئەمەس؛ شۇڭا لاگېرنىڭ تاقىلىشى بىلەن خەلقىمىز يۈزلەنگەن تۈپ مەسىلە ھەل بولماي. توغرا، بىز مۇستەملىكىلىكتىن قۇتۇلساق، نۇرغۇن ئىشلىرىمىزدە ئۆزگىرىش بولىدۇ، بىراق ھەممە ئىشىمىز ئۆزلىكىدىن ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ.

يۈرەك كېسەلى ھازىر خەلقئارادا بىرىنچى نومۇرلۇق قاتىل دەپ ئاتالغان كېسەللىك بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەن ئالدىن داۋالاش كېرەك بولغان ھايات مامات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئېغىر كېسەللىك. بىراق ھازىرقى زامان تىببىيى ئىلمىنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى، يالغۇز كېسەلنى داۋالاش بولماستىن، بەلكى كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش. كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تارىختىن بىرى كېسەل داۋالاشتەك ئېتىبارغا ئېلىنماي كەلگەن مەسىلە بولۇپ، ھازىر تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ئۇنىڭ مۇھىملىقى تىببىيى ئالىملارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتماقتا. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆپلەپ مەبلەغ سالماقتا. بىزچۇ، كېسەل بولۇپ ئامال بولمىغاندا، ئاندىن داۋالاشنىڭ كويىدا. كېسەل بولۇپ سالامەتلىكىمىزنى يوقاتقاندا، ئاندىن سالامەتلىكنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىمىز. لېكىن ئۇ كېسەل قانداق پەيدا بولغان، نېمە سەۋەبتىن پەيدا بولغان دېگەننى بەك ئويلاپ كەتمەيمىز. شۇ سەۋەبتىن بىز يەكەن خاندانلىقى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەتتا ئۇ مەغلۇپ بولۇشتىن بۇرۇنقى دەۋردىن باشلاپ يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشقا باشلىدۇق ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىز بۇ يۈرەك كېسىلىگە قايتا قايتا گىرىپتار بولۇپ كەلدۇق. گەرچە ئارىلىقتا ئۇ يۈرەك كېسىلىمىزنى داۋالاشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساقمۇ، ھەم قىسقا مۇددەتلىك ئازراق ياخشىلىنىش بولغان بولسىمۇ، بىراق داۋالاش يەنىلا ئۈنۈم بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ يۈرەك كېسىلىمىز يىلدىن يىلغا ئېغىرلىشىپ كەتتى. چۈنكى بىز ئۇنىڭ سەۋەبلىرى جەھەتتە بەك كۆپ ئويلاشمىدۇق. بىرسى قوپۇپ، بىز نېمە ئۈچۈن يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولاۋىرىمىز، ئۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە دەپ ئويلاپ، بەزى سەۋەبلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزىلىرىمىز قوپۇپ، سەن نېمە ئۈچۈننى قويۇپ، ئەۋۋەل ما يۈرەك كېسىلىنى داۋالاشنى ئويلاشقىن، يۈرەك كېسىلىمىز ساقايسا ئۇ ئۆزلىكىدىن ھەل بولىدۇ ياكى ئۇنى كېيىن ئويلىشىۋالىمىز دەپ، پىكىر قىلغان كىشىنى ئىنكار قىلساق، يەنە بەزىلىرىمىز ئۇ دېگەن كىچىك مەسىلە، بىزنىڭ يۈرەك كېسىلىمىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار دەپ ئۇ پىكىرلەرنى ئىنكار قىلىشتۇق. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭ يۈرەك كېسىلىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئويلاشقا پۇرسىتىمىز بولمىدى. چۈنكى، بىز يۈرەك كېسىلىنىڭ تاق سەۋەبتىن ئەمەس، نۇرغۇن چوڭ كىچىك سەۋەبلەرنىڭ ئورتاق تەسىرىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئۇنچە بىلىپ كەتمەيتتۇق. چۈنكى بىز يۈرەك كېسىلىدىن قۇتۇلۇپ بولالماي، پەقەت ئۇنى داۋالىتىشنىڭلا كويىدا ئىدۇق. كېسەلنىڭ سەۋەبى ھەل بولمىسا، ئۇ كېسەلنى داۋالاپ ساقايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يەنە قايتا گىرىپتار بولىدىغانلىقنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەيتتۇق.

شۇڭا قېرىنداشلار يۈرەك كېسىلىنى داۋالاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەندە، بەزىلەر ئۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئىزدەنسە، ئۇ توغرىسىدا پىكىر قىلسا، ئۇنى ئالدىراپ ئىنكار قىلمايلى. چۈنكى يۈرەك كېسىلى بىر قېتىم داۋالاپ ساقايتىلغان بىلەن، تەلتۆكۈس ساقىيىپ كېتىدىغان كېسەل ئەمەس. ئۇ يەنە قايتا قايتا قوزغىلىدۇ. پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى پەرق تۈپەيلىدىن بىر بىرىمىزنى ئىنكار قىلمايلى. چۈنكى بىز بىنانىڭ ئالدىدىن بىناغا كۆزەتكىنىمىزدە، بىنانىڭ كەينىدە ۋە بىنانىڭ ئىچىدە نېمە بار، ئۇنى كۆزەتكىلىمۇ ئادەم لازىم. بىز يۈزىمىزدىكى قارىنى پەقەت ئەينەك ياكى باشقىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بايقايمىز. ئالدىراپ غەربنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئورنىغا، غەربتىكى تەرەققىياتقا كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى. ئۇلارنىڭ يېقىنقى **200 ـ 100** يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتىنىڭ، مۇسۇلمانلار ۋە ئۆزىمىزنىڭ بۇرۇنقى قۇدرەتلىك دەۋرلىرىمىزنى يوقىتىپ، هازىرقى ئەهۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ باقايلى. سەۋەنلىكنى يالغۇز باشقىلاردىن ئىزدىمەي، ئۆزىمىز نەدە كەتكۈزۈپ قويدۇق دەپ ئويلاپ باقايلى. بىزدىكى هەممە يامان ئىللەتلەرنى، يالغۇز ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىمىز بولمىغانلىقتىنلا ئىزدىمەي، مۇستەقىل دۆلەتلەردىكى، بولۇپمۇ مۇسۇلمان دۆلەتلەردىكى هەر خىل مەسىلىلەرگىمۇ كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى. ئەگەر باشقىلارنىڭ پىكىر ۋە كۆز قارىشىغا قوشۇلمىساق، ئۆزىمىزنىڭ هەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مىللىتىمىزنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقى توغرىسىدا بىر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماي تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى ئالدىراپ پۈتۈن مىللەتنىڭ ۋەكىلى قاتارىغا قويۇپ، خەلقىمىز ئۇنداق قارايدۇ، مىللىتىمىز مۇنداق ئويلايدۇ دېمەيلى. باشقىلارغا دىكتاتور تەلەپپۇزىدا بۇيرۇق بېرىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلمايلى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ۋە ئىدىيەلەرگە ئوخشىمىغان كۆز قارىشىمىز بولسا، ئۇنى شەخسكە قارىتىپ ئەمەس، ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراش ۋە پىكىرگە قارىتىپ ئوتتۇرىغا قويايلى. چۈنكى هېچكىم ئەۋلىيا ئەمەس، هېچكىم هەممىنى بىلگۈچى ئەمەس. شەخسلەرنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەخسىيي چوقۇنۇش قىلمايلى، چۈنكى خاتالاشمايدىغان ئىنسان يوق.

**2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى**

# سىياسى ئاكتىپلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان تەنقىد ۋە ھۇجۇملار توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

مۇھاجىرەتتىكى سىياسى داۋايىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ۋەزىيەتكە بولغان دىققىتى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ھەر خىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئەگەر دىققەت قىلساق يېقىندىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈۋاتقان رەزىل سىياسەتلىرىنى ئاقلايدىغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپىيىش بىلەن بىرگە، ھەر خىل ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا داۋاغا، بولۇپمۇ داۋانىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان سىياسىي ئاكتىپلىرىمىزغا قارىتا ھەر خىل سەلبىي ئۇچۇر ۋە ھۇجۇملارنىڭمۇ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. گەرچە سىياسى ئاكتىپلىرىمىزغا قارشى سەلبىي ئۇچۇرلار تارقىتىۋاتقان ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئۇ ئىنسانلارنىڭ سانى بەك كۆپ بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلار تارقاتقان ئۇ سەلبىي ئۇچۇر ۋە ھۇجۇملار بىر تەرەپتىن بىر قىسىم سىياسى ئاكتىپلىرىمىزنىڭ روھىي كەيپىياتىغا، نورمال ھاياتىغا، خىزمەت ۋە ئۆگىنىش ئۇنۈمىگە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ داۋادىكى ئاكتىپچانلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەڭ جامائەت ئىچىدە ھەر خىل سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا.

سىياسى ئاكتىپلىرىمىزغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان ئۇ سەلبىي ئۇچۇرلار ۋە ھۇجۇملارنىڭ بەزىلىرى ئىسمى-جىسمى ئېنىق بولغان بەزى شەخسلەردىن كەلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ئىسمى-جىسمى ئېنىق بولمىغان، ئۆزلىرىگە ھەر خىل چىرايلىق ئىسىملارنى قويىۋالغان ئاتالمىش «ئۆكتىچىلەر»لەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بەزىلىرى ھەتتا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، كىمنىڭ پايدىسىغا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان نادان، جاھىل، رادىكال، پسىخىكىسى بۇزۇلغان ۋە ياكى ھەسەتخور، كۆرەلمەس ئىنسانلار بولسا كېرەك. بىز ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا سىياسى ئاكتىپلىرىمىزغا قارشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇ سەلبىي ئۇچۇر ۋە ھۇجۇملارنى كۆرگەندە، بەزىلىرىمىز ئالدىراپلا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خائىنلارنىڭ قىلمىشى دەپ يەكۈن چىقارساق، يەنە بەزىلىرىمىز ئۇ سەلبىي ئۇچۇر ۋە ھۇجۇملارغا ئەگىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشتۇق. بەزىلىرىمىز نېمە قىلىشنى ۋە كىمنىڭ گېپىگە ئىشىنىشنى بىلەلمەي بىر بىرىمىزدىن گۇمان قىلىشقا باشلىساق، كۆپىنچىمىز ئۇ ئۇچۇر ۋە ھۇجۇملارغا نىسبەتەن سۈكۈت قىلىشنى تاللىدۇق.

ھەممىمىزگە ئايان بولغاندەك، ۋەتەندىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىششى، ۋەتەندىكى ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلەر بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئۈزۈلىشى، ۋەتەندىن كېلىۋاتقان قاباھەتلىك خەۋەرلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ھەممىمىزنىڭ روھىي كەيپىياتى ۋە پسىخىكىسى ئازدۇر كۆپتۇر بۇزۇلماقتا. كۆپىنچىمىزدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە غەم-ئەندىشە، قايغۇ-ھەسرەت، نالە-شىكايەت، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكلەر

مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن بەزىدە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ۋە ياكى تەنقىدىي پىكىرلىرىمىزنى بەرگەندە گەپ سۆزلەرگە بەك دىققەت قىلماي، قارشى تەرەپنى رەنجىتىپ قويىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. شۇڭا ئوتتۇرىغا چۈشكەن ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا، ئالدى بىلەن چوقۇم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پىتنە پاسات ۋە ياكى ئۆزىمىزگە قىلىنغان ھۇجۇم دەپ قارىماي، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ياخشى نىيەت بىلەن بەرگەن تەكلىپ ۋە تەنقىدىي پىكىرلەرنى پەرقلەندۈرىشىمىز كېرەك. چۈنكى، ھەممىمىزنىڭ ياشىغان مۇھىتىمىز، كۆرگەن تەربىيەرىمىز ۋە بىلىم ـ سەۋىيەرىمىز پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن، مەسىلىگە قارىغان يۈنىلىشىمىز، تەنقىد پىكىرلەرنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىمىز ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن تەنقىد بېرىش ئۇسۇلىمىز ھەممىمىزگە يېقىپ كېتىشى ناتايىن. ھەتتا بەزىلىرىمىزدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا داۋا ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ داۋاسى بولغاچقا، ھەرقانداق ئۇيغۇرنىڭ داۋانىڭ توغرا يولدا ساغلام يۈرۈشىنى كۆزىتىش ۋە ئۇنىڭغا تەكلىپ پىكىر بېرىش ھەققى بار. سىياسى ئاكتىپلىرىمىزمۇ ئىنسانغا قاراپ مۇئامىلە قىلماي، باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ پىكىرلەرنىڭ سەممىيىتىگە قاراش كېرەك. چۈنكى داۋا شەخسىي داۋا ئەمەس، ئۇ خاتا يولغا كىرىپ قالسا، ئۇنىڭ زىيىنىنى ھەر بىر ئۇيغۇر تەڭ تارتىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، سىياسى ئاكتىپلىرىمىزغا قارشى ھەر خىل سەلبىي ئۇچۇرلارنى تارقىتىۋاتقان ۋە ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئىنسانلارنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرگە ئايرىش ۋە ياكى ئۇلارنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىن ئانالىز قىلىش مۇمكىن.

**1**. كۆز قاراش ۋە ئىدىئولوگىيەدىكى پەرق تۈپەيلىدىن. بەزى ئىنسانلار كۆز قاراش ۋە ئىدىيە جەھەتتە ئۆزىدىن پەرقلىق بولغانلارغا ۋە ياكى پىكىر كۆز قاراشلىرى ئۆزىگە ياقمىغانلارغا ھەر خىل بوھتانلارنى چاپلاپ، ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەزى ئىنسانلارنىڭ سىياسى ئاكتىپلىرىمىزنى ۋە ياكى داۋانىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقانلارنى مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان ۋە مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدىغان دەپ ئىككىگە ئايرىپ، ئۆز ـ ئارا ھۇجۇم قىلىشقا سەۋەب بولىۋاتقانلىقىمۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەت. ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر دىققەت قىلساق بەزى ئىنسانلىرىمىز مەدەنىيەت سەۋىيە ۋە دىنىي جەھەتتىكى پەرقلىق كۆز قاراشلار تۈپەيلىدىن، ئىنسانلارنى پەقەت مۇسۇلمان ۋە كاپىر دەپ ئىككىگىلا ئايرىپ، مۇسۇلمان بولمىغانلار بىلەن ئىش بىرلىكى ئېلىپ بارغانلارغا ئوخشىمىغان قاراشتا بولۇپ، ئۇلارنى بىراقلا ئىنكار قىلىدىغان ۋە ياكى ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت.

**2**. شۆھرەتپەرەسلىك، ھەسەتخورلۇق ۋە قىزغانچۇقلۇق تۈپەيلىدىن. داۋا ئىچىدىكى بەزى ئىنسانلىرىمىز ئارىسىدا، ئۆزىنىڭ داۋادىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن مەقسەتلىك ۋە مەقسەتسىز ھالدا ئۆزىدىن باشقا سىياسى ئاكتىپلارنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىۋاتقانلار بولۇشى مۇمكىن.

**3**. چۈشكىنلىشىش ۋە ئۈمىدسىزلىك تۈپەيلىدىن. ۋەتەندىكى ئېغىر ۋەزىيەتنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىشى سەۋەبىدىن ئېغىر دەرىجىدە چۈشكىنلىشىش ۋە ئۈمىدسىزلىككە گىرىپتار بولغان بەزى ئىنسانلار مىللەتنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى داۋا قىلىۋاتقانلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ۋە ياكى تەشكىلات باشلىقلىرىنىڭ خەلقنى خاتا

يولغا باشلىغانلىقىدىن دەپ بىلىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى راھەت قىلىشقا تىرىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

4. خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىشلەيدىغانلار ۋە ياكى ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن خىتايلار، قەستەن ئارىمىزدا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ۋەتەندىكى خىتاي بىخەتەرلىك خادىملىرى، ۋەتەندىكى تۇغقانلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ھەر خىل يۇمشاق ياكى قاتتىق تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، ۋەتەن سىرتىدىكىلەرنى خىتاي ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلغان ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. بىز پەقەتلا ئوتتۇرىغا چىققانلىرىنى بىلىمىز، بىراق ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىرى قانچىلىك، ئۇلار قايسى دۆلەتلەردە ۋە نېمە ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ؟ بىز ئۇلارنى بەك بىلىپ كەتمەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا پۇل ئۈچۈن سېتىلغانلار ۋە ياكى ئۇيغۇرچە ئۆگەنگەن خىتاي بىخەتەرلىك خادىملارمۇ، ھەر خىل ئىسىملارنى قوللىنىپ، سىياسى ئاكتىپلارغا ۋە داۋانىڭ بېشىدىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان، ئۇلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى بەلكىم كىمگە ئىشىنىشىپ، كىمگە ئەگىشىشنى بىلمەسلىكتىن ياكى باشقىلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىدىن، بىلىپ بىلمەي شۇ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن؛ بەزىلىرى ھەتتا ئۆزلىرىنى مىللەت ئۈچۈن ھەقىقى خىزمەت قىلىۋاتقانلار دەپ ھېسابلىشى مۇمكىن. بىز ئۆز پىكىر ۋە كۆز قاراشلىرىمىزنى بايان قىلىش، جامائەت پىكرى توپلاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلىشىمىز ۋە ئۇلارنى قىلىۋاتقان خاتا ھەرىكەتلىرىدىن ياندۇرالىشىمىز مۇمكىن؛ لېكىن، كۆپىنچەسى ئىسمى-جىسمى يوق كۆلەڭگە بولغاچقا، ئۇلار ئۆز نىيىتىدىن يانمىغۇچە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ياكى ئۇلارنى خاتا يولدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس؛ بولۇپمۇ بىزگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مەقستى بىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىمىزنى بۇزۇپ، بىزنى روھىي جەھەتتە ۋەيران قىلىش بولغاچقا، ئۇلار قانۇنىنىڭ جازاسىغا ئۇچۇرمىغىچە، بىز ئۇلارنى قىلىۋاتقان ئىشىدىن توسۇپ قالالماسلىقىمىز مۇمكىن. شۇڭا مەن كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ ھەر خىل ھۇجۇم ۋە روھىي زەربىگە ئۇچرىغان سىياسى ئاكتىپلارنىڭ، ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە روھىي جەھەتتىن قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچى.

ئىنسانلار ھاياتىدا ھەر خىل ماددىي ۋە مەنىۋىي قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغان بولۇپ، دۇش كەلگەن مەنىۋىي قىيىنچىلىقلار ئىچىدە يەڭمەك ئەڭ قىيىن بولغىنى ئۆز ئۆزىمىزنى يېڭىش ھېسابلىنىدۇ. يەنى باشقىلارنىڭ بىزگە قانداق باھا بېرىشى ۋە قانداق قارىشىدىن بەكرەك، ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە قانداق قارىشىمىز ۋە ئۆزىمىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزگە بولغان سەلبىي باھاسىغا بولغان ھېس تۇيغۇمىز ئۈستىدىن غالىپ كېلىشىمىزدۇر. نۇرغۇن ئىنسانلار روھىي جەھەتتە باشقىلارنى ئەمەس ئۆز ئۆزىنى يېڭەلمىگىنى ۋە ئۆزى ئۈستىدىن غالىپ كېلەلمىگىنى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى ئۆزىگە بولغان تونۇشىدىن بەكرەك باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسىغا ئېتىبار بېرىدۇ؛ باشقىلار سەلبىي باھا بەرگەندە، ئاسانلا رەنجىدۇ، كۆڭلى يېرىم بولىدۇ ۋە چۈشكۈنلىشىدۇ؛ باشقىلار ئىجابىي باھا بەرگەندە ۋە ياكى ماختىغاندا، ئاسانلا خوش بولۇپ، لەيلەپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر ئىنسانلارغا باھا بەرگەندە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان نەتىجىسىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ھازىر قولىغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىگە قاراپ باھا بېرىدۇ. شۇڭا ئەگەر يەتمەكچى بولغان نىشان

ئېنىق بولسا، مىللەتكە پايدىلىق ئىش بولسا، ئالدىغا قاراپ مېڭىش كېرەك. ئامېرىكىلىق داڭلىق رىغبەتلەندۈرۈش نۇتۇقى سۆزلىگۈچى، تونى گاسكىنس مۇنداق دېگەن ئىكەن: "يالغۇز يۈرۈشكە هازىر بولۇڭ، چۈنكى سىز بىلەن يولغا چىققان كۆپلىگەن ئىنسانلار سىز بىلەن ئاخىرىغىچە يۈرۈشى ناتايىن". نىشان ئېنىق بولسا، نىيەت دۇرۇس بولسا، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە، خەلقىمىزگە جۈملىدىن سەلبىي پىكىر بەرگەن ۋە هۇجۇم قىلغانلارغا نىسبەتەن، ئەڭ كۈچلۈك جاۋابتۇر. باشقىلارنىڭ بىزگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشىگە ۋە ياكى قىلغان ئىشىمىزدىن ۋاز كەچكۈزۈشكە پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىكىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە باشقىلارنىڭ پىكىرىگە قۇلاق سالماسلىق كېرەك دېمەكچى ئەمەسمەن. باشقىلارنىڭ پىكىرىگە قۇلاق سالغاندا، ئەڭ مۇهىمى ئۇلارنىڭ سەممىيىتىگە قارىشىمىز كېرەك؛ سەممىي تەنقىدلەرنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.




ئىنسانىنىڭ ماهىيىتى شەخسىيىيەتچى بولىدۇ، شۇڭا ئىنسان ئەۋۋەل ئۆزىنى ئويلايدۇ. ئىنسانلارنى هەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە ئەڭ مۇهىم رول ئوينايدىغان ئامىل هەرگىز "باشقىلار" بولماستىن، بەلكى ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئېهتىياجىدۇر. ئىنسانىنىڭ ئېهتىياجى دېگەندە ئاساسلىقى ئىنسانىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىيى ئېهتىياجلىرى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ئېهتىياج، بىخەتەرلىك ئېختىياجى، روهىي ئېهتىياج ۋە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆزىنى قانائەتلەندۈرۈش ئېهتىياجىدىن ئىبارەت بىر نەچچە تۈرلۈك ئېهتىياجنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانىنىڭ ماددىي ئېهتىياجىنىڭ چېكى بولىدۇ، بىراق ئىنسانىنىڭ مەنىۋىي ئېهتىياجىنىڭ چېكى بولمايدۇ. ماددىي ئېهتىياجىدىن ئاشقان هەرقانداق ماددىي بايلىق ئەمەلىيەتتە ئىنسانىنىڭ مەنىۋىي ئېهتىياجى ئۈچۈندۇر. ئىنسان قىلماقچى بولغان هەرقانداق ئىشنى پەقەت ئۆز مەنپەئەتىگە بىۋاستە باغلىغاندا، ئاندىن ئەڭ زور هەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشنى ئەڭ ياخشى قىلالايدۇ. بەزىلەر بىر مىللەتكە ياكى بىر دۆلەتكە باش بولۇپ، ئۆز ئىقتىدارىنى ئەڭ

يۇقىرى دەرىجىدە نامايەن قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆزىنى قانائەتلەندۈرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرغان بولسا، يەنە بەزىلەر داڭلىق ئالىم، دوختۇر تىجارەتچى، ئارتىس بولۇپ، نەتىجە يارىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆزىنى قانائەتلەندۈرۈش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

**Maslow's hierarchy of needs**




ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە ئىنساننىڭ ماھىيىتى شەخسىيەتچى بولىدۇ دېيىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ ئۆز خەلقى، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان، ئىنسانىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان ئالىيجاناپ روھنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەس. مەن پەقەت ئۇ روھنىڭ ئىنساندا بولىدىغان مەنئۇي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكچىمەن. مەسىلەن، دۇنيادا ساخاۋەتلىك بولۇش بىلەن ئۆچمەس نامىلارنى قالدۇرغان نۇرغۇنلىغان شەخسلەر، ئۆزلىرى قىلغان ساخاۋەتلىك ئىشلىرى تۈپەيلىدىن مەنئۇي جەھەتتە ئەڭ چوڭ خۇشاللىقا ۋە قانائەتكە ئېرىشكەن. يەنى ئۇلار ئۇ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى باشقىلارغا كۆز كۆز قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز رازىلىقى ۋە خۇشاللىقى بىلەن ئۆز كۆڭلىدىن چىقىرىپ قىلغان، ياكى ئۇلار شۇ ساخاۋەتلىك ئىشلارنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلگەن ۋە شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئەڭ زور مەنئۇي ئوزۇقنا ئېرىشكەن. ئۇلار قىلغان ئىشنى ئۆز رازىلىقى بىلەن كۆڭلىدىن چىقىرىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن،

باشقىلاردىن بىر نەرسە كۈتمىگەن. باشقىلارمۇ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ، ئۇلارغا چەكسىز ھۆرمەتلەر ئاتا قىلغان ۋە ئۇلارنى مەڭگۈ ياد ئەتكەن.

ئاللاھ ھەممىمىزنى باراۋەر ياراتقان. مەسئۇلىيەت يالغۇز داۋا قىلىۋاتقانلارغىلا مەنسۇپ بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق مەسئۇلىيىتىمىز ۋە ۋىجدانى بۇرچىمىز بار. ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئابراھام لىنكىن مۇنداق دېگەن ئىكەن «سەن بۈگۈندىن قېچىش ئارقىلىق ئەتىدىكى مەسئۇلىيىتىڭدىن قۇتۇلالمايسەن.» بىز بىر ئىش قىلساق، باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز مەسئۇلىيىتىمىز ۋە ئۆز ۋىجدانى بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلىمىز، ھەم ئۇنىڭ جاۋابىنى باشقىلارغا ۋە ياكى ئىسمى-جىسمى يوق ئىنسانلارغا ئەمەس، بەلكى ئەۋۋەل ئۆز ۋىجدانىمىزغا، ئاللاغا ئاندىن بىز سۆيگەن ۋە بىزنى سۆيگەن ئىنسانلارغا بېرىمىز. شۇڭا بىزنىڭ ئىسمى-جىسمى يوق ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا يازغان ھەر خىل سەلبىي ئۇچۇرلىرى، بوھتانلىرى ۋە ھۇجۇملىرى ئۈچۈن رەنجىشىمىزنىڭ، كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلىشىمىزنىڭ، ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىپ ياكى ئۇلارغا قارشى ئىنكاسلارنى يېزىپ، ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلىشىمىزنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئەلۋەتتە بىز ئىنسان بولغاچقا، ھېسسىياتىمىز بار، كۆڭلىمىزگە كېلىدۇ، بىراق بىز بىر ئىش قىلىمەن دەپ ئوتتۇرىغا چىققان ئىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۆز ئۆزىمىزنى يېڭەلەيدىغان بىر كۈچ ۋە جاسارەت بولۇشى كېرەك. بولمىسا، دۈشمەن مەقسەتكە يەتكەن بولىدۇ؛ بىز ۋەتەن داۋاسىدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئىشقا تېخى تازا ھازىر بولمىغان بولىمىز.




بىز بىر ئىش قىلغاندا، مەيلى ئۇ قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز داۋاملىق ئۇنى مىللەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ۋە ياكى باشقىلار ئۈچۈن دەپ بەك تەكىتلەپ كېتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى مىللەتمۇ بىزنىڭ، ۋەتەنمۇ بىزنىڭ. ئۇ ۋەتەندە ياشاۋاتقان مىللەت بىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزدىن تەركىپ تاپقان. ئۇلار ئۈچۈن بىر ئىش قىلغانلىق، ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىز ئۈچۈن بىر ئىش قىلغانلىق ئۆز ۋىجدانى

بۇرچىمىزنى ئادا قىلغانلىق. بىز ئۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلىنى راھەتلىتەلەيمىز، ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىمىزنى قاندۇرالايمىز. ئەگەر بىز قىلغان ئىشىمىزنى ۋە كۆرسەتۋاتقان پىداكارلىقىمىزنى ئۆز مەسئۇلىيىتىمىز ۋە ۋىجدانىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قىلدۇق دەپ قارىساق، ئۇ چاغدا بىز ئۆزىمىز خالاپ قىلغان ئىشىمىز ۋە كۆرسەتكەن پىداكارلىقىمىز ئۈچۈن، ئالدىراپ باشقىلاردىن بىر نەرسە كۈتمەيمىز ۋە ئالدىراپ باشقىلاردىن رەنجىمەيمىز. ئەلۋەتتە، ھەممىمىز ئىنسان بولغاچقا، قىلغان ئىشىمىزنى ۋە كۆرسەتكەن پىداكارلىقىمىزنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىنى، باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىشنى ئۈمىد قىلىمىز. لېكىن بىز شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، بىز باشقىلاردىن رەنجىش، خاپا بولۇش، قىلغان ئىشىمىزنى ھەر كۈنى نەچچە قېتىم تەكىتلەش ۋە ياكى باشقىلارنى زورلاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلمەيمىز؛ بىز پەقەتلا ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق پەزىلىتىمىز ۋە سۆز ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيمىز؛ ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىمىز ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا سازاۋەر بولالايمىز.

ھەر بىرىمىز ھەم ئۆزىمىزگە ھەم بىز تەۋە بولغان ئىجتىمائىي چەمبىرەككە تەۋە. ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆزىنى رازى قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئەتراپتىكىلەرنى ۋە باشقىلارنى رازى قىلالايدۇ. ئۆزىنى رازى قىلالمىغان ئىنسان ھەرگىز باشقىلارنى رازى قىلالمايدۇ؛ ئۆزىنى خوش قىلالمىغان ئىنسان ھەرگىز باشقىلارنى خوش قىلالمايدۇ. بىز بۇ نۇقتىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە پۇزىتىپ ئېنېرگىيە، خۇشاللىق ۋە ئۈمىد ئاتا قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز چوقۇم پوزىتىپ، خوشال ۋە ئۈمىدۋار بولۇشىمىز كېرەك.

2019 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

# خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئۇيغۇر داۋاسى

"پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ" بولۇۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا، بىز قانداق قىلىپ ھەم باشقىلارنىڭ بىزگە بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيمىز، ھەم باشقىلارنىڭ ئويۇنىغا كەلمەي، بەزى دۆلەت ۋە بەزى ئىنسانلارنىڭ شەخسيي مەنپەئەتىنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنالايمىز؟ بۇ ھەممىمىزنىڭ ئويلاپ بېقىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. مەن گەرچە ئۆزۈندىن بېرى بۇ جەھەتتە بىر نەرسە يېزىشنى ئويلىغان بولسامۇ، بىراق مەن ئۆز كەسپىم بولمىغان تېمىغا كىرىپ، يازمامنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قېلىشىدىن ۋە باشقىلارغا خاتا چۈشەنچە بېرىپ قويۇشتىن ئەندىشە قىلىپ، بۇ ئويۇمدىن ۋاز كەچكەن ئىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، بۇ جەھەتتە ئويلىغانلىرىمنى يېزىپ، باشقىلارنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاش قارارىغا كەلدىم.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى، خەلقىمىز ئىچىدە ئويغانغان ۋە باش كۆتەرگەن ئىنسانلىرىمىزنى بۆلگۈنچىلىك بىلەن ئەيىبلەپ، ئۇلارنى باستۇرۇپ كەلگەن ئىدى. 2001 - يىلدىكى 11 - سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز سەۋەبىدىن، خەلقئارالىق تېرورىزىمغا قارشى ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى "دىنىي رادىكالچى"، "ئىسلامى تېرورچى" ۋە "بۆلگۈنچى" دېگەن جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلەپ، خەلقىمىزگە قاتتىق قول سىياسەتلەرنى قوللىنىپ كەلگەن. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ خەلقىمىزگە قاراتقان قاتتىق قول سىياستىنى تېخىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇپ، دىنىي رادىكاللىقنى يوقىتىش ۋە كەسپىي تەربىيلەش نامى بىلەن مىليونلىغان ئىنسانلىرىمىزنى تۈرمە ۋە لاگېرلارغا سولاپ، ئۇلارنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

نۆۋەتتە، بىزنىڭ داۋا ۋە خەلقىمىزنىڭ تەقدىرى، دېموكراتىك تۈزۈمدىكى غەرب دۆلەتلىرى، دىكتاتورلۇق تۈزۈمدىكى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىن ئىبارەت ئۈچ بۇرجەكنىڭ ئارىسىغا قىستۇرلۇپ قالماقتا. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانى ۋە ئىگىلىك ھەق ـ ھوقۇقلىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن دېموكراتىك تۈزۈمدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قوللاپ قۇۋەتلىشىگە ۋە ياردىمىگە ئېھتىياجلىق بولساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ قوللىشىغا ئېھتىياجلىق بولۇپ قېلىۋاتىمىز. بىر تەرەپتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى، ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەربتىكى سەلبىي تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، بىزگە دىنىي ئەسەبىيلىك قالپىقىنى كەيدۈرۈپ، بىزنى "دىنىي رادىكالچى ۋە ئىسلامى تېرورچى" قاتارىدا قاتتىق باستۇرماقتا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بىز ئۆزىمىزنىڭ "دىنىي رادىكالچى ۋە ئىسلامى تېرورچى" ئەمەسلىكىمىزنى تەكىتلەپ، داۋايىمىزنى غەربتە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تېرىشچانلىق كۆرسەتمەكتىمىز. بىز




بىر تەرەپكە قارىساق، ئامېرىكا باشلىق دېموكراتىك تۈزۈمدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقىمىزگە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىگە قارىتا كۈچلۈك تەنقىدلىرى؛ يەنە بىر تەرەپكە قارىساق، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقىمىزگە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسەتلىرىگە كۆز يۇمۇشى، ھەتتا ئۇ سىياسەتنى مەدھىلەشلىرى. بىز بىر تەرەپكە قارىساق، خېرىستىيان قاتارلىق باشقا دىندىكىلەرنىڭ بىزگە بولغان ھېسداشلىقى ۋە ئىسلام دۇنياسىغا، مۇسۇلمانلارغا بولغان سەلبىي قاراشلىرى؛ يەنە بىر تەرەپكە قارىساق، مۇسۇلمانلارنىڭ بىزگە بولغان ھېسداشلىقى ۋە غەرب دۇنياسى، خېرىستان قاتارلىق باشقا دىندىكىلەرگە بولغان سەلبىي قاراشلىرى، گۇمانلىرى، ھەتتا ئۆچمەنلىكى. بىز ھازىر

مۇسۇلمانلار بىلەن غەربنىڭ مۇناسىۋىتى

| دۆلەتلەردىكى خەلقنىڭ قارىشى | ياخشى (%) | ناچار (%) |
|---|---|---|
| ئامېرىكا | 32 | 55 |
| گېرمانىيە | 23 | 70 |
| فارانسىيە | 33 | 66 |
| ئىسپانىيە | 14 | 61 |
| ئەنگلىيە | 28 | 61 |
| روسىيە | 18 | 53 |
| فارانسىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 41 | 58 |
| ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 49 | 23 |
| ئەنگلىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 23 | 62 |
| گېرمانىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 29 | 60 |
| ئوردانىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 39 | 54 |
| مىسىردىكى مۇسۇلمانلار | 31 | 58 |
| تۈركىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 14 | 64 |
| پاكىستاندىكى مۇسۇلمانلار | 30 | 25 |
| ھىندونېزىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 39 | 53 |

ھەقىقەتەنمۇ مانا شۇنداق ئۇچ بۇرجەك ئارىسىغا قىسىلىپ قىلىشتىن ئىبارەت قوراشتۇر بىر ئەھۋالدا قالماقتىمىز.

پەن ـ تەتقىقات مەركىزى ئېلىپ بارغان راي سىناشتا ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن غەربلىكلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان كۆز قارىشى. جەدۋەلدىكى نەتىجىگە ئاساسلانغاندا، مەيلى غەربلىكلەر بولسۇن ياكى مۇسۇلمانلار بولسۇن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر مۇسۇلمانلار بىلەن غەربلىكلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ناچار دەپ قارىشىدىكەن.

بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ ھەم غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھەم ئىسلام دۆلەتلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، دۈشمەنگە قارشى داۋانى ئۆزىمىز ئۈمىد قىلغان يوسۇندا راۋان ئېلىپ مېڭىشىمىز ئۇنچە ئاسان بولمىسا كېرەك. خەلقىمىز تەھدىت ئاستىدا قالغان بۇنداق بىر ھايات ماماتلىق قوراشتۇر مەزگىلدە، ئەگەر بىز سەل دىققەت قىلمىساق "قېتىق ئىچكەن قۇتۇلۇپتۇ، قاچا يالىغان تۇتۇلۇپتۇ" دېگەندەك ئىش بولۇپ، ئاخىردا زىيان تارتقان بىز بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن بىز ئالاھىدە سەزگۈر بولۇشىمىز كېرەك. باشقىلارنىڭ ئويۇنىغا كەلمەسلىكىمىز، بەزى كىچىك پايدىلارنى دەپ مىللەتنىڭ تەقدىرىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلارغا چېتىلىپ قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

سىرىلانكىدا يۈز بەرگەن تېرورلۇق ۋەقەدىن كېيىن، بۇ ۋەقەلىكنى بانا قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قاتتىق باستۇرۇش سىياسىتىنى "دىنىي رادىكاللىق" نى ئازايتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى دەپ مەدىلەيدىغانلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بىزنىڭ ئۇنداق كۆز قاراشتىكىلەرنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە سېتىلغانلار دەپ، ئۇلارنى ئىنكار قىلىشىمىز، باشقىلارنىڭ بىزگە بولغان سەلبىي قارىشىنى ئازايتىشقا ياردىمى بولۇشى ناتايىن. باشقىلارنىڭ بىزگە قانداق قارىشى يالغۇز بەزىلەرنىڭ بىزنى قانداق تەشۋىق قىلىشىغا باغلىق بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى بىزنىڭ نېمە قىلىشىمىزغا ۋە بەزى سەزگۈر مەسىلىلەرگە نىسبەتەن قانداق پوزىتسىيەدە بولۇشىمىزغا باغلىق.

خەلقىمىز نۆۋەتتە دۇچ كەلگەن ھايات ماماتلىق بۇ كرىزىس ھەرگىزمۇ يالغۇز دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى بولماستىن، ئۇ ئەڭ مۇھىمى خەلقىمىزنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى. ئەلۋەتتە دىنىي ئېتىقادىمىز، بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى؛ دىنىي ئېتىقادىمىز، بىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىمىز ۋە مىللىي كىملىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىراق ئەگەر بىز بۇ كرىزىستا مەغلۇپ بولساق، تەھدىت ئاستىدا قالغىنى ۋە ۋەيران بولغىنى ئىسلام دىنى بولماستىن بەلكى بىزنىڭ مىللىي كىملىكىمىز بولىدۇ. چۈنكى پۈتۈن دۇنيادا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى **1.8** مىليارت بولۇپ، ھازىرقى دۇنيا نوپۇسىنىڭ **24.1%** ئىگىللەيدۇ؛ ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھازىر مۇسۇلمانلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى ئەڭ تېز بولۇپ، **2060** ـ يىلىغا بارغاندا **3** مىلياردقا يېتىپ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ **31.1%** نى ئىگىللەيدىكەن؛ بىراق ئۇيغۇر مىللىتى پەقەت بىرلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋەتەندە ياشايدۇ؛ ئەگەر ۋەتەندە مەدەنىيىتىمىز ۋە مىللىي

كىملىكىمىز ۋەيران قىلىنسا، ئىسلام دىنى ئەمەس بەلكى پۈتۈن مىللەتنىڭ تەقدىرى ئېغىر دەرىجىدە تەھدىتكە ئۇچرايدۇ.

ئىسلام دىنى تېنچلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان بىر دىن. ئىسلام دىنى ھەرگىزمۇ تېرورلۇق تەرغىپ قىلىدىغان دىن ئەمەس. تېرورىست، ئۇ مەيلى كىم بولسۇن ۋە نېمە سەۋەبتىن تېرورلىق قىلسۇن، ئۇ ھامان تېرورىست. بىراق ھازىرقى مەسىلە، مەيلى بىز خالايلى ياكى خالىمايلى، بىز قوبۇل قىلايلى ياكى قوبۇل قىلمايلى، دۇنيانىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان قارىشىنىڭ سەلبىي ئىكەنلىكى، ئۇ بىر ھەقىقەت. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك دۇنيادا ئەڭ كۆپ بىگۇناق ئىنسانلارنىڭ بىۋەدە ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانلار مۇسۇلمانلار ئەمەس. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىغانلار مۇسۇلمانلار ئەمەس. كورىيە ئۇرۇشىنى، ۋېتنام ئۇرۇشىنى، ئىراق ئۇرۇشىنى قوزغىغانلار مۇسۇلمانلار ئەمەس. **1995** ـ يىلى **4** ـ ئاينىڭ **19** ـ كۈنى ئامېرىكىنىڭ ئوكلوخوما شەھرىدىكى فېدىرال بىناسىنى پارتىلىتىپ **168** ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى ۋە **680** ئادەمنىڭ يارىدار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تېرورىست مۇسۇلمان ئەمەس. مەيلى سۈرىيە / ئىراق، ئافغانىستان / پاكىستاندا بولسۇن ۋە ياكى دۇنيانىڭ باشقا دۆلەتلىرىدە بولسۇن تېرورلۇقنىڭ ئەڭ چوڭ قۇربانى مۇسۇلمانلاردۇر. ئەمما بەزى مۇسۇلمانلار ۋە ياكى بەزى ئۆزىنى مۇسۇلمان سانايدىغان ئىنسانلار ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرىدە تېرورلۇق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەت.






ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار تېرورلۇق بىلەن باغلىنىپ قالدى؟ بۇ بىر مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن غەرب ۋە باشقا دىندىكىلەر ئارىسىدا ئۆز-ئارا چۈشەنمەسلىك ۋە ئۆز-ئارا ئىشەنمەسلىك ئۇزۇندىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن مەسىلە. ھەرقانداق بىر ئىنسانغا نىسبەتەن باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ئوبرازىنى ۋە ئىشەنچىسىنى يوقاتماق ئاسان، بىراق باشقىلارنىڭ نەزىرىدە شەكىللەنگەن خاتا قاراشنى ۋە ئىشەنمەسلىكنى ئۆزگەرتمەك ئۇنچە ئاسان ئەمەس.

پەن-تەتقىقات مەركىزى ئېلىپ بارغان راي سىناشتا ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ **11**-سىنتەبىر ۋەقەسىنى ئەرەبلەرنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىغا بولغان قارىشى. جەدۋەلدىكى نەتىجىگە ئاساسلانغاندا، راي سىناشقا قاتناشقان كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلار **11**-سىنتەبىر ۋەقەسىنى ئەرەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارمىغان دەپ قارايدىكەن.

پەن-تەتقىقات مەركىزى ئېلىپ بارغان راي سىناشتا ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەربلىكلەرنىڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلىشىگە ۋە غەربلىكلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللارنى ھۆرمەتلىشىگە بولغان قارىشى. جەدۋەلدىكى نەتىجىگە ئاساسلانغاندا، غەربتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەربلىكلەرگە بولغان قارىشىدا چوڭ پەرق بار بولۇپ، غەربتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى

غەربلىكلەرنى ئاياللارغا ھۆرمەت قىلىدۇ دەپ قارايدىكەن. بىراق غەربلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇسۇلمانلارنى ئاياللارغا ھۆرمەت قىلمايدۇ دەپ قارايدىكەن.

بەزىلەر، غەرب مەتبۇئاتلىرىنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى بۇرمىلاپ تەشۋىق قىلىشى سەۋەبىدىن ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار تېرورلۇق بىلەن باغلىنىپ قالغان دەپ قارىشىدۇ؛ بىراق بىز ئۆزىنى مۇسۇلمان دەۋالغان بەزى ئىنسانلارنىڭ بەدىنىگە بومبا تېڭىپ ئۆزىنى پارتلىتىپ، بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ ئۆلىشىگە سەۋەب بولغاندا "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ۋاقىرىشىنىڭ باشقىلارغا بەرگەن سەلبىي تەسىرىنى ھەرگىز نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەن بۇ سۆز ئەسلى ئاللاھ ئۇلۇغ دېگەن مەنادىكى بىر سۆز بولسىمۇ، بىراق ئۆزىنى مۇسۇلمان دەۋالغان بىر قىسىم ئىنسانلار بۇ سۆزنى تېرورلۇق بىلەن بىرگە ئىشلىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تېرورلۇق بىلەن باغلىنىپ قىلىشىدا چوڭ رول ئوينىغان. مەن ئىشىنىمەنكى ئاللاھ ھېچكىمگە ئۆز نامىنى قوللىنىپ، ئادەم ئۆلتۈرۈش ھوقۇقىنى بەرگەن ئەمەس. ھېچكىمنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن بىرلىرىنى جازالاش ۋە ياكى ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى يوق.

سۈرىيەدە دائىش يەنى ئىسلام دۆلىتى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، دائىشچىلارنىڭ كامىرا ئالدىدا ئىنسانلارنى قويىنى قۇربانلىق قىلغاندەك ئاللاھۇ ئەكپەر دەپ بوغۇزلىشى، مېنىڭ كىچىك چېغىمدىن بەرى شۇنداق سۆيۈنۈپ ئاڭلايدىغان بۇ "ئاللاھۇ ئەكبەر" سۆزىگە بولغان قارىشىمغا بەلگۈلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مەن ھەر قېتىم "ئاللاھۇ ئەكپەر" دېگەن سۆزنى ئاڭلىسام، قولىدىكى پىچاق

## 11 - سىنتەبىر ۋەقەسىنى ئەرەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ؟

| دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشى | شۇنداق | ياق |
|---|---|---|
| فارانسىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 48% | 46% |
| ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 33% | 35% |
| ئەنگلىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 17% | 56% |
| گېرمانىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 35% | 44% |
| ئوردانىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 39% | 53% |
| مىسىردىكى مۇسۇلمانلار | 32% | 59% |
| تۈركىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 16% | 59% |
| پاكىستاندىكى مۇسۇلمانلار | 15% | 41% |
| ھىندونېزىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 16% | 65% |

Source: Pew Research center

بىلەن بىر ئىنساننىڭ بويىنىنى بوغۇزلاۋاتقان بىر جاللات ۋە بويىنىدىن قان ئېقىۋاتقان ئۇ ئادەمنىڭ چىرايى كۆز ئالدىمىدا كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ؛ ئاللاھ شۇنداق ئۇلۇغكەن ئۇنى ھەر يەردە تەكتىلەپ يۈرۈش زۆرۈرمۇ؟ قوي، كالىنى قۇربانلىق قىلغاندا ئاللاھۇ ئەكپەر دېسەك، جامائەتنى نامازغا چاقىرغاندا ۋە ناماز ئوقۇغاندا ئاللاھۇ ئەكبەر دېسەك، تېرورچىلار ئۆزىنى پارتلىتىش خاراكتېرلىق ۋەقە پەيدا قىلىپ، بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندىمۇ ئاللاھۇ ئەكپەر دىسە؛ بىز غەرب دۆلەتلىرىدە ختاي ھۆكۈمىتىگە قارشى نامايىش قىلغاندىمۇ ئاللاھۇ ئەكپەر دەپ ۋاقىرساش، ھەقىقەتەن زۆرۈرمۇ؟

پەن-تەتقىقات مەركىزى ئېلىپ بارغان راي سىناشتا ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش خاراكتېرلىك زوراۋانلىق ۋەقەگە بولغان پوزىتسىيەسى. جەدۋەلدىكى نەتىجىگە ئاساسلانغاندا، ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىكى راي سىناشقا قاتناشقان 7% - 29% ئارلىقىدىكى مۇسۇلمانلار زوراۋانلىق ۋەقە ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆلتۈرۈپ ئىسلام دىنىنى قوغدىغىلى بولىدۇ دەپ قارايدىكەن، ئەمما كۆپ قىسمى زوراۋانلىق ۋەقە ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆلتۈرۈپ ئىسلام دىنىنى قوغدىغىلى بولمايدۇ دەپ قارايدىكەن.

## ئاياللارغا ھۆرمەت قىلىش ئەھۋالى

| غەرپلىكلەر ئاياللارغا | ھۆرمەت قىلىدۇ | ھۆرمەت قىلمايدۇ |
| --- | --- | --- |
| فارانسىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 77% | 23% |
| ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 82% | 13% |
| ئەنگلىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 49% | 44% |
| گىرمانىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 73% | 22% |
| ئىوردانىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 38% | 53% |
| مىسىردىكى مۇسۇلمانلار | 40% | 52% |
| تۈركىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 42% | 39% |
| پاكىستاندىكى مۇسۇلمانلار | 22% | 52% |
| ھىندونېزىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 38% | 50% |

| مۇسۇلمان ئەرلەر ئاياللارغا | ھۆرمەت قىلىدۇ | ھۆرمەت قىلمايدۇ |
| --- | --- | --- |
| ئامېرىكا پۇخرالىرى | 19% | 69% |
| گىرمانىيە پۇخرالىرى | 17% | 80% |
| فارانسىيە پۇخرالىرى | 23% | 77% |
| ئىسپانىيە پۇخرالىرى | 12% | 83% |
| ئەنگلىيە پۇخرالىرى | 26% | 59% |

Source: Pew Research center

## ئۆزنى ئۆلتۈرۈلىش خارەكتېرلىك پارتىلىتىشنى قوللاش ئەھۋالى
## زوراۋانلىق ۋەقە ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆلتۈرۈپ
## ئىسلامنى قوغداش ھەققانىيەت بولامدۇ؟

| دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشى | قىسمەن | بەزىدە | بولمايدۇ |
|---|---|---|---|
| فارانسىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 19% | 16% | 64% |
| ئىسپانىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 9% | 16% | 69% |
| ئەنگلىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 9% | 15% | 70% |
| گىرمانىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 6% | 7% | 83% |
| ئوردانىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 28% | 29% | 43% |
| مىسىردىكى مۇسۇلمانلار | 25% | 28% | 45% |
| تۈركىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 9% | 17% | 69% |
| پاكىستاندىكى مۇسۇلمانلار | 8% | 14% | 71% |
| ھىندونېزىيەدىكى مۇسۇلمانلار | 18% | 10% | 28% |

Source: Pew Research center

سامى ستەگمەن ئەپەندى بولسا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇش مەزگىلىدىكى چوڭ ئىرقىيي قىرغىنچىلىقتىن ھايات قالغان يەھۇدى بولۇپ، مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم 2019 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يەھۇدى ئوقۇغۇچىلار تەرپىدىن نيورۇكتا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلانى قوللاپ، خىتاي ھاكىمىتىنىڭ ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىگە قارشى نامايىشتا كۆرگەن ئىدىم. سامى ستەگمەن ئەپەندى 2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋاشىنگىتون شەھىردە ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشقا قاتناشقىلى بارغان ئىكەن. نامايىشتىن قايتىشىمدا، نيورۇكقا بىرگە قايتىپ كەلدۇق. ئۇ كۈنى قاتناش توسۇلۇپ قىلىش سەۋەبىدىن يولىمىز پەقەت ئاۋىمىغان ئىدى. ئادەتتە 4، 5 سائەت ماڭىدىغان يولنى گەرچە 7 سائەت ماڭغان بولساقمۇ، بىراق بۇ 7 سائەت ئۇنچە زېرىكىشلىك بولمىدى. سەۋەب يولدا كەلگۈچە سامى ستەگمەن ئەپەندى بىلەن ناھايىتى قىزغىن سۆھبەتتە بولدۇق.

سامى ستەگمەن ئەپەندى رومانىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، يولدا كەلگىچە ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك تۈزۈمگە بولغان قاراشلىرىنى، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز داۋاسىنى دۇنياغا قانداق ئاڭلاتقانلىقىنى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز كىملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئاخىردا ئۇ مۇسۇلمانلار توغرىسىدا توختىلىپ،" ئەگەر مۇسۇلمانلار، ئىسلام دىنى ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ تېرورلۇق بىلەن بىر يەردە تىلغا ئېلىنىشىنى توپتىن ئۆزگەرتمەكچى بولسا، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغانلار تېرورلۇق ھەرىكىتى

پەيدا قىلغاندا، ۋەقەنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۇنى تېرورلۇق ھەرىكىتى دەپ قاتتىق ئەيىبلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، باشقىلارنىڭ ئىسلامنى خاتا چۈشىنىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ" دېگەن ئىدى.

ئەگەر مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ۋە ياكى كۈندە ئاللاھۇ ئەكپەر دەپ ۋاقىرغانلىقى ئۈچۈن، مەسىلە ھەل بولىدىغان بولسا، پەلەستىن مەسىلىسى ئاللىبۇرۇن ھەل بولغان بولاتتى. بىرما مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەسىلىسى ھەل بولغان بولاتتى. چېچەن مەسىلىسى ئەينى ۋاقىتتا غەربنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ناھايىتى ئوبدان تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىدى. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن تېرورلۇق ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن، چېچەن مەسىلىسى خەلقئارانىڭ قوللىشىدىن تامامەن قۇرۇق قالدى. ھازىر بولسا، ھەممەيلەن كۆرۈۋاتقاندەك، چېچەن مەسىلىسى توغرىسىدا ھېچقانداق سادا يوق. بىز مۇسۇلمان بولغىنىمىز ئۈچۈن، ئىسلام دۆلەتلىرى ئاۋازىنى چىقارمىغان يەردە، خەلقئارانىڭ بولۇپمۇ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىزنى مۇسۇلمانكەن دەپ بىزگە ئالاھىدە ئىچىنى ئاغرىتىشى ناتايىن. بۇ يەردە مۇھىم بولغان ئىككى نەرسە بار؛ ئۇنىڭ بىرى بىزنىڭمۇ باشقا ئىنسانلاردەك ياشاش ھەققىمىز بار بولغان بىر ئىنسان ئىكەنلىكىمىز، يەنە بىرى ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇتىھەملىكى داۋام قىلىۋەرسە، بىزگە كەلگەن بۇ بالايى ئاپەتنىڭ باشقا ئىنسانلارغىمۇ كېلىدىغانلىقى، نەتىجىدە نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىنىڭ تەھدىت ئاستىدا قالىدىغانلىقىنى تەكىتلەش.




**ئىرلاندىيەلىك يازغۇچى ۋە سىياسى پائالىيەتچى جورج بەرنارد شاۋ مۇنداق دېگەن ئىكەن: "توغرا پۇرسەتكە ساقلاپ تۇرما؛ ئۇنى ئۆزەڭ يارات."**

توغرا، بىزگە پايدىلىق پۇرسەت كەلسە، بىز ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىشنى بىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىزگە پايدىلىق پۇرسەت كەلمىسە، بىز قانداق قىلىپ ئۆزىمىزگە پايدىلىق پۇرسەت يارىتىشنى بىلىشىمىز كېرەك.

2019 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

# بىز ئويغاندۇقمۇ؟

ۋەتەندىكى لاگېر مەسلىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، مەيلى داۋانىڭ خەلقئارالىششىدا بولسۇن ياكى داۋاغا قىزىقىدىغانلارنىڭ ساندا بولسۇن، كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. داۋا سېپىگە نۇرغۇن ياشلار قېتىلدى؛ بۇرۇن سىياسەتكە ئارىلاشمايمەن دېگەنلەر، ئەمدىلىكتە سىياسەتچى بولدى؛ بۇرۇن ئاۋاز چىقارمىغانلار ئەمدىلىكتە ئاۋاز چىقىرىدىغان بولدى؛ بۇرۇن نامايىش ۋە ھەر خىل پائالىيەتلەر بولسا يېقىن كەلمەيدىغانلار، ھازىر نامايىش ۋە ھەر خىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان بولدى؛ تەشكىلاتلار كۆپەيدى. كۆپ ساندا كىشلەر ئۆندىدارنى تاشلاپ ۋاتسئاپقا (whatsapp) يۆتكەلدى. فاكەبوئوك قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلار، بۇرۇنقىدەك يېگەن ئىچكەننى ۋە ئويۇن تاماشالارنى تەشۋىق قىلىدىغان سورۇندىن، ۋەتەن داۋاسى ئېلىپ بارىدىغان، ۋەتەن ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى ئورتاقلىشىدىغان سورۇنغا ئايلانغاندىن باشقا يەنە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىغان، باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىمىزنىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان ۋە كۆز قارىشى پەرقلىق بولغان ئىنسانلارنى ئاپتونومىيەچى، خائىن، جاسۇس دەپ ھاقارەتلەيدىغان سورۇنغا ئايلاندى.

بەزىلەر لاگېر مەسلىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، خەلقىمىز يۈكسەك دەرىجىدە ئويغاندى، ئىتتىپاقلاشتى دېيىشىدۇ. بىراق مەن كۆزەتكەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئويغىنىش بولماستىن، بەلكى كۆپىنچە كىشىلەرگە نىسبەتەن، ھاڭنىڭ قىشىغا كېلىپ قىلىپ، ماڭىدىغان يولى يوق، ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا بولۇش؛ ھاڭغا چۈشۈپ كەتمەي، ئۇ يەردىن ساق كېتەلەيدىغان چىغىر يولدىن بىرنى تېپىشقا مەجبۇرىي بولۇشتۇر. ئەلۋەتتە مەن بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ھەقىقىي ئويغانغان بىر قىسىم كىشىلەرنى ئىنكار قىلماقچى ۋە باشقىلارنىڭ روھىغا سوغاق سۇ سەپمەكچى ئەمەسمەن. مەن پەقەت ئۆزۈم كۆرۈۋەتقان رېئاللىقىمىزغا ئاساسەن، بۇ جەھەتتە ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرقايسىڭلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. شۇڭا ئويغانغان دوستلارنىڭ سۆزۈمنى ئۆزىگە ئالماسلىقىنى، تېخى ئويغانمىغان دوستلارنىڭ ئوبدان ئويلىنىشىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.




**نورۋېگىيەلىك داڭلىق ئوپېراچى ۋە شائىر خەنرىك ئىبسەن (Henrik Ibsen) مۇنداق دېگەن ئىكەن: "بىز ھەقىقىي ئويغانغان ۋاقتىمىزدا، پەقەت ياشاپ باقمىغانلىقىمىزنى بايقايمىز"**

بىزدە "كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا" دەيدىغان ئاتا سۆزى بار. بىز ئىجابىي تەشۋىقاتنى كۆپەيتىپ، خەلقىمىزنى ئۆمىدلەندۈرۈشكە ئېھتىياجلىق؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆز ئۆزىمىزنى ئالداپ كۆڭلىمىزنى قۇرۇق خۇش قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر بەدىنىمىزدە كېسەل بولسا، ئۆزىمىزگە ۋاقتىدا، توغرا دىئاگنوز قويۇپ، ھاياتىمىزغا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنى ۋاقتىدا داۋالاپ ساقايتىشىمىز ۋە تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

ئۇنداقتا بىز زادى ئويغاندۇقمۇ ياكى پەقەتلا چىقىش يولى تېپىشقا مەجبۇرلاندۇقمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قانداق پەرق بار؟ ئەگەر بىز ئويغانغان بولساق قانچىلىك ئويغاندۇق؟ ئەگەر بىز ئويغانمىغان بولساق قانداق قىلىپ ئويغىنىشىمىز كېرەك؟ مەن بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى، "ئويغىنىش" نىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئويغىنىش دېگەن سۆزنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىل مەنىسى بار. ئويغىنىش ئالدى بىلەن ئۇيقا ھالەتتىن ئويغاق ھالەتكە كېلىش دېمەكتۇر. ئويغىنىش دېمەك ئىنسانلارنىڭ ھوشسىز ھالىتىدىن نورمال ھالەتكە كېلىشى دېمەكتۇر. ئويغىنىش دېمەك ئىنسانلارنىڭ خىيالى دۇنيادا ياشاشتىن، غەپلەتلىكتىن، ھاماقەتلىكتىن رېئاللىققا قايتىش دېمەكتۇر. ئويغىنىش دېمەك ئاللاھ بەرگەن ئەقىل-پاراسەتنى ئىشلىتىپ، ئەتراپنى يالغۇز كۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل-پاراسەت بىلەن كۆزىتىپ، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىش دېمەكتۇر. ئويغىنىش دېمەك مەسىلىنى تونۇپ يېتىش، ئۇنى تونۇپ يېتىشتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەقىل ئىشلىتىش، ئىزدىنىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش دېمەكتۇر. ئويغىنىش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ پۇرسەت پەرەسلىك قىلىپ، ئەپلەپ سەپلەپ كۆز بويامچىلىق قىلىش دېگەنلىك ئەمەس.



ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچى، ئاماۋى نوتوق سوزلىگۈچى ۋە ئەنئەنىۋى تىبابەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى دىپاك چوپرا مۇنداق دېگەن ئىكەن: "ئويغىنىش، سىنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى ئۆزگەرتىش بولماستىن، بەلكى ساڭا تەۋە بولمىغان نەرسىنى تاشلىۋېتىشتۇر". دېمەك بىز ئويغىنىش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى باشقا بىرسىگە ئۆزگەرتىشىمىزنىڭ، چوقۇم تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقى بولۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، بىز پەقەت ئۆزىمىزدىكى بىخەستەلىكنى، بىخۇتلىقنى، غەپلەتلىكنى ۋە روھىي قۇللۇقنى تاشلاپ، ئەقىل پاراستىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئادەمدەك ياشاشقا تىرىشساق، ئۆزىمىزنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان ئىنسانى بۇرچىمىزنى ئادا قىلساق يېتەرلىك.

ئويغىنىش بولسا ئاكتىپ بىر جەريان بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ھەرىكەت، تەھدىتنىڭ ئاجىزلىششى بىلەن توختاپ قالمايدۇ؛ تەھدىتنىڭ قايتا سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە مەسىلىنى ئۈزۈل كېسىل ھەل قىلىش يولىدا ئىزچىل داۋام قىلىدۇ. چىقىش يولى تېپىشقا مەجبۇرىي بولۇش دېگىنىمىز، كۆپىنچە ئەھۋالدا پاسسىپ بىر جەريان بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ھەرىكەت تەھدىتنىڭ پەسلىشىگە ئەگىشىپ ئاجىزلىشىدۇ ۋە ئىزچىل داۋام قىلمايدۇ.

ئەگەر بىز تارىخىمىزدىن بەك يىراقلارغا كەتمەي، يېقىنقى 20 - 30 يىللىق ئەھۋالىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ 20 - 30 يىللىق تارىخىمىزدا نۇرغۇنلىغان باستۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، ھەر قېتىملىق باستۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقتا، بىز ھاڭنىڭ يېنىغا كېلىپ قىلىپ، ماڭىدىغان يول يوق، چارىسىز قالغاندا، ھەرىكەتكە كەلگەنلىكىمىزنى، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئازراق يول تاپقاندا، بوشاپ قالغانلىقىمىزنى، نەتىجىدە خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش بولماي ئەكسىچە تېخىمۇ ناچارلىشىش بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىسمىدا قىلىشچە، 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچە قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەندە، داۋادا بۇرۇنقىغا نىسبەتەن زور ئىلگىرلەش بولغان ئىدى. ئۇ چاغدا گەرچە غەرب دۆلەتلىرىدىكى نوپۇسىمىز ھازىرقىدەك كۆپ بولمىسىمۇ، نامايىشلارغا شۇنداق كۆپ ئادەم قاتناشقان ئىدى؛ ئارىمىزدىكى چېچىلاڭغۇلۇق، بۆلۈنۈش ۋە زىددىيەتلەر ھازىرقىدەك ئۇنداق ئېغىر ئەمەس ئىدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەتەندىكى ئەھۋالدا ئازراق ئۆزگىرىش بولدى، نەتىجىدە نۇرغۇن ئىنسانلار داۋادىن ئۆزىنى تارتتى. لاگېر مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، داۋا، لاگېر مەسىلىسىنى مەركەز قىلغان قالدا يەنە بىر قېتىم قايتىدىن كۈچلەندى؛ مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، داۋا لاگېر مەسىلىسىگە بەك باغلىنىپ قالدى. بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر لاگېر تاقالسا، چەتئەلدىكى بىر قىسىم ھەتتا كۆپ قىسىم قېرىنداشلارنىڭ داۋادىن ئۆزىنى تارتمايدىغانلىقىغا كىم كاپالەت قىلالايدۇ؟

2018 - يىلى 12 - ئايدىن 2019 - يىلى 1 - ئايغىچە، مەن تور ئارقىلىق ئېلىپ بارغان راي سىناشقا قاتناشقۇچىلار ئىچىدە، 56% ئادەم، ئائىلىسىدە كەم دېگەندە بىر ئادەمنىڭ لاگېردا ئىكەنلىكىنى، 15% ئادەم، ئائىلىسىدە بىر نەچچە ئادەمنىڭ لاگېردا ئىكەنلىكىنى، يەنى جەمئىي 71% ئادەم، ئائىلىسىدە بىر ياكى بىرنەچچە ئادەمنىڭ لاگېردا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا 24% ئادەم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. پەقەت 4% ئادەم، ئائىلىسىدە لاگېرغا سولانغانلارنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرگەن. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغانىدەك، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇر شەرقتىكى دۆلەتلەردىن باشقا، تۈركىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېموكراتىك دۆلەتلەردە كەم دېگەندە 50 مىڭدىن 100 مىڭ ئارىلىقىدا ئۇيغۇر بار؛ بىراق

ئەپسۇس، هازىر چەتئەلدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەر خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىۋاتقان ياكى قولدىن كېلىشچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلارنىڭ سانى، يۇقىرىقى ساننىڭ **10%** تىگە، يەنى **5 ـ 10** مىڭغىمۇ يەتمەيدۇ.

ۋەتەندە مىليونلارچە ئىنسانلار لاگېرلاردا ئازاب چەكمەكتە؛ بىزنىڭ ئەنئەنىۋىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز ۋە دىنىي ئېتىقادىمىز ۋەيران قىلىنماقتا، تىل ـ يېزىقىمىز چەكلەنمەكتە، كىتابلىرىمىز كۆيدۈرۈلمەكتە، مەدەنىي يادىكارلىقىمىز ۋە مەسجىد جاملىرىمىز چېقىۋېتىلمەكتە. باللىرىمىز ئاتا ئانىسى ھايات تۇرۇپ يېتىم بالا قاتارىدا كوممۇنىزم ئىدىيەسى بىلەن تەربىيلەنمەكتە، قىزلىرىمىز مەجبۇرىي ئۆيلەندۈرۈلمەكتە. ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقان خەلقىمىزچۇ؟ خۇددى خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەتەندە لاگېرغا سولانغانلارنى «ئىدىيەسىنى مەسىلە بار ئاز ساندىكى كىشىلەر» دەپ تەرپىلگىنىگە ئوخشاش، ۋەتەن سىرتىدا ھەرىكەتكە كەلگەنلەرمۇ ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن چەكلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. چەتئەلدىكى **90%** قېرىنداشلىرىمىز خۇددى ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنىڭ ئۆزىمىز بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى يوقتەك، يەنىلا غەپلەتتە تۇرماقتىمىز، سۈكۈت قىلماقتىمىز. بەزىلىرىمىز ۋاقتىمىز ۋە ئېنېرگىيەرىمىزنى، نورۇز ئۆتكۈزۈش ھالالمۇ ھارامىمۇ، ئاياللارنى ھىجاپلىنىش كېرەكمۇ يوقمۇ دېگەندەك ۋەتەن داۋاسى بىلەن كۆپ ئالاقىسى بولمىغان ئىشلارنى تالاش ـ تارتىش قىلىشقا ئۇچۇن سەرپ قىلماقتىمىز. يەنە بەزىلىرىمىز بولسا ئۆيدە يەيدىغان نەرسە يوق، ئەۋۋەل يەيدىغان نەرسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا، پولۇ يەيمىزمۇ ياكى لەغمەنمۇ دەپ تالاش ـ تارتىش قىلغانغا ئوخشاش، ۋاقتىمىزنى ۋە ئېنېرگىيەرىمىزنى مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئورتاق ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، ھەر خىل يوقىلاڭ ئىشلارنى تالاش ـ تارتىش قىلىپ، ۋاقىت ئىسراپ قىلماقتىمىز. ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە، چەكلىك كۈچىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى داۋا يولىدا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارىي قىلدۇرۇشنىڭ ئورنىغا، كۆز قاراشتا پەرق بولغانلارنى ئاپتونومىيەچى، جاسۇس، خائىن دەپ ئىنكار قىلىپ، ئۆز ـ ئارا ئىتتىپاقلىقنى بۇزىۋاتىمىز، داۋاغا تۇسالغۇ بولاۋاتىمىز. ئۆزىمىزنى "مۇستەقىلچى" ئاتاپ، باشقىلارنى "ئاپتونومىيەچى" دەپ ئەيىبلاۋاتقانلار، مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېغىزدىكى سۆزدىن باشقا ئالاھىدە پەرقلىق بىر ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىمىزنى ئىسپاتلىغىنىمىز يوق. بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، بىز يەنە "بىز ئويغاندۇق" دىيەلەيمىزمۇ؟ جاۋاب ھەممەيلەنگە مەلۇم.

چەتئەلدىكى خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالىنىڭ بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. مەن بۇ جەھەتتە بۇرۇن يازغان ماقالەلىرىمدىمۇ ئاز تولا توختالغان ۋە بۇ ھەقتە ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن ئىدىم.

مېنىڭ قارىشىمچە، بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى ئالدى بىلەن بىزدە، ياكى كەم دېگەندە بىر قىسىم كىشىلىرىمىزدە، بىر خىل نامەلۇم قورقۇش يەنى روھىي ئاسارەتنىڭ ئېغىر تەسىرى بار. بىزدىكى شۇ نامالۇم قورقۇش تۈپەيلىدىن، بىز نېمە قىلىشنىڭ توغرا ۋە نېمە قىلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە توغرا ھۆكۈم چىقىرالمايىۋاتىمىز. ئاسان ھاياجانلىنىمىز، كىم بىر شۇئارنى كۆتۈرۈپ چىقسا، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلماي، ھېسسىياتىمىزغا تايىنىپ يەكۈن چىقىرىمىز. بىر ئىشلارغا ئاسان قىززىيمىز ۋە ئاسان سوۋۇيمىز. ئۇ نامەلۇم قورقۇش تۈپەيلىدىن، ئاسان ئاچچىقلىنىمىز. ئاچچىقىمىز كۆزىمىزنى كۆرمەس، ئەقلىمىزنى ئىشلىمەس قىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئاچچىقىمىزنى چىقىرىدىغان ئوبىكتىپ ئىزدەيمىز. بىرلىرىنى تېپىپ، مىللەتنىڭ ھازىرقى ھالەتكە چۈشۈپ

قىلىشىنىڭ سەۋەنلىكىنى ئۇلارغا ئارتىپ، ئۇلارنى تىللاپ، ھاقارەتلەپ ئاچچىقىمىزنى چىقىرىپ، روھىي ھالىتىمىزنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا تىرىشىمىز. نەتىجىدە ئارىمىزدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ. ئاخىرىدا ھەم ئۆزىمىز، ھەم باشقىلار روھىي جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ زەربىگە ۋە روھىي زەخمىگە ئۇچرايمىز.




قورقۇش، بىزنى قاراڭغۇلۇققا باشلاپ بارىدۇ؛ قورقۇش بىزنى غەزەپلەندۈرىدۇ؛ غەزەپلىنىش، ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ؛ ئۆچمەنلىك، ئازابلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بىزنىڭ خەلقئارانىڭ بىزگە قىلالايدىغان ياردىمى توغرىسىدا چۈشەنچىمىز مۇجمەل، ياكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېنىق بىر ئۇقۇم يوق. بىزدە، ياكى كەم دېگەندە بىر قىسىم ئىنسانلىرىمىزدا، بىز خەلقئارادىن نېمىنى تەلەپ قىلساق، ئىشلىرىمىز شۇ بويىچە ماڭىدۇ ياكى بىز دەردىمىزنى خەلقئاراغا يېتەرلىك ئاڭلاتساق، ئىشلىرىمىز ئۆزلىكىدىن ھەل بولىدۇ ياكى ئىشلىرىمىزنى ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى ھەل قىلىپ بېرىدۇ، ياۋروپا بىرلىكى ھەل قىلىپ بېرىدۇ دەيدىغان خاتا چۈشەنچە بار. ئەلۋەتتە بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا، بىز چوقۇم خەلقئارانىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىمىز كېرەك. مەيلى ھازىر بولسۇن ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، بىز خەلقئارانىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەي تۇرۇپ، كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە يېتەلمەيمىز؛ بىراق شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، داۋا بىزنىڭ داۋا؛ بىز داۋانىڭ ئىچكى ئامىلى، ئاساسلىق كۈچى، خەلقئارانىڭ قوللىشى تاشقى ئامىل، ياردەمچى كۈچ. ئەگەر بىز ئۆزىمىز يېتەرلىك ئويغانمىساق، داۋا ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ

داۋاسى بولۇپ قالسا، يېتەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسەك، ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى قولغا كەلتۈرمىسەك ۋە ئۇنى كۈچەيتمىسەك، داۋايىمىزنىڭ ئالاھىدە ئالغا ئىلگىرلىشى مۇمكىن ئەمەس. داۋا، خەلقئارانىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، ئۆزىمىزنىڭ ئىزچىل تىرىشچانلىقىمىز ۋە يۈكسەك بەدەل تۆلىشىمىز بىلەن ئاندىن ئالغا ئىلگىرلەيدۇ.

ھېچ بىر دۆلەتنىڭ بىزنى مۇستەقىل قىلىپ بېرىش ياكى بىز نېمە تەلەپ قىلساق، بىزگە شۇنى قىلىپ بېرىش مەجبۇرىيتى ۋە ياكى ۋەزىپىسى يوق. ھەر قانداق دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ۋە مىللىي مەنپەئەتى بولىدۇ. ئەگەر تەلىمىز ئوڭدىن كېلىپ، بىزنىڭ تەلەپ ئىستەكلىرىمىز بىلەن بىزگە ياردەم قىلىشنى خالايدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئۈمىد قىلغىنى ئۆز-ئارا ماس كېلىپ قالسا، ئۇلار بىزگە ياردەم قىلىشى مۇمكىن، نەتىجىدە ھەم بىز ھەم ئۇلار ئۈمىد قىلغان نەرسىگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن؛ بولمىسا ئىشلار ھەرگىز بىزنىڭ ئىستىكىمىز بويىچە ئەمەس، بەلكى بىزگە ياردەم قىلىۋاتقان ياكى ياردەم قىلىشنى خالايدىغانلارنىڭ ئۈمىد قىلغىنى بويىچە بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا، بىز خەلقئارانىڭ ياردىمىگە ۋە قوللىشىغا ئېھتىياجلىق؛ شۇڭا بىز ئەۋۋەل نېمىگە ئېرىشەلىسەك، شۇنى قولغا كەلتۈرمەكتىن باشقا بەك كۆپ تاللىشىمىز يوق. مەن ئۇنداق دىسەم، بەلكىم بەزىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر ھەر قانداق شەخس ۋە تەشكىلات مەسىلىمىزنى ھېچكىمگە تايانماي، ئۆزىمىزنىڭ ئىستىكى بويىچە ھەل قىلالايدىغانلار بولسا، مەن ئۇلارنى قوللايمەن. بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى كۆپىنچە خەلقنىڭ بىزگە قىلالايدىغان ئەڭ چوڭ ياردىمى، پەقەتلا ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، بىزنىڭ ئىنساندەك ياشىشىمىز ئۈچۈن قولدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىش، يەنى بىزگە ھېسداشلىق قىلىش، بىزنى قوللاش، ئىنساۋى كەلسە بىزگە ئاز تولا ئىقتىسادىي ياردەم قىلىش، ئۆز ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى قارارلارنى چىقىرىشىغا جامائەت پىكرى توپلاش ۋە بېسىم قىلىشتىن ئىبارەت.

ئۈچىنچىدىن، بىز ياكى خېلى كۆپ ساندا ئىنسانلىرىمىز، ۋەتەندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشىنىڭ، لاگېرلارغا سولىنىشىنىڭ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل جازالارغا تارتىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلىشىنىڭ سەۋەبىنى، خەلقىمىز يۈزلىنىۋاتقان تەھدىتنىڭ بىزنىڭ مىللىي كىملىكىمىز ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھايات ماماتلىق بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى تېخى تونۇپ يەتمىدۇق.

ھەممىمىز كۆرۈۋاتقاندەك، مەيلى بىز گۇۋاھلىق بەرگەندە بولسۇن ياكى ئاخباراتلارغا دەردىمىزنى ئاڭلاتقاندا بولسۇن، بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھېچ ئىشقا ئارىلاشمىغانلىقىنى، مەيلى ئۆزى بولسۇن ياكى ئۆيدىكىلەر بولسۇن ھېچقانداق قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانمىغانلىقىنى، شۇنداق تۇرۇقلۇق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە سولىغانلىقىنى تەكىتلەشسە، يەنە بەزىلەر ئۆزلىنىڭ چەتئەللەردە خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى، ئاخباراتلارغا سۆزلىگەنلىكى، گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى، خەلقىمىزنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى لاگېر، تۈرمىلەرگە سولىغانلىقىنى تەكىتلەشمەكتە. بەزىلەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆز ھاياتىنى ئاران قامداپ ماڭغان، باشقىلارغا زارار بەرگۈچىلىك ھالى يوق، ياۋاش ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى تەكىتلىسە، يەنە بەزىلەر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئالىي مەكتەپ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بىلىملىك زىيالىي ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە. ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساق، بۇ نۆۋەت لاگېر

ۋە تۈرمىلەرگە سولانغانلار يالغۇز چەتئەلدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بارلارلا ئەمەس؛ جازالانغانلار يالغۇز چەتئەلدە خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى پائالىيەت ئېلىپ بارغانلارنىڭ، داۋا سېپىدىكىلەرنىڭ، ئاخباراتقا سۆزلىگەنلەرنىڭ ئۆيىدىكىلەرلا ئەمەس؛ تۇتۇلغانلار يالغۇز ساۋادى يوقلار، ئوقۇمىغانلارلا ئەمەس؛ قولغا ئېلىنغانلار يالغۇز دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ياكى ئاتالمىش «ئىدىيەسىدە مەسىلە بار» لار ياكى »دىنىي ئەسەبىيلەر" لا ئەمەس؛ قولغا ئېلىنغانلار يالغۇز قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ياكى تېرورلۇق ھەرىكەتلەرگە قاتناشقانلار ئەمەس. لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە سولىغانلار ئىچىدە چەتئەلدە تۇققانلىرى بارلارمۇ بار، چەتئەل بىلەن ھېچ بىر ئالاقىسى يوقلار بار؛ چەتئەلدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى داۋاغا ئارىلاشقان، ئاخباراتلارغا سۆزلىگەنلەر بار، ھېچ ئىشقا ئارىلاشمىغانلارمۇ بار؛ ساۋاتلىقلارمۇ بار، ساۋاتسىزلارمۇ بار؛ دېھقان، ئىشچى، كادىرلار بار؛ دىنىي زاتلار، زىيالىيلار، يەككە تىجارەتچىلەر بار؛ تۆۋەن قاتلامدىكىلەر بار، يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بار؛ ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇغان، خىتايچە بىلمەيدىغانلار بار، كىچىكىدىن خىتايچە مەكتەپتە ئوقۇغان، ئاساسەن خىتايچە سۆزلىشىدىغانلار بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ مىللىي كىملىكى ۋە ئۇلارنىڭ شۇ زېمىننىڭ ئىگىسى بولۇشى.

بىز شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، خەلقىمىزنىڭ لاگېر ۋە تۈرمىلەرگە سولىنىشى ھەرگىزمۇ ئۇلار ياكى ئۇلارنىڭ تۇققانلىرىنىڭ نېمە قىلغانلىقى سەۋەبىدىن ئەمەس ھەم شۇنداقلا ھازىر خەلقىمىز يۈزلەنگەن مەسىلە يالغۇز لاگېر مەسىلىسىمۇ ئەمەس. ھازىر خەلقىمىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە ۋە خەلقىمىز يۈزلىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ تەھدىت، مىللەتنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھايات مامات مەسىلىسى. ئەگەر بىز مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق تونۇپ يەتمەي، بىزنىڭ مەسىلىمىزنى يالغۇز مەلۇم كىشىلەرنىڭ سۆز ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان لاگېر مەسىلىسى دەپ قارىساق، ياكى بىز جىم تۇرغان بولساق، داۋا ئېلىپ بارمىغان بولساق، ۋەتەندىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار لاگېرغا سولانمىغان بولاتتى دەپ قارىساق، ئەگەر لاگېر تاقالسا خەلقىمىز يۈزلەنگەن تەھدىت ئازلايدۇ دەپ قارىساق، بىز مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تېخى تولۇق تونۇپ يەتمىگەن بولىمىز. ئەگەر بىز مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق تونۇپ يەتمىسەك، لاگېر تاقالغاندىن كېيىن، بىزدىكى "داۋا قىزغىنلىقى"، لاگېرنىڭ تاقىلىشىغا ئەگىشىپ يەنە بىر قېتىم سوۋۇيشى مۇمكىن.

مېنىڭ قارىشىمچە لاگېر ۋە ياكى خەلقىمىزنى لاگېرغا سولاپ جازالاش، ھەرگىزمۇ  خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئەمەس؛ لاگېر مەسىلىسى ۋە ياكى خەلقىمىزنى لاگېرغا سولاپ جازالاش، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىشتىكى كۆپلىگەن ۋاستىلەرنىڭ پەقەت بىرى. خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەتەندە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي ۋە مەدەنىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى، يالغۇز لاگېر ياكى تۈرمە ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى لاگېر ۋە تۈرمە سىرتىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە. لاگېر ۋە تۈرمە ئىچىدە، خەلقىمىزنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە قىيناۋاتقان، ھەتتا ئۆلتۈرىۋاتقان بولسا، لاگېر ۋە تۈرمە سىرتىدا، خەلقىمىزنى ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىدىن، ئۆرپە ئادىتىدىن، تىل ـ يېزىقىدىن ۋە دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرىي قىلىۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى لاگېر ۋە تۈرمىدىكى قېرىنداشلارنى گۆرەگە ئېلىپ، ئۇلارنى قوللىنىش ئارقىلىق، خەلقىمىزگە يۈرگۈزۈۋاتقان پسىخكىلىق ئۇرۇشنى لاگېر ۋە تۈرمە سىرتىغا، ھەتتە چەتئەللەرگە كەڭەيتىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن لاگېر تاقالغاندىن كېيىنمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى يوق قىلىش پىلانىدىن ۋاز كەچمەسلىكى مۇمكىن.

ئۇنداقتا بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، خەلقىمىز يۈزلىنىۋاتقان بۇ مەسىلىلەرنى تۈپتىن ھەل قىلالايدىغان ئەڭ ئاسان، ئەڭ تېز ۋە ئەڭ توغرا بولغان ئاددىي بىر يول يوق. شۇڭا بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان ئاددىي بىر جاۋابمۇ يوق. مېنىڭ قارىشىمچە داۋانىڭ ئالغا ئىلگىرلىشىگە كاپالەت قىلىش ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن بىزنى قورقۇش ۋە ياكى ۋەھىمىگە سالغان روھىي ئىشكەنجىدىن چوقۇم قۇتۇلۇشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز تەھدىت قىلىپ، قورقۇش پەيدا قىلماسلىقىمىز كېرەك.

بىز چوقۇم خەلقىمىز ھازىر سۆزلەنگەن تەھدىتنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. يەھۇدىيلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە نازى كەمپىلەرگە سولانغان ۋە ئۇ كەمپىلەردە ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىيلارنىڭ كەمپىلەرگە سولۇنۇشى ۋە كەمپىلەردە ئۆلتۈرۈلىشىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئۇلارنىڭ يەھۇدى بولۇپ تۇغۇلغانلىقى دەپ تەشۋىق قىلغان ئىكەن. بىزمۇ بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقازمىساق، باشقا ھېچكىم بىزنى قۇتقۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ئومۇم يۈزلۈك ئويغىنىشىمىز كېرەك. ئوخشىمىغان تەشكىلاتلار ئارا، كۆز قاراشتىكى پەرق تۈپەيلىدىن بىر يەرگە كېلەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا قارىمۇ قارشى ھەرىكەت قىلماي، ئۆز-ئارا زەربە بەرمەي، پاراللېل ھەرىكەت قىلىشقا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. ئۆز-ئارا ئىش تەخسىماتى ئېلىپ بېرىشىمىز، ئۆز-ئارا ئىنكار قىلىشنى توختۇتۇپ، ئۆز-ئارا ھەمكارلىق ئورنۇتىشىمىز كېرەك.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋە ياكى ئۆزىمىز ۋەكىللىك قىلغان تەشكىلاتلارنىڭ ھەق يولدا مېڭىۋاتقانلىقىنى، باشقىلارنى ۋە ياكى باشقا تەشكىلاتلارنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىمىز ئارقىلىق ئىسپاتلىشىمىز كېرەك. مەلۇم بىر شەخس مۇنداق دېگەن ئىكەن: "سىنىڭ توغرا بولۇشۇڭ ئۈچۈن باشقا بىرسىنىڭ چوقۇم خاتا بولۇشى زۆرۈر ئەمەس".

ئەگەر بىز ئۆزىمىز ئارىسىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلالمىساق، شەخسىي ئادىۋىتىمىز ئۈستىدىن غالىپ كېلەلمىسەك ۋە شەخسىي ھېسسىياتىمىزنى كونترول قىلالمىساق، خىتاي ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت كۈچلۈك بىر دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كېلەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ "ئويغان" دېگەن شېئىرى يېزىلغىلى 100 يىل بولىدۇ. ئەمدى ئويغانمىساق راستىنلا جان ۋە ھەممە نەرسىمىز كېتەر.

**2019 - يىلى 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى**

# ئالدىنقى 10 يىل ۋە بۈگۈنىمىز

بۈنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى ۋەتەندە مىڭلارچە ئىنساننىڭ ئۆلىشى ۋە ئونمىڭلارچە ئىنسانلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى يۈز بەرگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەندە مىليونلارچە گۇناسىز ئىنسانلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە ساناقسىز بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ مەخپىي ئۆلتۈرۈلىشى يۈز بېرىۋاتىدۇ. 10 يىل ئىلگىرى ۋەتەندە خەلقىمىز شاۋگۇئاندىكى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا ئۆلتۈرۈلگەن بىگۇناھ ئىنسانلار ئۈچۈن كۆچىلارغا چىقىپ ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈرەلىگەن بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ۋەتەندىكى خەلقىمىز ھەتتا ئاۋازىنىمۇ چىقىرالمايۋاتىدۇ. 10 يىل ئىلگىرى خىتاي ھۆكۈمىتى نۇقتىلىق جازالاش سىياستىنى قوللانغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە خىتاي ھۆكۈمىتى ئومۇمىي يۈزلۈك جازالاش ۋە جىسمانىي جازالاش بىلەن روھىي جالاشنى بىرلەشتۈرۈش سىياستىنى قوللىنىۋاتىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بۇ قىرغىنچىلىق سىياستى يالغۇز لاگېر ۋە تۈرمە ئىچىدىلا چەكلىنىپ قالماي، لاگېر ۋە تۈرمە سىرتىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. لاگېر ۋە تۈرمە ئىچىدە جىسمانىي ۋە روھىي قىرغىنچىلىق سىياستى يۈرگۈزۈۋاتقان بولسا، لاگېر سىرتىدا مەدەنىي قىرغىنچىلىق سىياستى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى تامامەن يوق قىلىشقا ئۇرۇنۋاتىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك پىسخىكىلىق ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ شۇ قاتتىق سىياسەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنى قايتىدىن لاھىلەپ چىقىشقا، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى ئەڭ ئېغىر ئۇسۇلدا جازالاپ، ھايات قالغان ئۇيغۇرلارنى روھىي جەھەتتىن قىناپ، ئۇلارنى نەپەس ئالىدىغان ماشىنا ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە كونترول قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ.

بۈنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن، مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىز بۇرۇنقىغا نىسبەتەن كەڭ كۆلەمدە ئويغىنىپ، داۋا بۇرۇنقىدىن بىر بالتاق يۇقىارى كۆتۈرۈلگەن بولسا، 10 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىز تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئويغاندى؛ داۋا سېپىگە نۇرغۇن ياشلار قېتىلدى؛ تەشكىلاتلار بۇرۇنقىدىن كۆپەيدى؛ داۋا تېخىمۇ كۈچەيدى ۋە ھەر خىللاشتى. بۈنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىز 5-ئىيۇل قىرغىنچىلىقىغا قارشى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەن ۋە كۆپىنچىمىز ۋەتەندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن بولغان تېلفۇن ئالاقە ۋە ئۆز-ئارا باردى كەلدىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى كۈتكەن بولساق، 10 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە بىز ئوخشاشلا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەر خىل نارازىلىق پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، لاگېرنىڭ بالدۇرراق تاقىلىشىنى، لاگېرغا سولانغان مىليونلىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزنىڭ بالدۇرراق ئەركىنلىككە چىقىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇشنى ۋە نورمال ئالاقىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى كۈتىۋاتىمىز.

مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، لاگېر ئىچىدە ئېغىر دەرىجىدە جىسمانىي ۋە روھىي جازا مەۋجۇت بولۇپ، جىسمانىي جازا تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار، روھىي جازا تۈپەيلىدىن روھىي ساغلاملىقى ئېغىر دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىغان ئىنسانلار ئاز ئەمەس. لاگېردا ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى ئۆز جايىدا كۆيدۈرۈش ئۈچۈن، لاگېرلارغا يانداش قىلىپ كۆپلىگەن جەسەت كۆيدۈرۈش ئۆيلىرى سېلىنغانلىقى مەلۇم. لاگېرغا سولانغان ياش ۋە ساغلام كىشىلەرنىڭ قانۇنسىز ئورگان ئالماشتۇرۇشنىڭ ئورگان مەنبەسىگە ئايلىنىۋاتقانلىق خەلقئارانىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغاۋاتقان بىر مەسىلىگە ئايلانماقتا. لاگېر ئىچىدىكىلەرگە ھەر خىل سىرلىق دورىلار بېرىلگەنلىكى، لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن بەزىلەرنىڭ ئۆزۈنغا بارماي ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، يەنە بەزىلەرنىڭ بولسا ئەقلىنى يوقىتىپ باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقى، ئاياللارنىڭ بولسا ھەيز توختاپ قالغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

ئۇنىڭدىن باشقا لاگېر ئىچىدىكى ياش ئاياللارنىڭ پاھىشلىق قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىقى، لاگېردا يەڭگىگەن ئاياللارنىڭ باللىرى ئېلىپ كىتىلىپ، ئۇلارنىڭ سۈتلىرى قانۇنسىز ئادەم سۈتى سودىسى ئۈچۈن ئېلىپ كىتىلگەنلىكى مەلۇم. ئەڭ مۇھىمى لاگېر ئىچىدىكىلەرگە بېرىلگەن يېمەك-ئىچمەك ئالاھىدە ناچار بولۇپ، ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، لاگېردا بېرىلگەن تاماق تەركىۋىدە ئادەم بەدىنىگە زۆرۈر بولغان بەزى ئوزۇقلۇق ماددىلار، بولۇپمۇ ئاقسىل ماددىسى يېتەرلىك بولماسلىق ئەھۋالى ئېغىر. ئادەم بەدىنى كۈندىلىك يېمەكلىكلەردىن يېتەرلىك ئاقسىل ماددىسىغا ئېرىشەلمىگەندە، ئاقسىل كەملىك كېلىپ چىقىدۇ. ئاقسىل كەم بولغان كىشىلەرنىڭ ئىنكاسى ۋە تەپەككۇرى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. بەدەندە، بولۇپمۇ قورساق قىسمىدا سۇلۇق ئىششىق كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە بەدەن ئورۇقلايدۇ، ئادەم جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئاجىزلايدۇ، قورساق قىسمى سۇلۇق ئىششىش تۈپەيلىدىن يوغۇنايدۇ.

لاگېر سىرتىدا بولسا تىل-يېزىق، ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادىمىزنىڭ ئېغىر دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقانلىقى، مىليونلىغان كىتابلىرىمىزنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكى، كۆپلىگەن مەسجىدلارنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكى، خەلقىمىزنىڭ مەجبۇرىي چوشقا گۆشى يېگۈزۈلىۋاتقانلىقى، قىزلىرىمىزنىڭ مەجبۇرىي ئۆيلەندۈرۈلىۋاتقانلىقى، مىللەتنىڭ كەلگۈسى بولغان مىليونلارچە باللىرىمىزنى ئاتا ئانىسىدىن ئايرىپ، ئۇلارنى كوممۇنىزم ئىدىيەسى بىلەن تەربىيىلەۋاتقانلىقى مەلۇم.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتى لاگېر ئىچىدە فىزىكىلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسا، لاگېر سىرتىدا مەدەنىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بىرىۋاتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى كەڭ خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن پسىخىكىلىق ئۇرۇش قوزغاپ، پۈتۈن مىللەتنى روھىي جەھەتتىن يوق قىلىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. ئادەتتە پسىخىكىلىق ئۇرۇش ئوق ئېتىلمايدىغان ئۇرۇش دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىككى خىل جازالاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ ئۇنىڭ بىرى بىۋاستە جازالاش، يەنە بىرى ۋاسىتىلىك جازالاش. بىۋاستە جازالاش دېگىنىمىز روھىي جاھەتتە ۋەيران قىلماقچى بولغان ئىنساننى، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن بىۋاستە جالاشنى كۆزدە تۇتىدىغان بولۇپ، ئۇ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن قىيناش، تەن جازاسى بېرىش، ھاقارەت قىلىش، قورقۇتۇش، تەھدىت قىلىش، ئىنكار قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ۋاسىتىلىك جازالاش دېگىنىمىز روھىي جەھەتتە ۋەيران قىلماقچى بولغان ئادەمگە نىسبەتەن ھېچقانداق كونكېرت جازا قوللانماستىن، ئۇلارنىڭ

يېقىن ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست بۇرادەرلىرىنى جازالاش ئارقىلىق، ئۇلارغا روھىي ئازاب بېرىشنى كۆزدە تۇتىدىغان بولۇپ، ئۇ يېزىق، ئاۋاز، سۈرەت شەكلىدىكى ھەر خىل قورقۇنۇشلۇق ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىش ياكى ئاڭلىتىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوخشاش نەرسىنى ئۈزلۈكسىز تەكرارلاش ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ تاقىتىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى يوق قىلىش، تەن بەرگۈزۈش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئىنسانلارنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىدا ئېغىر مەسىلە پەيدا بولىدۇ؛ نەتىجىدە ئىنسانلارنىڭ مىجەز خۇلقى، خاراكتېرى ۋە تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىرىدۇ؛ ئۆزگە بولغان ئىشەنچىسى يوقايدۇ. بۇ خىلدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئۇ جازالاشلار تۈگىگەندىن كېيىنمۇ ئۇزۇن بىر زامان داۋام قىلىدۇ، ھەتتا كېيىنكى ئەۋلاتلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## ئۇنداقتا بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

ئىشىنىمەنكى ۋەتەن مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقان ۋە مىللەتنىڭ داۋاسىنى قىلىۋاتقان ھەر بىر ئىنسان قولىدىن كېلىشچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئوخشىمىغان تەشكىلاتلار ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا داۋا ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ھەر خىل قارشىلىق نامايىشلار ئۆتكۈزۈلىۋاتىدۇ. مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىتىدىغان ھەر خىل لېكسىيەلەر سۆزلىنىۋاتىدۇ. گۇۋاھلىق بېرىش ۋە ئىمزا توپلاشلار بولىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم كىشىلەر مەن توغرا سەن خاتا، مەن مۇستەقىلچى سەن ئاپتونومىيەچى، مەن قەھرىمان سەن خائىن دېگەندەكلەرنى تالىشىپ، ئۆز-ئارا ئىتتىپاقسىزلىق ۋە ئۆز-ئارا كۆڭۈل ئاغرىقى پەيدا قىلىۋاتىدۇ. بۇلار ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىزنىڭ روھىي ھالىتىگە ۋە پسىخىكىسىغا سەلبىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بىزنىڭ ھازىرقى داۋا، لاگېرنى مەركەز قىلغان ھالدا ۋەتەننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى خەلقئاراغا ئاڭلىتىش ئارقىلىق، خەلقئارانىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىگە بېسىم قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق لاگېرنى تاقاشقا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ جەھەتتە بەلگىلىك نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم قىلغىدەك دەرىجىدە ئەمەس. ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرى، ياۋروپا بىرلىكى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلات ئىنسان ھەق ھوقۇقى كومىتېتىدىكى 22 دۆلەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان قاتتىق سىياسىتىنى ئەيىبلەپ، خىتاي ھاكىمىيىتىدىن لاگېرنى تاقاشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ناھايىتى ئەپسۇس كۆپ ساندا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 37 دۆلەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان ھازىرقى سىياسىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۋاتىدۇ.




ئامېرىكىنىڭ 3 ـ قېتىملىق پرېزدېنتى توماس جەفرسىن (**Thomas Jefferson**) مۇنداق دېگەن ئىكەن: "ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەكچى بولسىڭىز، سورىماڭ. بىر ئىش قىلىڭ. سىزنىڭ قىلغان ئىش ھەرىكىتىڭىز سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى تەسۋىرلەيدۇ ۋە سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزگە ئېنىقلىما بېرىدۇ"

مېنىڭ قارىشىمچە لاگېر چوقۇم تاقىلىدۇ؛ بەلكىم خەلقئارانىڭ بېسىمى بىلەن تاقىلىشى مۇمكىن؛ بەلكىم خىتاي ھۆكۈمىتى لاگېر ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مەقسىتىگە يەتكەندە تاقىلىشى مۇمكىن؛ ئۇ پەقەتلا ۋاقىت مەسىلىسى. ئەگەر لاگېر تاقالسا، لاگېر ئىچىدىكى جىسمانىي ۋە روھىي ئىشكەنجە ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقىمىز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇپ، ئاز تولا نەپەس ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن؛ بۇ بىزگە نىسبەتەن ئەلۋەتتە خوشال بولىدىغان بىر ئىش؛ بىراق لاگېرلار تاقالسا، بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز يۈزلەنگەن پىسخىكىلىق ئۆرۈش ئاخىرلىشامۇ؟ لاگېر تاقالسا خەلقىمىز يۈزلەنگەن مەدەنىي قىرغىنچىلىق ئاخىرلىشامۇ؟ لاگېر تاقالسا خەلقىمىز يۈزلەنگەن مىللىي كىملىك ۋەيران بولۇش تەھدىتى ئاخىرلىشارمۇ؟ لاگېر تاقالسا بىز ئۆتكەن 70 يىلدىن بىرى قايتا قايتا يۈزلەنگەن ھەر خىل مەسىلىلەر ھەل بولامۇ؟ مەن بۇ جەھەتتە بۇرۇن يازغان بىر ماقالەمدىمۇ ئۆز كۆز قارىشىمنى ۋە ئەندىشەلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن ئىدىم. مېنىڭچە بۇ ھەممىمىزنىڭ ئەتراپلىق ئويلىشىپ بېقىشىغا ئەرزىيدىغان مۇھىم مەسىلە.

بىزنىڭ مەسلىمىز يالغۇز ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا شۇئار توۋلاش بىلەن ھەل بولىدىغان مەسىلە ئەمەس. بىزنىڭ مەسلىمىز يالغۇز باشقىلارنى ئىنكار قىلىش ۋە باشقىلارنى خائىن، جاسۇس دەپ ھاقارەتلەش بىلەن ھەل بولمايدۇ. بىزنىڭ مەسلىمىز يالغۇز خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى نامايىش قىلىش بىلەنلا ھەل بولمايدۇ. بىزنىڭ مەسلىمىز يالغۇز باشقىلارغا دەردىمىزنى ئاڭلىتىش ۋە باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاش بىلەن ھەل بولمايدۇ. بىزنىڭ مەسلىمىز يالغۇز باشقىلاردىن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغانغىلا ھەل بولمايدۇ. بىزگە نىسبەتەن خەلقئارانىڭ قوللىشى بەك مۇھىم، بىراق بىزگە نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئويغىنىشى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي يۈزلىك ھەرىكەتكە كېلىشى.

ۋەتەندىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىز دېرىكىنى ئالالمىغان ۋە مىللەتنىڭ يوقۇلاپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلغان ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى، مەسلىنى تېزدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ؛ نەتىجىدە خەلقىمىزنىڭ زېھنىنى ۋە داۋايىمىز قىسقا مۇددەتلىك ئىشلارغا مەركەزلىشىپ قىلىۋاتىدۇ. ھەممەيلەن كۆرۈۋاتقاندەك ئىشلار بىزنىڭ ئۈمىد قىلغىنىمىزدەك بولمايۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنداق كېتىۋەرسە، خەلقىمىز كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشىپ بولغىچە ئۈمىدىنى يوقىتىپ، روھىي جەھەتتە تېخىمۇ تېز تۈگۈشەپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا بىزدە چوقۇم قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بىر پىلان بولۇشى كېرەك، قىلىۋاتقان ئىشلاردا يىراقنى كۆزلىگەن ئىزچىللىق بولۇشى كېرەك. ئوخشىمىغان تەشكىلاتلار ئۆز-ئارا ئىنكار قىلىشنى توختىتىپ، كەڭ دائىردە بىرلىك سەپ تۈزۈپ، ئۆز-ئارا خىزمەت تەقسىماتى ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقىمىزگە قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان پىسخىكىلىق ئۇرۇشنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، خەلقىمىز ئىچىدە ۋەھىمە پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتۇۋال دېگەندەك، مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا چارەسىز قالغاندا، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلاردىن باشقا ئالاھىدە بىر ئىش قولىمىزدىن كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا خەلقىمىزگە مەۋجۇت مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىشنىڭ چارە تەدبىرلىرىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ ئورنىغا، كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان ۋە خەلقىمىز ئىچىدە ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان ئۇچۇر خەۋەرلەرنى كۆپ تارقىتىش، خەلقىمىز ئىچىدە تېخىمۇ ئېغىر روھىي زەخمە پەيدا قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن مەقسەت، يالغۇز باشقىلارنى ئۈنىڭدىن خەۋەردار قىلىپ قويۇش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، ئەڭ مۇھىمى، مەسلىنى ھەل قىلىشقا ئورتاق چارە تېپىش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. بىز ھەر جەھەتتە بىر بىرىمىزنى قوللىشىمىز، باشقىلارنىڭ ئۈينىغا كەلمەسلىكىمىز كېرەك.

2019 - يىلى 7- ئاينىڭ 13 - كۈنى

## تاسادىپىيلىقمۇ ياكى پىلانلىغان ئىشمۇ؟

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرى بولغاندەك، **2019** ـ يىلى **2** ـ ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئابدۇرېھىم ھېيتنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئارقىلىق تۈركىيەدە تارقالغان ۋەتەندىكى خەلقىمىزگە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى يالغان، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى يالغانچى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى. ئۇنىڭدىن كېيىن شۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، **7** ـ ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى تۈركىيەدىكى ئۆزىنى قوللايدىغان ئايدىنلىق گېزىتىنىڭ مۇخبىرىنى ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ، ئابدۇرەھىم ھېيت بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېغىزى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە قاراتقان سىياسەتلىرىنى ماختاتقۇزدى. بۇلار تاسادىپىيلىقمۇ ياكى پىلانلىغان ئىشمۇ؟

**2019** ـ يىلى **7** ـ ئاينىڭ **10** ـ كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلات ئىنسان ھەق ھۆقۇقى كومىتېتىغا ئەزا **22** دۆلەتنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرغا قاراتقان سىياسىتىنى ئەيىبلەپ ئىمزالىق خەت يېزىشىغا ئەگىشىپلا، **37** دۆلەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنى قوللاپ ئىمزالىق خەت يازغان بولۇپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئۇ خەتكە ئىمزا قويغان دۆلەتلەر **50** كە يەتكەن. بۇ **50** دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچە ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كىچىك دۆلەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىز بىلەن دىنىي قېرىنداش بولغان مۇسۇلمان دۆلەتلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۆزۈندىن بېرى ھەقسىزلىققا ئۇچراپ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلۈكسىز ھېسداشلىقىغا ئېرىشىپ كەلگەن پالەستىن ھۆكۈمىتى بىلەن قانداشلىق جەھەتتە بىزگە ئەڭ يېقىن بولغان ئۆزبەكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى قوللاپ، بۇ خەتكە ئىمزا قويىشى بولسا كېرەك. بۇ بىر تاسادىپىيلىقمۇ ياكى پىلانلىق بولۇۋاتقان ئىشمۇ؟ ئۇ دۆلەتلەر خىتاي ھۆكۈمىتىنى قوللايدىغان ئۇ خەتكە ئىمزا قويۇپ نىمىلەرگە ئېرىشمەكچى؟ ئەگەر ئۇلار ئۇ خەتكە ئىمزا قويمىسا، قانداق بولار؟ ئەلۋەتتە ئۇ **50** دۆلەت مەيلى ئىمزا قويسۇن ياكى قويمىسۇن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىق بىر ئىش بولۇشى ناتايىن.

بۇ ئىمزالىق خەت ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خەلقئارادىكى چوڭ ئاخبارات ئورۇنلىرى ئۇ توغرىسىدا كەينى كەينىدىن خەۋەر بېرىشتى ۋە بۇ ھەقتە ئوبزورلار ئېلان قىلىشتى. مۇھاجىرەتتىكى پائالىيەتچىلىرىمىز ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىمىزمۇ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ ئۇ دۆلەتلەرگە بولغان ئەپسۇسلىنىشىنى ۋە نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بەزىلەر ئۇ دۆلەتلەرنى خىتاينىڭ پۇلىغا سېتىلغان دەپ تەنقىد قىلىشقان بولسا، يەنە بەزىلەر ئۇلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى بىلەن ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلىشقا مەجبۇرىي بولغان دەپ قاراشتى. ئۇ دۆلەتلەر ھەقىقەتەن پۇلغا سېتىلغانمۇ ياكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلىشقا مەجبۇرىي بولغانمۇ؟ مېنىڭ قارىشىمچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پۇلىغا سېتىلغان ۋە ياكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى بىلەن ئۇ

خەتكە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرىي بولۇپ قالغان بولۇشى ناتايىن. بەلكىم بەزىلىرى خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئىنسانپەرۋەر بىر ھاكىمىيەت دەپ قارايدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار بىز كەيگەن ئاياقنى كىيىپ باقمىغان، بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ياشاپ باقمىغان. بىزمۇ گەرچە خىتاي ھاكىمىيىتىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنسەكمۇ، بىراق خىتاي ھۆكۈمىتىنى قوللىغان ئۇ دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ ھاياتىدا ياشاپ باقمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، مەسىلىنى پەقەت سىرتتىن كۆزىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسەن ئۇلار توغرىسىدا ھەر خىل ئېھتىماللىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشىمىز مۇمكىن. بىراق بىز ئۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى تولۇپ بىلىپ كېتەلىشىمىز ناتايىن.

ئىنسانلار ئادەتتە ئۆز ھېسسىياتى ۋە سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچە ئۆزى ھەقىقەت دەپ قارىغان ئىشلارنى باشقىلارمۇ ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ دېگەن قاراشقا ئادەتلەنگەن. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ھەقىقەتكە بولغان تونۇشى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ نېمىنى ھەقىقەت دەپ قارىشى ئىنسانلارنىڭ  تەربىيىلەنگەن ۋە ياشىغان مۇھىتى، قىممەت قارىشى ۋە ئۆز مەنپەئەتى بىلەن بولغان باغلىنىشى قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، ، مەن ۋەتەندە دوختۇر بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقاندا، يىلدا ئىككى ئۈچ قېتىم زۇكام بولۇپ قالاتتىم، ۋە نۇرغۇنلىغان تونۇش بىلىشلىرىم زۇكام بولۇپ قالسا مىنى ئىزدەپ كېلەتتى. ھەر قېتىم زۇكام بولۇپ قالغاندا ۋە ياكى تونۇش بىلىشلىرىم زۇكام بولۇپ قېلىپ مىنى ئىزدەپ كەلگەندە، مەن ئاسما ئوكۇل ئېسىش بىلەن بىرگە ئانتىبىئوتىك ئىشلىتەتتىم. بۇ گەرچە خاتا بولسىمۇ، مەن ئۇنى توغرا دەپ ئىشەنگەن ئىدىم؛ ئەمەلىيەتتە يالغۇز مەن ئەمەس مەن ياشىغان شۇ مۇھىتتا ياشىغانلار ئۇنى توغرا دەپ چۈشەنگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئىدى. مەن ئامېرىكىغا كېلىپ تۇنجى قېتىم زۇكام بولۇپ كېسەل كۆرۈنگىلى دوختۇرغا بارغىنىمدا، دوختۇر ماڭا "چوڭ مەسىلە يوق، ئۇسۇزلۇقنى كۆپ ئىچىپ، ياخشى ئارام ئالسىڭىز ساقىيىپ كېتىسىز" دەپ، ھېچقانداق دورا بەرمەي يولغا سېلىپ قويدى. مەن گەرچە دەسلەپتە بۇنى پەقەت قوبۇل قىلالمىغان بولسامۇ، بىراق بۇ جەھەتتە ئاز تولا ئىزدىنىش ئارقىلىق بىز بۇرۇن قوللانغان ئۇسۇلنىڭ ۋە بىزنىڭ ئۇ جەھەتتىكى قاراشلىرىمىزنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. ئەمەلىيەتتە ئەسلى ئىقتىسادىي كېرىمنى مەقسەت قىلغان بۇ خىل خاتا داۋالاش ئۇسۇلىنى، بىز بىر توغرا ھەقىقەتەن دەپ قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئىكەنمىز. كېيىن زۇكام بولۇپ قېلىپ ئوخشاش سەرگۈزەشكە يولۇققان بەزى دوستلار مەن بىلەن ئالاقە قىلىپ، ۋەتەندە زۇكام بولۇپ قالسا دوختۇرلارنىڭ تېز داۋالاپ ساقايتىۋېتىدىغانلىقىنى، چەتئەلدە بولسا ھېچقانداق دورا بەرمەي يولغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى دەپ شىكايەت قىلىشقان بولدى. مەن ئۇلارغا ئەسلى ۋەتەندە قوللانغان ئۇسۇلنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، ئادەتتىكى زۇكامنىڭ دورىسى يوق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئۆزلىكىدىن ساقىيىپ قالىدىغانلىقىنى، زۇكام دورىسى دەپ ئاتالغان دورىلارنىڭ پەقەت زۇكامنىڭ كېسەللىك ئالامەتلىرىنى يەڭگىللىتىپ، ئادەمنى راھەتلىتىدىغانلىقىنى، بىراق زۇكامنىڭ ساقىيىشىدا چوڭ رول ئوينىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم، بىراق ئۇلارمۇ دەسلەپتە ئۇنىڭغا تازا ئىشەنمىدى.

مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنى قوللىشى يالغۇز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلىشى، ئۇ دۆلەتلەرگە كۆپلەپ مەبلەغ سېلىشى ۋە ياكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاجىز نۇقتىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى مەجبۇر قىلىشى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك پىلانلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

بۇندىن 30 نەچچە يىل ئىلگىرى، مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، ختايدىكى نۇرغۇن داڭلىق ئالىي مەكتەپلەردە كۆپلىگەن چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار بار بولۇپ، ئۇلار ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەردە بايۋەتچىلەردە ياشايتتى. جەمئىيەتتە كىشىلەر بولۇپمۇ قىزلار ئۇلار بىلەن باردى كەلدى قىلىشنى بىر خىل پەخىرلىنىدىغان ئىش دەپ بىلەتتى. مەن ئوقۇۋاتقان ئالىي مەكتەپتىمۇ 100 دىن ئارتۇق چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار بار بولۇپ، ئۇلار گەرچە ئاساسەن ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كىچىك ۋە كەمبەغەل دۆلەتلەردىن كەلگەنلەر بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ھەر جەھەتتە يەرلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەم ھەۋەس قىلىش ھەم ھەسەت قىلىش ئوبىكتى ئىدى. يەرلىك ئوقۇغۇچىلار بىر ياتاقتا 8 ئادەم ياتسا، چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار 1، 2 ئادەم بىر ياتاقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ياتىقى يەرلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتىقىغا نىسبەتەن كەڭ، پاكىز بولۇپ قالماستىن، ھەر بىر ياتاقتا تېلېۋىزور بار ئىدى. مەكتەپ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار يەرلىك ئوقۇغۇچىلارغا ئايدا 15 سوم تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەرسە، چەتئەللىك ئوقوغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە 200 سوم تۇرمۇش پۇلى بىرەتتى. ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ ۋەتەندە ئىنسانلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 70، 80 سوم مۇھاش ئالىدىغان بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى مۇئاشمۇ 200 ـ 300 سومدىن ئېشىپ كەتمىسە كېرەك.

ئويلاپ باقسام 80 ـ يىللاردىكى شۇ چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار، 30 نەچچە يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئۆز دۆلەتلىرىدە بەلگىلىك ئورۇنلارغا ئېرىشىپ، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىتىگە تەسىر كۆرسەتكىدەك ھالغا كەپتۇ. كىم بىلىدۇ يۇقىرىقى دۆلەتلەردە ھازىر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بىر قىسىم كىشىلەر ئەينى ۋاقىتتا ختايدا تەربىيە كۆرگەن ۋە ياكى ختايدىن ياردەم ئالغانلارمۇ. ختايلاردا "1000 كۈن ھەربىي تەربىيلەپ، بىر كۈن ئىشلىتىش" دەيدىغان ئەقلىيە سۆز بار. ختاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ئەڭ قەيىنچىلىق مەزگىللىرىدىن باشلاپ، ئاسىيە، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كىچىك ۋە كەمبەغەل دۆلەتلەرگە ئۈزلۈكسىز ماددىي ياردەم بېرىپ كەلگەن. مانا ئەمدى ختاي ھۆكۈمىتى ھەر جەھەتتە ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈۋاتىدۇ.

1949 ـ يىلى ماۋ زېدوڭ قاتارلىق ختاي كوممۇنىست ئەمەلدارلىرى ئەمدىلا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، خەلقنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشقا ھالى يوق شۇ مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ 100 يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ، 2049 ـ يىلغا بارغاندا دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزىنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىكەن. ئەپسۇس غەرب دۆلەتلىرى ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇ غەرىزىنى 70 يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاندىن تونۇپ يېتىشكە باشلىدى. ئەپسۇس بىز گەرچە ئۆزىمىزنى ختاي ھۆكۈمىتىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئىنسانلار دەپ بىلسەكمۇ، بىراق بىز يەنىلا نۇرغۇن تەرەپلەردە مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئەمەس، يۈزەكى تەرەپلىرىنى، يىراقنى ئەمەس، بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنى كۆرىمىز. ئۇزۇن مەزگىلنى مەقسەت قىلغان ستراتىگىيەلىك پىلانىمىز كەم. كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتنىلا ھېسابلىشىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان قۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمەيمىز، ياكى ئۇنداق بىر ئادەت ۋە قابىلىيەت بىزدە كەم. ختايلاردا "بىر تال زىغىرنى ئېلىپ، تاۋۇزنى يوقاتماق" دەيدىغان بىر ئەقلىيە سۆز بولىدىغان. بىز ھازىر بىزگە ياردەم قىلمىغان ۋە بىزنى قوللىمىغان ئىنسانلارنى ۋە ياكى دۆلەتلەرنى ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ئامال قىلىپ ئۆزىمىز تەرەپكە تارتىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىپ، بىزگە دۈشمەن يەتمىگەندەك، ئۇلارنى دۈشمەن قاتارىغا قويىۋاتىمىز ۋە ياكى ئۇلارنى ھاقارەتلەش ئارقىلىق دۈشمەن تەرەپكە ئىتتىرىۋاتىمىز.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئامال قىلىپ بىزگە چىگىرداش ۋە بىزگە مىللىي ۋە دىنىي جەھەتتە قېرىنداش بولغان دۆلەتلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى بىزدىن يىراقلاشتۇرۇشقا تىرىشۋاتقانلىق كۆرسۈتۈپ كەلمەكتە. بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇ مەقسىتىنى بىلىپ تۇرۇپ، خۇددى بىز خىتاي ھۆكۈمىتىگە ماسلىشىۋاتقاندەك ۋە ياكى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈمىد قىلغان بويىچە ئىش كۆرگەندەك، ئەتراپىمىزدىكى بىزگە خوشنا دۆلەتلەرنى بىزگە ياردەم قىلمىدى ۋە ياكى بىز تەرەپتە تۇرمىدى دەپ ھاقارەتلىدۇق، ئۇلارنى نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلدۇق، ئۇلارنى ئۆزىمىزدىن يىراقلاشتۇردۇق، ھەتتا ئۇلارنى دۈشمەن ئورنىغا قويدۇق. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ دۆلەتلەر نېمە قىلسا قىلسۇن، ئۇلاردىن بەك ئاغرىنىپ كەتمەيدىغان ھالغا كەلدۇق. ئەمدىلىكتە بولسا، بىزنىڭ ئەڭ يېقىن قان قېرىندىشىمىز بولغان ئۆزبەكىستان ھۆكۈمىتى، گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقىمىزنى باستۇرۇش سىياسىتىنى قوللاپ ئىمزا قويغان بولسىمۇ، ئۇ گەرچە بەك ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش بولغان بولسىمۇ، بىراق بىز ئالاھىدە ئەجەپلەنمىدۇق ھەم شۇنداقلا ئۆزبەكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇ قىلمىشىنى تەنقىدلىگىدەك ۋاقتىمىزمۇ بولمىدى.

ئەمەلىيەتتە بىزگە نىسبەتەن ئۇ خوشنا دۆلەتلەر بىلەن قويۇق ئالاقە ئورنۇتۇش ۋە ياكى ئۇلارغا دوستانە مۇھامىلىدە بولۇش بەكلا مۇھىم ئىدى. چۈنكى بىز مەيلى ھازىر بولسۇن ۋە ياكى كەلگۈسىدە مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن بولسۇن، بىزگە تەۋە بولغان ئۇ زېمىننى، بىز ياخشى كۆرگەن ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ياكى باشقا بىر دۆلەتنىڭ يېنىغا يۆتكەپ ئەكىتەلمەيمىز. بىز مەيلى بىزنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىش جەريانىمىزدا بولسۇن ۋە ياكى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن بولسۇن، بىز ئۇ خوشنا دۆلەتلەر ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قوللىشىغا موھتاجمىز؛  بىز ئۇلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورنۇتۇپ، ئىناق خوشنىلاردىن بولۇپ، تىنچ ياشاشقا مەجبۇرىيمىز. بىزدە "يىراقتىكى تۇققىنىڭدىن يېقىندىكى خوشناڭ ياخشى" دەيدىغان ئەقلىيە سۆز بولۇپ، ئىشىنىمەنكى ئۆزىنى خىتاي دۆلىتى بىلەن چىگىرداش دەپ قارىغان ئۇ دۆلەتلەرمۇ، دەل شۇ سەۋەبتىن خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈشكە  مەجبۇرىي بولغان بولۇشى مۇمكىن.

خىتاي ھۆكۈمىتى بىز بىلەن تۈركىيە ئارىسىدىكى باغنى ئۈزۈل كېسىل ئۈزۈپ تاشلاپ، بىزنى يالغۇز قالدۇرۇش ئۈچۈن، يېقىندا "ئاق تاشلىق كىتاب" نى ئېلان قىلىپ، "شىنجىئاڭ ئەزەلدىن شەرقىي تۈتكىستان ئەمەس، ئۇيغۇرلار تۈرك ئەمەس، ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەرنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق" دېگەن سەپسەتىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي زىننەتگۈل تۇرسۇننىڭ تاجىك ۋەتەندىشى دەپ قارىلىپ، ئەۋۋەل تاجىكىستانغا، ئۇنىڭدىن كېيىن تاجىكىستان ئارقىلىق خىتايغا قايتۇرۇلغانلىق خەۋىرىنىڭ ئوتتۇراغا چىقىشى بىلەن  "تۈركىيە ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ساتىدۇ" دېگەن ۋەھىمە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالدى. ئۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولغان ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر مۇھاجىرلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىدىن ئەندىشە قىلغان بەزى ئىنسانلىرىمىز تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىبلىسە، يەنە بەزى ئىنسانلىرىمىز تەشكىلات ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى. بەزىلەر ھەتتە "تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى ساتىدۇ" دېگەننى چۆرىدەپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ئەيىبلەشتى. ئارقىدىنلا خىتاي ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆمەك تەشكىللەپ بىزنىڭ ۋەتەنگە بېرىپ، خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە يول قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتالمىش قايتا تەربىيىلەش ئورۇنلىرىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىنسانىنى قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كەينى كەينىدىن

ئوتتۇرىغا چىقىشى ئەجەبا شۇنداق بىر تاسادىپىيلىقمۇ ياكى ئۇلارنىڭ كەينىگە مەلۇم سۈيقەست ۋە ئويۇنلار يوشۇرۇلغانمۇ؟

مەن زىنىنەتگۈل تۇرسۇن ۋەقەسىنىڭ ئالدى كەينىدىن تولۇق خەۋىرىم بولمىغاچقا، ئۇ توغرىسىدا كۆپ توختالمايمەن. مەن پەقەتلا "تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى ساتامدۇ ياكى ساتمامدۇ" دېگەن تالاش ـ تارتىشلار ۋە يېقىندىن بىر ئورتىغا چىققان بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئۆز كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ بولۇپمۇ ئۆز ـ ئارا جىنايەتچى ئۆتكۈزۈش كېلىشىمگە ئىمزا قويغان دۆلەتنىڭ ئىككىنچى بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى دەپ قارالغان كىشىنى، ئەگەر شۇ ئىككىنچى دۆلەت تەلەپ قىلسا، ئۇنى ئۇ دۆلەتكە ئۆتكۈزەپ بېرىش بەرمەسلىكى، ھەرگىزمۇ بىزنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇيىمىزغا باغلىق ئىش بولماستىن، بەلكى شۇ دۆلەتنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگە باغلىق بىر ئىش. ھەرقانداق بىر دۆلەت، دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن، يالغۇز بىزگە ئوخشاش باشقا دۆلەتنىڭ گىرەجدانىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ پۇقراسىنىمۇ قۇربان قىلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە مەن بۇ يەردە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىشىنى ھەقلىق ياكى توغرا قارار دېمەكچى ئەمەسمەن. ھەم شۇنداقلا بىز تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنى تەنقىد قىلماسلىقىمىز كېرەك دېمەكچىمۇ ئەمەسمەن. مەن پەقەت بىز چوقۇم پالانى دۆلەت ئۇيغۇرنى ساتىدۇ، پۇستانى دۆلەت ئۇيغۇرنى ساتمايدۇ دەيدىغان قاراشنى كاللىمىزدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆز ئىشىمىزغا پۇختا بولۇشىمىز، قانداق قىلىپ ئۆزىمىزنى قوغداشنى بىلىشىمىز ۋە سەزگۈرلىكىمىزنى ئاشۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئويىنىغا كەلمەسلىكىمىز كېرەك دېمەكچىمەن. دۆلەتلەرنىڭ ئىنسانى ئەخلاق ۋە ئىنسان ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى چىقىش قىلىپ تۈزگەن بۇ خىلدىكى قانۇن پىرىنسىپلىرى، شۇ دۆلەتنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرىدە ئوخشاش بولمايدۇ. ھېچقانداق بىر دۆلەتتە، ئۇ خىلدىكى پىرىنسىپلارغا نىسبەتەن مەڭگۈ ئۆزگەرمەس بىر كاپالەت يوق. مەسىلەن،، ئۆلۈم جازاسى بار دۆلەتكە جىنايەتچى قايتۇرۇپ بەرمەيمىز دېگەن كانادامۇ، خىتاي پۇقراسى لەي چاڭشىڭنى (<u>赖昌星</u>) خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەن.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتى ھەر خىل چارە تەدبىر ۋە ھىيلە مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەر ئارىسىغا زىددىيەت سېلىپ، ئۇلارنى بىر بىرىگە ئىشەنمەس قىلىش؛ ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەر ئارىسىدىكى باغنى بۇزۇپ تاشلاپ ئۇيغۇرلارنى يالغۇز قالدۇرۇشتىن ئىبارەت. تۈرك خەلقى بىزگە ئىچىدىن كۆيىنىدىغان خەلق، ئۇلارنىڭ كۆپىنچەسى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى ئوبدان بىلىدۇ ۋە بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە زور دەرىجىدە ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بىلەن تۈرك خەلقىنىڭ ئارىسىدىكى مۇنائىۋەت ئۇنداق ئاسان بۇزۇلىشى ناتايىن، بىراق تۈركىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى مەسىلەرنى بىزدىن پەرقلىق ئويلايدىغان بولغاچقا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بىزگە قاراتقان بەزى سىياسەتلىرىنىڭ بىزگە ياقماسلىقى، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مەسىلىمىزنى بىر تەرەپ قىلىشتا قوللانغان بەزى ئۇسۇللىرى بىزنىڭ ئۈمىد ۋە ئارزۇيىمىزغا تازا ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن؛ بىراق بىز شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى مەيلى تۈرك خەلقى بولسۇن ۋە ياكى تۈركىيە ھۆكۈمىتى بولسۇن، بىز ئۈچۈن مۇھىم؛ بىزمۇ تۈرك خەلقى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈن مۇھىم. مەيلى بىز خالايلى ياكى خالمايلى، بىز ئۆزىمىزنى تۈرك خەلقى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن يىراق تۇتالمايمىز.

ھازىر ئالدىمىزدا ئىككى خىل تاللاش بار بولۇپ، ئالدىمىزدىكى بىرىنچى تاللاش بىز بولۇپمۇ تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلار تۈركىيەنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنى كۆرۈپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۆتكىزىۋاتقان خاتالىقنى ئائىلە ئىچىدىكى خاتالىق ئورنىغا قويۇپ، تۈركىيەگە بولغان ۋەتەنداشلىق بۇرچىنى ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە ئۇ ئۆتكۈزگەن خاتالىققا نىسبەتەن سەممىيي تەنقىد بېرىش؛ ئۆزلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قانۇن بويىچە قوغداش؛ بولۇپمۇ كەڭ تۈرك خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئۇلار ئارقىلىق تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە بېسىم چۈشۈرۈش. ئالدىمىزدىكى ئىككىنچى تاللاش، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ ۋە ياكى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى دۈشمەن قاتارىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇنى سىسىتىش. مېنىڭ قارىشىمچە بىزنىڭ ئۇنداق قىلىشىمىز ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىستىكىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇنىڭ بىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق.

ئاخىرىدا مەن تۈركىيەنىڭ كۈچلىنىشىنى، مەيلى ھازىرقى ۋە ياكى كەلگۈسى تۈركىيە ھۆكىمىتىنىڭ ختاي پىلانلاپ قويغان ئويۇنغا كەلمەي، ئۆزلىرى تۈركىيە خەلقى ۋە تۈركىيە دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پىلانلارنى تۈزىشىنى، ختاي ھۆكۈمىتىگە بېقىندا بولۇپ قالماسلىقنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

**2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31- كۈن**

# قوينى قاسساپ سويسۇن

بىزدە «قوينى قاسساپ سويسۇن» دەيدىغان بىر ئەقلىيە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ھەر ئىشنى شۇ ئىشنىڭ كەسىپ ئەھلىلىرى، مۇتەخەسسىسلىرى قىلسۇن» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان بۇ ئەقلىيە سۆز گەرچە ناھايىتى توغرا سۆز بولسىمۇ، بىراق بىزنىڭ ئەمەلىي ھاياتىمىزدا بەزى كىشىلەر، بۇ سۆزنى باشقىلارنىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى بوغۇش، مەلۇم كەسىپنى مونوپول قىلىپ، ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قالايمىقان ئىشلىتىدىغان ۋە ياكى ئۇ سۆزنى سۇيىي ئىستېمال قىلىدىغان ئەھۋاللار ئىزچىل يۈز بېرىپ كەلمەكتە.

ئەمەلىيەتتە يالغۇز قوينى ئەمەس، ھەرقانداق ھايۋاننى قاسساپ سوياش كېرەك. شۇ سەۋەبتىن بىز ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە قاسساپلارنىڭمۇ قاسساپلىق پىراۋىسى بار. مېنىڭچە بۇ تالاش ـ تارتىش قىلىدىغان مۇھىم مەسىلە ئەمەس، بۇ يەردە مۇھىم بولغىنى، ئۇ "قاسساپ" نىڭ "قاسساپ" لىقىنىڭ قانداق بېكىتىلىشى ۋە كىملەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىش مەسىلىسىدۇر. يەنى بىر ئادەمنىڭ "قاسساپ" بولۇشى ئۇنىڭ پېشانىسىغا پۈكۈلگەنمۇ؟ ئۇ بىر ئادەم ئوقىغان كەسىپمۇ؟ ئۇ بىر دىپلومامۇ ياكى شۇغۇللانغان كەسىپمۇ؟ "قاسساپلىق"، بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئۆزگەرمەس نەرسىمۇ؟ بىر ئادەم ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن مەلۇم بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇ ئادەم چوقۇم شۇ كەسىپنىڭ "قاسساپ" پى ھېسابلىنامدۇ؟ بىر ئادەم ئۆزى شۇغۇللانغان كەسىپنىڭ سىرتىدا باشقا بىر كەسىپنىڭ "قاسساپ" پى بولالامدۇ؟ مېنىڭ قارىشىمچە قاسساپلىق ھەرگىزمۇ تۇغما ۋە ياكى بىر ئادەمنىڭ پېشانىسىغا پۈكۈلگەن نەرسە ئەمەس. ھەر قانداق ئادەم ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق مەلۇم كەسىپنىڭ، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەن ساھەسىنىڭ «قاسساپ»پى بولالايدۇ.




**ئامېرىكىنىڭ 19 ـ قېتىملىق پىرېزىدېنتى رۇسىرفورد خەيىس مۇنداق دېگەن ئىكەن: "ھەر بىر مۇتەخەسسىس بىر چاغلاردا يېڭى ئۆگەنگۈچى شاگىرت ئىدى".**

بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيا، ئاتا مىراس كەسىپلەر ئۈزلۈكسىز يوقاپ كېتىشكە يۈزلىنىۋاتقان بىر دۇنيا بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ "ئوغرىنىڭ بالىسى ئوغرى، ئادۇۋكاتنىڭ بالىسى ئادۇۋكات" بولىدىغان دۇنيا ئەمەس. نۇرغۇنلىغان تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلەردە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش جەريانى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر ئىنساننىڭ كەلگۈسى بىر ئۆمۈرلۈك كەسىپىنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر ۋاستە ئەمەس. ئامېرىكىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت تېپىش ئەھۋالى ۋە شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەقەت 27% تى ئوقۇغان كەسىپى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن؛ 30% تىدىن ئارتۇقى ئوقۇغان كەسىپ بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى بولمىغان باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. كۆپلىگەن كىشىلەر، يىشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزىگە بولغان تونۇشى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئۆزىنىڭ قىزىقىشىنى ۋە قابىلىيىتىنى قايتىدىن تونۇپ يېتىپ، بىر ۋە ياكى بىر نەچچە قېتىم كەسىپ ئالماشتۇرىدىكەن ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزى قىززىقىقان بىر ياكى بىر نەچچە كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىكەن.

ھەممىمىز بىلگەندەك ھازىرقى ئامېرىكا پرېزدېنتى دونالد ترامپ، ئالىي مەكتەپتە ئىختىساد كەسىپىدە ئوقۇغان بولۇپ، ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دادىسىغا ئەگىشىپ ئۆي مۈلۈك تىجارەتى بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن بىر مەزگىل تىلۋىزور رىياسەتچىسى بولغان. 70 ياشقا كىرگەندە ئامېرىكا پرېزدېنتلىك سايلىمىغا قاتنىشىپ، سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئەلۋەتتە مەن بۇ يەردە دونالد ترامپنى سىياسەتنىڭ "قاسساپ" پى دېمەكچى ئەمەسمەن. ھازىر ھەممىمىز كۆرۈۋاتقاندەك، ھەر خىل كىشلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۆز قارىشى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلەر ئۇنىڭ سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىغانلىقى ۋە ياكى سىياسەتتىن پەقەت خەۋىرى يوقلۇقى سەۋەبىدىن ئەسلىدە بار بولغان خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى تەڭپۇڭلۇقنى قالايمىقان قىلىۋەتتى دېيىشسە، يەنە بەزىلەر دەل شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۇنيا ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىۋاتىدۇ دېيىشمەكتە. مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئەنئەنىۋي سىياسەتتىن پەرقلىق بولغان باشقىچە بىر ئۇسۇل قوللىنىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ۋە نەتىجىسى قانداق بولىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە كۆرىمىز.



جون گلەن (John Glenn) 1962 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئاي ئوربىتاسىغا بارغان ئامېرىكانىڭ ئالەم ئۇچقۇچىسى بولۇپ، ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتا خىمىيە كەسپىدە ئوقۇغان، 53 ياشقا كىرگەندە سىياسىي ھاياتىنى باشلىغان بولۇپ، ئوخايو (Ohio) شتاتىنىڭ كېڭەش پالاتاسىيە مىللەت ۋەكىلى بولغان ۋە ئۇ خىزمەتنى 24 يىل داۋاملاشتۇرغان. 1998 ـ يىلى ئۇ كونا كەسپىنى قايتىدىن قولغا ئېلىپ، «بايقاش» ناملىق ئالەم بوشلۇقى كېمىسىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن.

جۇلىيا چايلد (Julia Child) ئالىي مەكتەپتە تارىخ كەسپىدە ئوقۇغان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خەت باسقۇچى، ئاخباراتچىلىق قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، 50 ياشقا كىرگەندە تۇنجى ئاشپەزلىك كىتاۋىنى نەشر قىلغان ۋە 1961 ـ يىلى داڭلىق ئاشپەزلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

بىزگە مەلۇمكى "قوينى قاسساپ سويسۇن" دېگەن بۇ ئەقلىيە سۆزىدىكى "قاسساپ" نىڭ ئەسلى مەنىسى مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغاللانغۇچى، ياكى مەلۇم كەسىپنىڭ ئۇستىسى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئاساسلىقى بىر ئادەمنىڭ ئۆزۈندىن بېرى شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان كەسپى كۆزدە تۇتۇلغان. ئەگەر بىز بۇ "قاسساپ" سۆزىنى نوقۇل ھالدا يەنىلا بىر ئادەمنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپى بىلەن باغلىۋالساق، بىزنىڭ بۇ ئەقلىيە سۆزگە بولغان چۈشەنچىمىز بىتەرەپلىملىك بولۇپ قالغان بولىدۇ. تاماقنى ئاشپەز ئېتىدۇ، بىراق تاماق ئېتەلىگەن ئادەمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاشپەز بولۇشى ناتايىن؛ ھەم شۇنداقلا تاماقنىڭ تەملىك ياكى تەملىك ئەمەسلىكىگە باھا بەرگۈچىلەرنىڭ ئۇستا ئاشپەز بولۇشىمۇ ناتايىن. كېسەلنى ئەلۋەتتە دوختۇر داۋالايدۇ، بىراق دوختۇرنىڭ قانداق دوختۇر ئىكەنلىكىگە بىمارلارمۇ باھا بېرەلەيدۇ. گەرچە دوختۇرغا باھا بېرىشتە ھەر خىل ئۆلچەملەر بولسىمۇ، بىراق دوختۇرغا باھا بەرگۈچى چوقۇم دوختۇر بولۇش ھاجەتسىز.

ھەر بىر كەسىپنىڭ قىلىپلىشىپ كەتكەن بەزى ئادەتلىرى بولۇپ، بىر ئادەم ئۇزۇن مۇددەت بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئۇ ئادەم يالغۇز ئۇ كەسىپنىڭ ئۇستىسى بولۇپ قالماستىن بەلكى شۇ قىلىپلىشىپ كەتكەن ئادەتلەر تۈپەيلىدىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئوخشىمىغان يېڭى ئىدىيەلىرى چەكلىمىگە ئۇچرىشى، يېڭىلىق يارىتىش ئىدىيەسى بەلگۈلىك توسالغۇغا ئۇچرىشى، ھەتتە ئوخشاش خاتالىقلارنى قايتا قايتا سادىر قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پەقەتلا ئۇ كەسىپتىكى قىلىپلىشىپ كەتكەن ئادەتلەرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان، ئۇ كەسىپنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر ۋە ياكى بۇ كەسىپكە يېڭى كىرگەن كىشىلەر، ئۇ چەكلىمىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالىشى مۇمكىن. "پادىشاھنىڭ يېڭى كىيىمى" دېگەن ھېكايىنى بەلكىم كۆپىنچىمىز ئوقۇغان. پادىشاھنىڭ ئۇستىدە كىيىم يوقلۇقىنى بايقىغۇچى، دەل شۇ "قىلىپ" نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان كىچىك بالا. بىزدە "كۆزگە ئىلمىغان پۇتاق، ئىشتانغا ئىلمىشىپتۇ" دەيدىغان ئەقلىيە سۆز بار. دېمەك بەزىدە مەۋجۇت مەسىلىنى بايقاش ئۈچۈن، چوقۇم "قاسساپ" بولۇش ھاجەتسىز؛ ئۇنىڭغا بەزىدە ئەقىل ۋە ئىدىرەك يېتەرلىك.

ھازىرقى زامان ئىلمىگە ئاساسلانغاندا، «قاسساپ» دېمەك يالغۇز مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېمەك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ شۇ كەسىپنىڭ مۇتەخەسسىسى (Specialist, Expert) دېمەك بولۇپ، ئۇ مەلۇم كەسىپ، مەلۇم تېما، مەلۇم مەسىلە ئۈستىدە ئۇزۇن مۇددەت ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگەن، تەتقىقات ئېلىپ بارغان

ئادەملەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. مۇتەخەسسىسلەر گەرچە مەلۇم كەسىپ ۋە ياكى مەلۇم مەسىلە ئۈستىدە چۈشەنچە بېرىش، يەكۈن چىقىرىش ئىمتىيازىغا ئىگە ئالاھىدە بىلىملىك كىشىلەر بولسىمۇ، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان چۈشەنچە، ئۇلار چىقارغان يەكۈن نورمالدا قانۇنى كۈچكە ئىگە دەپ قارالغان ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىنسانلار تەرىپىدىن ئورتاق قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ، ئۇلار چىقارغان يەكۈنلەرنىڭ ھەرزامان مۇتلەق توغرا بولۇشى ناتايىن. ھەم شۇنداقلا مەلۇم شەخسنىڭ مەلۇم ساھەدە مۇتەخەسسىس بولۇپ نوپۇزلۇق بولۇشى بىلەن، باشقىلارنىڭ ئۇ كەسىپ ياكى ئۇ ساھەدىكى مەلۇم مەسىلە ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى يوق دېگەنلىك بولمايدۇ. زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ تونۇشى ۋە كۆز قاراشلىرى ئۆزگىرەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپىدىن باشقا قىزىقىشلىرى، ئىزدىنىشلىرى ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسانلار ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇرۇن بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىدۇ؛ شۇنداقلا ئىنسانلار بۇرۇن توغرا دەپ بىلگەن نەرسىلەر زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كېيىن خاتا بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. يەنى ئىنسانلارنىڭ بىلگىنى ۋە بىلىمى ھەرگىزمۇ چەكسىز، مۇتلەق ۋە ئۆزگەرمەس نەرسە ئەمەس.

ئاخىردا تەكىتلەپ ئۆتىدىغىنىم، قويىنى قاسساپ سويسۇن، قاسساپلارنىڭ يېتىلىپ چىقىشى چەكلىمىگە ئۇچرىمىسۇن. كونا قاسساپلارنىڭ ئورنىنى يېڭى يېتىشىپ چىققان قاسساپلار تولۇقلىسۇن. قاسساپلارغا يالغۇز قاسساپلار ئەمەس، بەلكى قاسساپ بولمىغانلارمۇ باھا بەرسۇن. ھەم شۇنداقلا «قاسساپ» لار باشقىلارنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، سورۇننى مونوپول قىلىۋالمىسۇن؛ «قاسساپ» بولمىغانلار ئۆزلىرىنى «قاسساپ» چاغلاپ، قويىنى ھارام قىلمىسۇن، ھەممە ئىشقا چېتىشىۋېلىپ سورۇننى قالايمىقان قىلماي، ئىزدەنسۇن، بىلمىگەننى بىلگەنلەردىن ئۆگەنسۇن.

**2019 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، نيۇيورك**

# ئوقۇتقۇچۇمنى ئەسلەپ

بۈگۈن 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پۈتۈن ختايدا جۇملىدىن بىزنىڭ ۋەتەنده ئوقۇتقۇچىلار بايرىمى بولۇپ، مەن بۈگۈن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مېنىڭ هاياتىمغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىشتىن بىرنى سىلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچى.

مېنىڭ كېيىنكى هاياتىمغا ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئادەم مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىنىپ مۇدىرىم ۋە پەلسەپە (سىياسەت) ئوقۇتقۇچۇم بولۇپ، مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، داۋاملىق ئوقۇشتىن ۋاز كەچكەن ۋاقتىمدا، ئۇ ئوقۇتقۇچۇم ماڭا ۋە بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە خىزمەت ئىشلەپ، مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدا داۋاملىق ئوقۇشۇمغا ۋە هازىرقى هاياتىمدا ياشاشقا سەۋەب بولغان ئىدى.

مەن 1978 ـ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇۋاتقاندا، ئۇ ئوقۇتقۇچى بىزنىڭ سىنىپقا هەپتىده ئىككى قېتىم پەلسەپە يەنى ماركسىزم نەزەرىيەسى دەرسى ئۆتكەن ئىدى ۋە مېنى پەقەت يىراقتىن بىلەتتى. 1981 ـ يىلى مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا تېخنىكومغا ئىمتىهان بەرگەن ۋە ئىمتىهاندا گەرچە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەن بولساممۇ، بىراق مېنىڭ ئورنۇمغا باشقا بىرسىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەنلىك سەۋەبتىن ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇشتىن مەهرۇم قالغان ئىدىم. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر شۇ ئادالەتسىزلىك تۈپەيلىدىن، قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، مېنى ئوقۇماسلىققا دەۋەت قىلغان ئىدى. 1981ـ يىلى 11ـ ئايلاردا، يەنى مەكتەپتە ئوقۇش باشلاپ ئىككى ئايدىن كېيىن، ئۇ ئوقۇتقۇچۇم ئۆيگە ئادەم ئەۋەتىپ، ماڭا ۋە بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە خىزمەت ئىشلەپ، مېنى داۋاملىق ئوقۇشقا كۆندۈرگەن ۋە ئۆزى سىنىپ مۇدىرى بولغان بىزنىڭ ناهىيە بويىچە بىردىنبىر نۇقتىلىق سىنىپقا ئىمتىهانسىز قوبۇل قىلغان ئىدى.

ناهايىتى ئەپسۇس، ئۇ چاغلاردا «دىن ئادەم زەهەرلەيدىغان ئەپيۇن» دەپ تەشۋىق قىلىنىدىغان يىللار بولۇپ، ئۇ ئوقۇتقۇچۇممۇ دىنغا قارشى ۋە دىننى ئىنكار قىلىدىغان، ئەمما ئاق كۆڭۈل، مەرت ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان، مەرىپەتۋەر ئوقۇتقۇچى ئىدى. مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا، ئۇ ئوقۇتقۇچۇم ماڭا ناهايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، نۇرغۇنلىغان ياخشى ئۆگىنىش شارائىتلىرىنى يارىتىپ بەرگەن ئىدى. مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنده، مەن ئۇ ئوقۇتقۇچۇمنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەرده قويماي، يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن ئىدىم.

مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، ئۇ ئوقۇتقۇچۇم تىل راكىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، ئۈرۈمچىده ئوپېراتسىيە قىلىپ تىلىنى كېسىۋەتكەن ئىدى. مەن تەتىلده ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرخانىغا يوقلاپ بارغىنىمدا، ئۇ ئوقۇتقۇچۇم يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پۇشايمانلىرىنى يېزىق ئارقىلىق ماڭا ئىزهار قىلغان ئىدى. كېيىن ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتمەيلا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

ئەسلى تىل راكى، باشقا ھەرقانداق بىر راك كېسلى ۋە ياكى باشقا كېسەللىكلەرگە ئوخشاش ھەرقانداق ئىنسان گىرىپتار بولۇش ئېھتىمالى بولغان بىر خىل كېسەللىك بولسىمۇ، ھەم ئۇنىڭ دىنني ئىنكار قىلىش بىلەن ھېچقانداق سەۋەب نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، بىراق ئىنسانلارنىڭ ئۆزى تىگىگە يېتەلمىگەن ھادىسلەر ئالدىدىكى ئاجىزلىقى تۇپەيلىدىن، داۋاملىق دىنني ئىنكار قىلىدىغان ئۇ رەھمەتلىك ئوقۇتقۇچۇمنىڭ تىلىدا ئۇ كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشغا قاراپ، نۇرغۇن ئادەملەر چۆچۈشكەن ۋە تۆۋە قىلىشقان ئىدى. ئەپسۇس ئۇلار، ئەگەر ئىنسانلار دىنني ئىنكار قىلغىنى ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا ئاللاھ تەرىپىدىن جازالىنىدىغان ئىش بولسا، بۇ دۇنيادا زۇلۇم كۆرۈۋاتقان ۋە كۈلپەت چېكىۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ مۇسۇلمانلار بولماستىن، بەلكى دىنسىزلار بولىدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى.

86 ـ يىلى ياكى 87 ـ يىلى بولسا كېرەك، مەن تۇققان يوقلاش ئۈچۈن يۇرتقا بارسام، ئۇ رەھمەتلىك ئوقۇتقۇچۇم بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى، ئۇ ئوقۇتقۇچۇمدىن چەت چېگرىسىنى پۈتۈنلەي ئايرىپ، بىراقلا 180 گىرادۇد ئۆزگۈرۈپ، ھېچ بىر جۈمەدىن قالمايدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ كەتكەن ئىكەن. يەنە ناھايتى ئەپسۇس، ئۇ ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ئۆيىدىكىلەر، ئوقۇتقۇچۇم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن پۈتۈن دوست بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىپ، يالغۇزلا قالغان ئىكەن. بىر قېتىم مەن ئۆز ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلاپ بارسام، رەھمەتلىك ئوقۇتقۇچۇمنىڭ ئايالى يىغلاپ تۇرۇپ، كونا دوستلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ، ئۆز بېشىغا كەلگەن دەرت ئەلەملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. بۇلاردىن خەلقىمىزدىكى نادانلىقنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش ئۇنچە قىيىن بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئۇ "كونا دوستلار"،ئۇ ئوقۇتقۇچۇم دىنغا قارشى تۇرغاندا، دىنني ئىنكار قىلغاندا ئەمەس، بەلكى تىل راكىغا گىرىپتار بولۇپ، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭمۇ تىل راكىغا گىرىپتار بولۇپ، تىلى كېسىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇ ئوقۇتقۇچۇم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن يىراقلاشقان ئىدى.

مەن ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزۇن بىر زامان، ئۇ ئوقۇتقۇچۇمنى ھۆرمەتلەشنى ياكى ئۇنىڭ دىنني ئىنكار قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇنى ئەيىبلەشنى بىلەلمەي قالغان ئىدىم. كېيىن ئويلاپ باقسام، كومىنست ختاي ھاكىمىيتىنىڭ ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزگەن دىنني چەكلەش، دىنني بۇرمىلاش ۋە ياكى دىنني ئىنكار قىلىش سىياسەتلىرى تۇپەيلىدىن، خەلقىمىز دىنني بىلملەرنى ئۆگىنىش پۇرسەتلىرىدىن، بولۇپمۇ ئۇنى توغرا ئۆگىنىش پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان ۋە نادان قالدۇرۇلغان ئىكەن. ئۇ ئوقۇتقۇچۇمغا ئوخشاش مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە تەلىم ئالغان بىر قىسىم زىيالىيلار، شۇ دەۋرىدىكى ۋەزىيەت تۇپەيلىدىن دىنسىز بولۇپ يېتىشكەن بولسا، يەنە كۆپ قىسىم ئاۋام خەلق دىنني توغرا ئۆگىنەلمەي، ھەممە ئىشنى دىنغا باغلايدىغان، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى تەقدىردىن كۆرۈپ، كۆرگەن كۈنىگە قانائەت قىلىدىغان ۋە ياكى تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىكەن. مەن ئاللاھتىن ئۇ ئوقۇتقۇچۇمنىڭ شۇ رەزىل تۈزۈلمە سەۋەبىدىن بىلىپ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى كۆچۈرۈۋېتىشنى تىلەش بىلەن بىرگە شۇ نادان قالغان خەلقىمگە ئەقىل ـ پاراسەت ئاتا قىلىشنى تىلەيمەن.

ئەمدىلىكتە قارايدىغان بولساق، ۋەتەندە ئۇ ئوقۇتكۇچۇم ئوقۇغان ۋە ياشىغان مەدىنيەت زور ئىنقىلاۋى دەۋرىدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك دىنني چەكلەش، دىنني بۇرملاش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق

ئېلىپ بېرىش سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى، بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنى ئۆز دىنىي ئېتىقادى ۋە مىللىي كىملىكىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرىي قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنى دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە تېرورلۇققا باغلاپ يوق قىلماقتا. بىر قىسىم ئىنسانلىرىمىز بولسا، دىنىمىزدا ئوتتۇرىغا قويىغان تەلىماتلارنى توغرا ئۆگىنىش ۋە ئۇنى توغرا ئىجرا قىلىشنىڭ ئورنىغا، دىنىي تەلىماتلارنى خاتا ئىستېمال قىلىپ، تۈيۈق يولغا كىرىپ قالماقتا. ئاللاھ ھەممەيلەننىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، دىنىي ئىنكار قىلغانلارنىڭ "تىل راكى" غا گىرىپتار بولۇپ، تىلى كېسىلىپ كېتىشتىن ساقلاش بىلەن بىرگە، ئەڭ مۇھىمى دىننى سۈيىئىستېمال قىلىپ، تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان شۇ نادان خەلقىمىزنى توغرا يولغا باشلار.

2019 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

# بىزدىكى زىددىيەتلىك كۆز قاراشلار

بىز كۆڭلىمىزدە ختاي ھاكىمىيىتىنى ئاجىز كۆرسۈتۈپ، خەلقىمىزنى ئۈمىدلەندۈرۈپ، ختاي ھاكىمىيتى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشنى ئويلىغان بولساقمۇ، بىراق ئەمەلىيىتىمىزدە ختاي ھۆكۈمىتىنى ھەر جەھەتتىن كۈچلۈك كۆرستىپ، ئارىمىزدا ۋەھىمە پەيدا قىلىۋاتىمىز.

بىز رېئاللىقنى توغرا بىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارىتا چارە تەدبىرلەرنى ئېلىشىمىز كېرەك. بىراق رېئاللىقتا ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا ختاينى پەن-تېخنىكا جەھەتتە باشقىلار ئىگىلىيەلمىگەن تېخنىكىلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ بولدى قىلىپ كۆرستىش، بىزگە نىسبەتەن قانچىلىك پايدا ئېلىپ كېلىدۇ؟ بۇ مەسىلە توغرىسىدا ھەممەيلەن ياخشى ئويلىشىپ باقساق.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھازىرغا قەدەر ختاينىڭ خەلقئارادىكى بىردىنبىر ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ پۇلى. ختاي ھۆكۈمىتى 50 يىللاردا شەخسلەردىن مۇسادىر قىلىۋالغان يەر زېمىننى سىتىپ، ئۆي مۈلۈكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇ يەر بۇ يەردىن ئوغرىلىغان تېخنىكىسى ۋە ئەرزان ئەمگەك كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەپ چىقارغان ماللارنى كۆپلەپ ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق پۇل تاپتى. ختاي ھۆكۈمىتى شۇ پۇلغا تايىنىپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنى ئۆزىگە قاراتتى.

ختاي ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ گېنىنىمۇ ئامېرىكىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىگە، ئامېرىكىنىڭ تېخنىكىسىغا ۋە ئامېرىكىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىگە تايىنىپ تەكشۈرگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. ختاي ھۆكۈمىتى پەقەت شۇ ئىقتىسادىي كۈچىگە تايىنىپ، 1000 تالانت پروگراممىسى نامى ئاستىدا، كۆپلىگەن چەتئەل مۇتەخەسسىسلىرىنى پۇل بىلەن سىتىپ ئېلىپ، ئۇلارنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، بەزى ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىسلىرىنى جازاغا تارتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ختاي ھاكىمىيتى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان ھاكىمىيەت بولۇپ، پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئەگەر غەربنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالسا، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى خۋاۋېي يولىقىۋاتقان كىرزىسلاردىن كۆرۈۋېلىش ئۇنچە قىيىن ئەمەس.

بىز ختاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەكىتلىسەك، ختاينى چوڭ كۆرسەتكەن بولىدىكەنمىز؛ بىراق بىز ختاينى پەن-تېخنىكا جەھەتتە، ھازىر باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە تېخى ئىمكان بولمىغان تەتقىقاتلارنى قىلىۋاتىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ گېنىنى تەتقىق قىلىپ، پەقەت ئۇيغۇرلارغىلا تەسىر قىلىدىغان ۋىرۇسلارنى ياساپ بولدى، ئۇيغۇرلارغا قارشى تۇرىدىغان بىئولوگىيەلىك قورالنى ياساپ بولدى، پۈتۈن ئۇيغۇرلارنى قىرىۋېتىدۇ دەپ ۋەھىمە پەيدا قىلساق، ئۇ ختاينى بۈيۈتكەن بولمايدىكەن. بۇ قانداق بىر مەنتىقە؟

هازىر بىز تەشۋىق قىلىۋاتقان بۇ ۋەھىمىلەر، ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ ئويغىتارمۇ؟ ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ ئۈمىدلەندۈرەمۇ؟ ئۇيغۇرلاردا تېخىمۇ كۆپ ئىشەنچ پەيدا قىلارمۇ؟ بىز ئويلاپ باقايلى، ئەگەر بىز كۈندە خىتايلار پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ گېن ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇرلارغا قارىتا ۋىرۇس ئىشلەپ چىقىرىپ بولدى، ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تامامەن يوق قىلىدۇ ۋە ياكى 60 ـ 70% ئۇيغۇر ئاللىبۇرۇن قىرىلىپ ئۆلۈپ بولدى دېسەك، خەلقىمىز بىراقلا ئويغىنىپ كېتەرمۇ؟ خەلقىمىز ئۈنىڭدىن بىراقلا ئۈمىدلىنىپ، خىتاي ئۆلۈم گىرداۋىغا كەپتۇ دەپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دەرھال مۇستەقىل بولۇپ كېتەرمۇ؟ ياكى دۇنيا ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ كېتىپ، بىزنى مۇستەقىل قىلىپ قويارمۇ؟

ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە ھېچكىمنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەس. مەن پەقەت ئويلىغانلىرىمنى دوستلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئارقىلىق، كۆپچىلىكنىڭ بۇ جەھەتتە ئويلاپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنىڭچە بىز خەلقىمىز ئىچىدە ۋەھىمە پەيدا قىلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۈمىدلەندۈرۈش مەقسىتىگە يېتەلمەيمىز. مېنىڭچە بىز چوقۇم خىتاينىڭ دۇنياغا بولغان تەھدىتىنى ئاساس قىلىپ تەشۋىق قىلىپ، بىزنىڭ تەقدىرىمىز بىلەن دۇنيانىڭ تەقدىرىنى، بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز بىلەن دۇنيانىڭ بولۇپمۇ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز ـ ئارا باغلاشقا تىرىشىشىمىز كېرەك؛ بولمىسا ھېچكىم بىزگە ئىچىنى ئاغرىتىپ، بىزنى مۇستەقىل قىلىپ قويمايدۇ.

## زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل، باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس

تاكى خوڭكوڭلۇقلار ئۆز ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن جاسارىتى پۈتۈن دۇنياغا نامايەندە بولۇشتىن ئىلگىرى، مەن بۇ ماقال تەمسىلگە ھېچ بىر زامان گۇمان بىلەن قاراپ باقمىغان. قاچانكى خوڭكوڭلۇقلار ئۆز ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن كوچىلارغا چىقىپ، كۆپىنچە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدىكى بەختىلىك تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، بەزىلىرى ھەتتا ئۆز ھاياتىنى تەھلىكىگە ئېتىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى نامايىشلارنى باشلىدى، مېنىڭ بۇ سۆزگە نىسبەتەن پەرقلىق قاراشلىرىم پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

راستىنلا يالغۇز زىمىستان كۆرگەن بۇلبۇل، ئاندىن باھارنىڭ قەدرىنى بىلەمدۇ؟ مېنىڭچە يالغۇز زىمىستان كۆرگەن بۇلبۇل ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى باھار كۆرگەن، باھارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان، باھارنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تېتىپ باققان بۇلبۇل، ئاندىن زىمىستان قىشتا باھارنىڭ ھەقىقىي قەدرىگە يېتىدىكەن. ئەزەلدىن باھار كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا باھارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان بۇلبۇل، زىمىستان قىشتا ئۆزۈن ياشاپ، باھارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، بارا ـ بارا شۇ زىمىستان قىشقا كۆنۈپ، ھەتتا ئايلاپ يىللاپ پار ئارقىلىق ئېرىشكەن ۋاقىتلىق ئىللىقلىققا مىڭ شۈكۈر قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدىكەن.

قىسقىسى يالغۇز زىمىستان كۆرۈپ باققان بۇلبۇل ئەمەس، بەلكى باھارنىمۇ كۆرۈپ باققان، باھارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بۇلبۇل، ئاندىن باھارنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدىكەن. شۇڭا مەن ئۇ ماقال تەمسىلنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەنسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق بولغۇدەك:

باھارنى بىلمەيدىغان بۇلبۇل، باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس!

ئىنسان، ئۆزىدە بولمىغان نەرسىنىڭ قىممىتىنى ئەمەس، بەلكى قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان نەرسىنىڭ قىممىتىگە يېتىدۇ. ئەسكى سائەتنىڭ ھېكايىسىمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنى ئۇ ئەسكى سائەتكە ئەڭ يۇقىرى باھا بەرگەنلەر، ئۇنداق ئەسكى سائەتى يوقلار ئەمەس، بەلكى شۇ ئەسكى سائەتنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغانلار. ئامېرىكا، كانادادا گەرچە ھەر خىل يەلىمىشلەر بولسىمۇ، كۆپىنچىمىز بەلكىم يەنىلا شۇ قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم ياكى بۆرۈن ئۆزىمىز يەپ باققان يەلىمىشلەرنى تاللاپ يېشىمىز مۇمكىن. سەۋەب بىزدە يەلىمىشلەر بولمىغانلىقى (زىمىستان كۆرگىنىمىز) ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىز كىچىكىمىزدىن تارتىپ ئۇ يەلىمششلەرنى يەپ، ئۇلارنىڭ تەمىنى تېتىپ باققانلىقىمىز ئۈچۈن.

بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلىش ئۈچۈن بىلىم بولۇش كېرەك. سەنئەتنىڭ ئەڭ قەدرىگە يېتىدىغانلار ۋە سەنئەتكە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغانلار سەنئەت بىلىدىغانلار. مۇزىكا چالغۇ ئەسۋاپلارنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغانلار، مۇزىكا بىلىدىغانلار؛ ھەرگىزمۇ مۇزىكا بىلمەيدىغانلار ئەمەس. دېمەك ئىنسان ئۆزىدە يوق نەرسىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزى بىلىدىغان نەرسىنى قەدىرلەيدۇ.

# چېركاۋنى مەسچىتكە ئۆزگەرتىش داۋاغا راستىنلا سەلبىي تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟

كۆپىنچىمىزنىڭ خەۋىرى بولغاندەك، كانادادىكى قېرىنداشلارنىڭ ئۆزۈن مۇددەتلىك تىرىشچانلىقى ۋە پىداكارلىقى بىلەن ئەسلى چېركاۋ بولغان بىر بىنانى سېتىۋېلىپ ئۇنى مەسچىتكە ئايلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىئانە توپلاش ئېلانى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوخشىمىغان ئىنكاسلار ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ھېلى ھەم ئۇ ئىنكاسلار داۋام قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىچىدىكى تىپىك ۋە بىر قەدەر ئومۇملۇققا ئىگە بولغان ئىنكاسلارنى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن؛ ئۇنىڭ بىرى ئۇنى قوللاش، ئۇنىڭغا ئىجابىي كۆز بىلەن قاراش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاكتىپ ئىئانە قىلىش؛ يەنە بىرى بولسا ئۇنىڭغا سەلبىي كۆز بىلەن قاراش ۋە ئۇنى تەنقىدلەش: بولۇپمۇ چېركاۋنى مەسچىتكە ئايلاندۇرۇش ياكى ئۇ ئورۇننىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇر مەسچىتى دەپ ئاتاشنىڭ، غەربتە كۆنسايىن قوللاشقا ئېرىشىۋاتقان داۋاغا سەلبىي تەسىر كەلتۈرۈشتىن ئەندىشە قىلىش ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئورۇننىڭ ئىسمىنى "ئۇيغۇر مەسچىتى" ئەمەس، بەلكى "ئۇيغۇر مەركىزى" دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىش. مەيلى قايسى خىلدىكى كۆز قاراشتىكى قېرىنداشلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ مىللەتنىڭ مەنپەئەتنى ئويلاپ، بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى ئېنىق.

ئەمدى بۇ ئىشقا سەلبىي قاراشتا بولۇپ، ئۇ چېركاۋنى مەسچىتكە ئۆزگەرتىشنىڭ داۋاغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان قېرىنداشلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئەندىشە قىلىشىدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن. ئالدى بىلەن، **11** ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىنكى خەلقئارا ئۆزگىرىش، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىسلام ياكى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن غەربتە بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈشى ۋە غەربتىكى مېدىيالاردا تېرورلۇقنى ئىسلام ياكى مۇسۇلمانلار بىلەن باغلاپ تەشۋىق قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئىسلام قورقۇنچىسى. ئۇندىن قالسا، خىتاينىڭ غەربتە شەكىللەنگەن بۇ ئېقىمنى پۇرسەت بىلىپ، بىزنى تېرورىست قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، بىزنى خەلقئارا تېرورىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ بىر پارچىسى قاتارىدا باستۇرۇشى، ھەم شۇنداقلا سۈرىيەدىكى ئۇيغۇرلار سەۋەبىدىن، ئەگەر مۇسۇلمانلىق كىملىكىمىزنى بەك تەكىتلىسەك، غەربلىكلەرگە ياخشى تەسىر بەرمەسلىكىمىزدىن، ھەتتا غەربتە تېرورىزم بىلەن باغلىنىپ قېلىشىمىزدىن ئەندىشە قىلىش.

ئەلۋەتتە بۇ ئەندىشىلەر پۈتۈنلەي ئاساسسىزمۇ ئەمەس؛ بىراق شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى يالغۇز ئەندىشە قىلىش بىلەن بىزدىكى ئاساسى مەسىلە ھەل بولمايدۇ. مۇھىم بولغىنى بىزنىڭ مەسىلىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئەندىشە قىلىشىمىز ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشىمىزدا. رادىكاللىق، مەسچىتتە ياكى ئۇ ئورۇننىڭ ئىسمىنىڭ نېمە دەپ ئاتاشتا ئەمەس، بەلكى كونكرېت

ئىنساندا. رادىكاللىق مەسچىتكە كىرگەنلەردە بولۇشى مۇمكىن، 5 يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدا يېتىپ قوپىدىغانلار ئارىسىدا بولۇشىمۇ مۇمكىن؛ ساۋاتسىزلار ئىچىدىنمۇ چىقىشى مۇمكىن؛ ئالىي مەكتەپتەپلەردە خىزمەت قىلىدىغانلار ئىچىدىن چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر بىز باشقىلارغا يامان تەسىر بېرىشتىن ئەندىشە قىلساق، مەسچىتتىن ۋە ياكى ئۇ ئورۇننىڭ نېمە دەپ ئاتىلىشىدىن ئەمەس، بەلكى كونكرېت ئىنسانلاردىن، بولۇپمۇ رادىكال ئىدىيىسى بار ئىنسانلاردىن ئەندىشە قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر ئۆزگەرتىمىز دېسەك ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى ئەمەس، بەلكى كونكرېت ئىنسانلارنى، بولۇپمۇ رادىكال ئىدىيىسى بار ئىنسانلارنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. ئىنسانلار ۋە رادىكال ئىدىيەلەر ئۆزگەرمەي، ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى نېمە دەپ ئۆزگەرتكەننىڭ ھەممىسى بىكار. ئىنسانلار رادىكال بولمىسا ياكى رادىكال ئىدىيەلەر بولمىسا، ئۇلار بارىدىغان يەرنىڭ ئىسمى نېمە بولۇشى چوڭ مەسىلە بولمايدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى رادىكاللىقنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمىغا، كېيىم كېچەكلىرى ۋە ساقال بۇرۇتلىرى بىلەن باغلاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇشنى ئالدى بىلەن بەزى ئىسىملارنى چەكلەش ياكى بەزىلەرنىڭ ئىسمىنى مەجبۇرىي ئۆزگەرتىشتىن، كېيىم كېچەك ۋە ساقال بۇرۇتلىرىغا چەكلىمە قويۇشتىن باشلىدى. ئەگەر بىزمۇ سەۋەنلىكنى ئىسىمدىن، تاشقى كۆرۈنۈشتىن ئىزدەپ، قويۇلغان ئىسىمدىن ئەندىشە قىلىپ يۈرسەك، بىزنىڭ بىزگە چەكلىمە قويغانلاردىن، ئىسلامنى تەھدىت دەپ تەشۋىق قىلغانلاردىن نېمە پەرقىمىز بولىدۇ؟ ئۇيغۇرلار غەربتە مۇسۇلمان دەپ تونۇلدى. غەرب ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمان دەپ بىلىپ تۇرۇپ ياردەم قىلىۋاتىدۇ. ھەم شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتى بولۇشى ھەممىگە ئايان. خۇددى غەربلىكنىڭ ئىسمى بىلەن بىزنىڭ ئىسمىمىز پەرقلىق بولغاندەك، غەربلىكنىڭ ناماز ئۇقىدىغان يېرىنى چېركاۋ دەپ ئاتىسا، مۇسۇلمانلار ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى مەسچىت دەپ ئاتايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىقىدىن، ئۇ چېركاۋنى مەسچىتكە ئۆزگەرتىشتىن ۋە شۇ سەۋەبتىن غەربلىكلەرنىڭ بىزگە يامان كۆزى بىلەن قاراشتىن بەك ئەندىشە قىلىشىمىز ئارتۇقچە بولسا كېرەك. باشقىلارنىڭ بىزگە بولغان تەسىرى ئەلۋەتتە مۇھىم؛ بىراق يالغۇز باشقىلارنىڭ بىزگە بولغان تەسىر بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىشكە يەتمەيدۇ؛ بىزنىڭ تەقدىرىمىز، مەيلى ئۇ شەخسىي نۇقتىدىن بولسۇن ياكى پۈتۈن بىر مىللەت نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئۇ ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق. غەربتە، بىز بارىدىغان پۈتۈن مەسچىتنىڭ نامىنى تامامەن ئۆزگەرتسەكمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. بىز ئەندىشە قىلغان ئىدىيەلەر بىراقلا يوقاپ قالمايدۇ؛ غەربلىكەرنىڭ بىزگە بولغان تەسىرى بىراقلا ئۆزگىرىپ كېتىشى ناتايىن. ئەگەر بىز غەربتە ياخشى تەسىر قالدۇرىمىز دەيدىكەنمىز، بىز شەكىلدە ۋە ياكى ئىسىمدا ئەمەس، بەلكى خەلقىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۆزىمىزنىڭ تىنچلىق سۆيەر بىر مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئۆز ئوبرازىمىز تىكلىشىمىزگە كېرەك.

زىيالىي، بىر مىللەتنىڭ يول باشچىسى، خەلقنى يېتەكلىگۈچى. زىيالىينىڭ ۋەزىپىسى يالغۇز يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىش ئەمەس. زىيالىينىڭ ۋەزىپىسى يالغۇز مىللەتنى تەنقىد قىلىش ۋە ياكى كۆڭلىگە ياقمىغان ئىشلارنى ئەيىبلەپ، ئۇنى ئىنكار قىلىش ئەمەس. زىيالىينىڭ ۋەزىپىسى خەلقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى نەدىن نەگىچە ۋە خەلق نېمىگە ئېھتىياجلىق دېگەننى تونۇپ يېتىپ، خەلق ئېھتىياجلىق بولغان بىلىملەرنى، ئۇلار چۈشەنگۈدەك تىل بىلەن ئۇلارغا يەتكۈزۈشنى بىلىش ياكى ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ

يېتىشتۇر. خەلقىمىز ئىچىدىكى زىيالىيلار قوشۇنى گەرچە كۆنسايىن زورىيىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق خەلقىمىزنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلام سەۋىيەدىكىلەر يەنىلا كۆپ ساندا. ئۇلار دەل تەربىيىلىنىشكە ۋە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا ئەڭ ئېھتىياجلىق كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە ئۆزلىرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى يالغۇز بىزنىڭ ئۇلارغا قانچىلىق «ئېسىل» يازما، تەربىيە ياكى تەنقىدلەشنى سۇنىشىمىزغا باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ نېمىنى تاللىشىغا، نېمىنى ئاڭلاشنى خالىشىغا باغلىق. ھەر قانداق ئىنسان نېمىنى ياخشى كۆرۈشنى، نېمىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە، ئۆزىنىڭ قىزىقىشى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ تاللايدۇ. تەربىيىلىنىشكە ۋە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئىنسانلار بىزنىڭ ئېسىل ئىلمىي ماقالەلىرىمىزغا ياكى لېكسىيەلىرىمىزگە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان تېمىلاردا تەلىمات ئېلىشقا تېخىمۇ قىزىقىشى مۇمكىن؛ ئۇلار كاتتا مەركەزلەرگە ئەمەس بەلكىم مەسچىتلەرگە بېرىشنى تېخىمۇ خالىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز ئۇلار ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ۋە ئەڭ ئۈنۈم بېرىدىغان ئۇسۇلدا، ئۇلارنى تەربىيەلىمسەك ۋە ئۇلاردا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمىساق، ئۇلارنىڭ ئۈنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرەلمىسەك، بىز ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى نېمە دەپ ئاتىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بىز ئۈمىد قىلغان نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىز ئارىمىزدىكى دۇنياغا پەرقلىق كۆزى بىلەن قارايدىغان، دۇنيانى پەقەت مۇسۇلمان ـ كاپىر دەپ ئىككىگىلا ئايرىيدىغان، پەقەت مۇسۇلمانلىقنى تونۇپ، ئۇيغۇرلۇقىغا ئېتىبار بەرمەيدىغان ئۇيغۇرلارنى يېنىمىزغا تارتالمىساق، ۋە ئۇلاردا ئۇيغۇرلۇق روھىي بەرپا قىلالمىساق، ئۇ چاغدا داۋاغا ھەقىقىي تۈردە زەرار يېتىشى مۇمكىن. بىزدە ئۆزىمىزگە تەۋە مەسچىت بولغاندا، ئارىمىزدىكى پەقەت مەسچىتكە بارىدىغان، باشقا سورۇنغا بارمايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ، ئۇيغۇر جامائەتلەرىدىن يىراقلىشىپ، ئۇيغۇرلۇقنى ئۇنتۇپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولۇشى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە مەن بۇ يەردە ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى چوقۇم مەسچىت دەپ ئاتاش كېرەك، ئۇيغۇر ئۆيى ياكى ئۇيغۇر مەركىزى دەپ ئاتىماسلىق كېرەك دېمەكچى ئەمەسمەن. ئەگەر كانادادىكى ئۇ ئىشقا ئەجىر سىڭدۈرگەن قېرىنداشلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇ ئورۇننىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇر مەسچىتى دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆرگەن بولسا، بىزگە چۈشكەن ۋەزىپە، ئۇلارنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، سەممىي تەكلىپ ۋە تەنقىدلەرنى بېرىش، ئۇنىڭ خەيرلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى قوللاش ۋە ئۇلارغا ئەمەلىي ياردەمدە بولۇشتۇر.

**2021 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى**

## جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىمۇ ياكى دېموكراتىيە پارتىيىسىمۇ؟




ھەممىمىزنىڭ خەۋىرى بولغاندەك ئامېرىكىدا 4 يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان پرېزىدېنت سايلامنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئامېرىكىدىكى ئىككى چوڭ پارتىيە — جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى بىلەن دېموكراتىيە پارتىيىسى ئارىسىدىكى، ۋە ئۇلارنىڭ پرېزىدېنت نامزاتلىرى بولغان دونالد ترامپ بىلەن جوۋ بايدىن ئارىسىدىكى رىقابەت كەسكىنلەشمەكتە.

بىز ئۇيغۇرلارد ئارىسىدا، بولۇپمۇ ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىدىن تەشكىل تاپقان ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ 4 يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدىكى خىتايغا قاراتقان قاتتىق سىياستى، ئۇيغۇر ۋەزىيىتىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇيغۇرلارنى قوللىشى سەۋەبىدىن، ترامپ ھۆكۈمىتى ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسىگە نىسبەتەن كۈچلۈك بىر قىزغىنلىق ۋە قوللاش، جوۋ بايدىن ۋە ۋەكىللىك قىلغان دېموكراتىك پارتىيەگە نىسبەتەن كۈچلۈك قارشى تۇرۇش ۋە ئىنكار قىلىش كەيپىياتى مەۋجۇت. مېنىڭچە بۇنى تامامەن چۈشىنىشكە بولىدۇ. بىراق بىز شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك ئاۋاز چىقىرىۋاتقان پارلامېنت ئەزالىرى ئىچىدە دېموكرات پارتىيىسىدىكىلەرمۇ ئاز ئەمەس. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ئامېرىكادا بۇنداق كۈچلۈك كۈن تەرتىپكە كېلىشى يالغۇز ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ تۆھپىسى بولۇپ قالماستىن،بەلكى ئىككى پارتىيەدىن تەشكىل تاپقان ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭمۇ تۆھپىسى.

ئامېرىكانىڭ ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسى، ھوقۇق جەھەتتە باراۋەر بولغان 3 تارماققا بۆلۈنگەن دۆلەت بولۇپ، پرېزىدېنت ئامېرىكانىڭ سىياستىنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر ئادەم ئەمەس. ئامېرىكانىڭ ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسى ئىچىدە، پارلامەنت قانۇن تۈزگۈچى، پرېزىدېنت ئىجرا قىلغۇچى، ئالىي سوت ھوكۇم چىقارغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

ئامېرىكانىڭ پارلامەنتى ئاۋام پالاتاسىيەسى ۋە كېڭەش پالاتاسىيەسىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ئاۋام پالاتاسىيەسىنىڭ 435 ئەزاسى، كېڭەش پالاتاسىيەسىنىڭ 100 ئەزاسى بار. ھازىرقى ئاۋام پالاتاسىيەسىدىكى 435 ئەزا ئىچىدە 232 ۋەكىل دېموكراتىك پارتىيىسىدىن؛ 198 ۋەكىل جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىدىن. ھازىرقى كېڭەش پالاتاسىيەسىدىكى 100 ئەزا ئىچىدە 45 ۋەكىل دېموكراتىك پارتىيىسىدىن، 53 ۋەكىل جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىدىن. بۇ يىل تەستىقلانغان ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياستى قانۇنى، مەيلى ئاۋام پالاتاسىيەسىدە بولسۇن ياكى كېڭەش پالاتاسىيەسىدە بولسۇن، مۇتلەق كۆپ ساندا پارلامەنت ئەزالىرىنىڭ يەنى ئىككىلا پارتىيەنىڭ ئورتاق قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىدىن باشقا ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى كۆپلىگەن قارارلارمۇ ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ ئورتاق قوللۇشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. بۇ بىزگە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ پايدىلىق بىر ئەھۋال. بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ ئىككى پارتىيە ئارىسىدىكى رىقابەت ۋە تالاش-تارتىشقا بەك چېتىلىپ قىلىشىمىزنىڭ، بىزگە نىسبەتەن ھېچقانداق پايدىسى يوق.

توغرا، جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىدىن بولغان ترامپ، ئامېرىكاغا پرىزدېنت بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكانىڭ خىتاي مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئامېرىكانىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە قاراتقان سىياسەتلىرىدىكى بەزى خاتالىقلار تۈزۈتۈلۈپ، يېڭى سىياسەتلەر بەلگىلەندى. ھەممىمىز كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇيغۇر داۋاسى ئامېرىكادا مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى؛ بىراق بىز شۇنى ئۇنتۇلۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ۋەتەندىكى زۇلۇممۇ دەل مۇشۇ 4 ،3 يىل ئىچىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېغىرلاشتى، كەڭ كۆلەملىك لاگېرلار ئوتتۇرىغا چىقتى. ۋەتەندىكى زۇلۇمنىڭ ئېغىرلىششى ۋە لاگېر مەسىلىسى، ئامېرىكانىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشتە ناھايتى چوڭ رول ئوينىدى؛ ئەلۋەتتە ۋەتەندىكى ئۇ زۇلۇمنى دۇنياغا، جۈملىدىن ئامېرىكاغا ئاڭلىتىشتا، سىياسى پائالىيەتچىلىرىمىز ۋە تەشكىلاتلىرىمىزمۇ چوڭ رول ئوينىدى. ئامېرىكا، ھازىرقىدەك ئىككى پارتىيە بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە، ئۇيغۇر مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە ئۇيغۇرلارنى قوللاۋاتقان بىر ئەھۋال ئاستىدا، بىز ئۇنى قەستەن مەلۇم بىر شەخسكە ۋە ياكى پارتىيەگە يۈكلەپ، يەنە بىر تەرەپنى ئىنكار قىلساق، ۋە ياكى ئۇنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرسەك، مېنىڭچە توغرا بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە سايلامدا كىمنى قوللاش جەھەتتە ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە ئېنىق بىر سان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئوچۇق ئاشكارا مەلۇم بىر پرىزدېنت نامزاتنى ۋە ياكى ئۇ ۋەكىللىك قىلغان پارتىيەنى تىللاپ، ھاقارەت قىلىشىمىزنىڭ، ياكى ئۇلارنى خىتاينىڭ پۇلى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ دېيىشىمىزنىڭ ھېچقانداق بىر پايدىسى يوق. ئامېرىكادىكى سايلام ھوقۇقى بار ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بەك كۆپ ئەمەس؛ بىز ئامېرىكادىكى سايلام ھوقۇقى بار ئۇيغۇرلارنىڭ ساننى ئەڭ كۆپ دېگەندە 5000 دەپ قارىساقمۇ، بىز بۇ سان بىلەن ئامېرىكا سايلامىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيمىز، بىراق بىزنىڭ ھېس تۇيغۇمىزغا تايىنىپ دېگەن بەزى سۆزلىرىمىز، ئامېرىكىلىقلارنىڭ، بولۇپمۇ بىز تىللىغان نامزات ۋە ياكى پارتىيەنى قوللىغۇچىلارنىڭ بىزگە بولغان قارىشىغا تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن. بەزىلىرىمىز يازمىمىزنى ئۇيغۇرچە يېزىپ يەتمىگەندەك، يەنە بەزىلىرىمىز ئىنگلىزچە يېزىۋاتىمىز. مەيلى بىز قايسى تىلدا يازايلى، بىزنى كۆزىتىۋاتقانلارغا ۋە ياكى بىزگە قىزىقىۋاتقانلار، ھەتتا بىزدىن قۇسۇرۇق ئىزدەۋاتقانلار، ئەگەر بىزنىڭ ئىنكاسلىرىمىزنى بىلىشكە قىزىقسا، ئۇنى بىلىش تەس ئىش ئەمەس.

بەلكىم بەزىلەر ئامېرىكا دېگەن دېموكراتىك دۆلەت تۇرسا، ھەر كىمنىڭ ئۆز كۆز قارىشىنى ئەركىن ئىپادىلەش ھەققى بار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنى ئۆزگەرتەمدۇ دەپ ئويلىشى مۇمكىن. توغرا، ئامېرىكا دېموكراتىك بىر دۆلەت؛ ئاز تولا ئۇيغۇرنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا قالايمىقان سۆزلىشى بىلەن، ئامېرىكانىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان سىياسىتى ئۆزگەرمەيدۇ؛ بىراق ئامېرىكا دەل دېموكراتىك دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سىياسىتىگە ئامېرىكا خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پارلامېنت ئەزالىرى بەلگىلەيدۇ. پارلامەنت ئەزالىرىغا كەڭ خەلق ئاممىسى تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، بىز ترامپنى قاتتىق ياخشى كۆرۈپ، ئۇنى قوللىغىنىمىز بىلەن، ئامېرىكادا ترامپنى قوللايدىغانلار بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇنىڭغاقارشىلارمۇ ئاز ئەمەس. ئوخشاشلا، بىر جوۋ بايدىننىي تىللاپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىنىمىز بىلەن، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنى قوللايدىغان ئامېرىكىلىقلارمۇ ئاز ئەمەس. بىزنىڭ جوۋ بايدىننىي تىللىغىنىمىزدا، بىز ياللۇغ جوۋ بايدىنىيلا ئەمەس، بەلكىم ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىمۇ تىللىغان بولىمىز. دېموكراتىك پاتىيەدىكىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرى، ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئۆزلىرىنى كەلسە كەلمەس سۆزلەر بىلەن ھاقارەت قىلىشىمىزنى ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ.

ئەگەر بىزنىڭ ئامېرىكادىكى نوپۇسىمىز كۆپ بولۇپ، ئامېرىكانىڭ سايلىمىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلىگەن بولساق، ۋە ياكى بىز جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىنى، ترامپنى قوللاپ، دېموكراتىك پارتىيىسىنى، جوۋ بايدىننىي تىللىساق، ئامېرىكىلىقلار ئۆز قارارىنى ئۆزگەرتىپ، ھەممىسى بىزگە ئەگىشىپ ترامپنى قوللايدىغان بولسا، ئۇنىڭ يولى باشقا ئىدى، بىراق ھازىرقى ئەھۋالدا، يوق يەردىن ئۆزىمىزگە ئىش تېپىپ، يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيدىغان ئىش بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى يوق. شۇڭا بىز يوق يەردىن ئۆزىمىزگە ئىش تاپماي، ئامېرىكىدا مەيلى قايسى پارتىيە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا، ھەممىسىنىڭ بىزنى قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

ئەلۋەتتە ھەممەيلەننىڭ ئارزۇسى بويىچە ترامپ سايلامدا ئۇتۇپ، ئامېرىلاغا يەنە بىر قارار پرېزدېنت بولسا، ناھايتى ياخشى. بۇنى ھەممەيلەن ئۈمىد قىلىمىز، بىراق ئەگەر ترامپ مەغلۇپ بولۇپ، جوۋ بايدىن سايلاسان، ئامېرىكا سىياستى 180 گىرادۇس ئۆزگۆرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە ئىشى سۇغا چىلىشىدىغاندەك قاراشتا بولۇپ ۋە ياكى مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ترامپقا باغلاپ، جوي بايدىن ياكى دېموكراتىك پارتىيىسىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش، مېنىڭچە ئاقىلانىلىق ئەمەس. ھېچقانداق بىر دېموكراتىك دۆلەتتە بىر پارتىيە مەڭگۈ تېخىتتە ئولتۇرىدىغان ئىش يوق. ئەڭ مۇھىمى بىز ئۈمىدىمىزنى مەلۇم سىياسى پارتىيەگە ئەمەس، بەلكى ئۆز مەنپەئەتىمىزنى ئۇ دۆلەتنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن ئۆز-ئارا باغلىيالىساق، يەنى بىز زىيان تارتساق، سەنمۇ زىيان تارتىسەن دېگەن تونۇشقا كەلتۈرەلىسەك، ئۇ چاغدا، سىياسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پاتىيەنىڭ ئۆزگۆرۈشى بىلەن، ئۇ دۆلەتنىڭ بىزگە تۇتقان سىياستىدە بەك چوڭ ئۆزگىرىش بولماسلىقى مۇمكىن. ئەكسىچە بىز ئۆز تەقدىرىمىزنى مەلۇم شەخس ۋە ياكى مەلۇم پارتىيەگە بەك باغلىۋالساق، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پارتىيە ئالماشسا، قوللاشتىن مەھرۇم قىلىشىمىز مۇمكىن.

بىرسى بۇرۇن ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى، ئامېرىكىدا مەيلى جۇمھۇرىيەت پارتىيىسىدىن پرېزدېنت بولسۇن، ياكى دېموكراتىك پارتىيىسىدىن پرېزدېنت بولسۇن، ئامېرىكانىڭ يەھۇدىلارغا قاراتقان سىياستىدە چوڭ

ئۆزگىرىش بولمايدۇ، چۈنكى سايلامدا يەھۇدىلار ھەر ئىككى پارتىيەنى قوللايدۇ. بۇ گەپنىڭ قانچىلىك ئاساسى بار، مەن ئېنىق بىر تەكشۈرۈش ئېلىپ باقمىدىم؛ بىراق مەن 20 يىلدىن بىرى كۆرۈۋاتقان رېئاللىق شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىغان ئىش.

# مايمۇن ئويۇنى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى روھىي ئاسارەت

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ماڭا يېقىملىق تۇيۇلغان بىر ئىش، باغچىلاردا ۋە ئادەم كۆپ توپلىشىدىغان جايلاردا قويۇلىۋاتقان مايمۇن ئويۇنى، يەنى مايمۇن ئىگىسىنىڭ قولىدىكى قامچىسىنى هاۋاغا ئۇرۇپ ئاۋاز چىقىرىپ، مايمۇنغا هەيۋە قىلىشلىرى ۋە مايمۇننىڭ خۇددى ئۇ قامچىنىڭ ئاۋازىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك سوكۇلداپ مېڭىپ، ئويۇن قويۇپ، ئەتراپتا توپلاشقان ئادەملەرنى جەلىپ قىلىش ئارقىلىق ئىگىسىنى خۇش قىلىش بولغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا، مەن گەرچە ئۇ قامچا ئاۋازىنىڭ مايمۇنغا بېرىلگەن بىر سىگنال ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەينىدىكى هەقىقىي ئەهۋاللارنى بەك چۈشىنىپ كەتمىگەن ۋە پەقەتلا مايمۇننىڭ ئويۇن قويۇش ماهارىتىدىن هەيران قىلىپ مايمۇننىڭ ماهارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغان ئىدىم. كېيىن كۆرگەن بىلگەنلىرىمنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ مايمۇنلارنىڭ شۇ ماهارەتلىك ئويۇنلىرىنىڭ كەينىدە قانچىلىك بەدەللەر تۆلەنگەنلىكىنى ئاز تولا تونۇپ يېتىشكە باشلىدىم.



مايمۇن ئويۇنى ختاي ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادا بىر ئاز ئومۇملاشقان، ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاتا مىراس ئائىلە كىرىم مەنبەسى بولۇپ، ئۇلار نەچچە ئەۋلات ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن مايمۇنلارنى تەربىيىلەپ، كوچىلاردا ئويۇن قويۇش ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامداشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسەن ئالاھىدە تەربىيە كۆرمىگەن ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاجىز ئورۇندا تۇرىدىغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار مايمۇن تەربىيىلەشتە ئەڭ ئاز چىقىم كېتىدىغان، بىراق ئەڭ ئۈنۈملۈك بولغان سەۋەبسىز جازالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەۋۋەل ۋەھىمە، قورقۇنچ پەيدا قىلىش ئارقىلىق، مايمۇننى روھىي جەھەتتە كونترول قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىكەن. كونكىرت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلى قائىدە بويىچە مايمۇن تەربىيىلىگۈچى ئەگەر مايمۇن گەپ ئاڭلاپ، ئىگىسىنىڭ دىگىنى بويىچە قىلسا، ئىگىسى مايمۇنغا مۇكاپات بېرىشى كېرەك؛ ئۇنداق بولغاندا، مايمۇن ماھارىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرلىشىگە ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىشكەن مۇكاپاتنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مايمۇننىڭ مۇكاپاتقا بولغان تەلۋى يۇقۇرلايدىكەن؛ يەنى مايمۇن ئىگىسى مايمۇننى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك قىلىش ئۈچۈن، مايمۇنغا تېخىمۇ كۆپ مۇكاپات بېرىشكە توغرا كېلىدىكەن. نەتىجىدە مايمۇن تەربىيىلەشنىڭ تەننەرقى يۇقۇرلاپ ماڭىدىكەن. ئەگەر مايمۇن ئىگىسى مايمۇننى جازالاش ئارقىلىق روھىي ئاسارەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، مايمۇن تەربىيىلەشنىڭ تەننەرقىنى كۆپ مىقتاردا تۆۋەنلەتكىلى بولىدىكەن. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، مايمۇن تەربىيىلىگۈچى مايمۇن تەربىيىلەش تەننەرقىنى تۆۋەتلىتىپ، مايمۇن تەربىيىلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن مايمۇننى سەۋەبسىز ئۇرىدىكەن، جازالايدىكەن؛ مايمۇن گەرچە دەسلەپتە ئۆزىنىڭ سەۋەبسىز ئۇرۇلىشىغا قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ، بىراق كېيىنچە سەۋەبسىز جازالانماسلىقى ئۈچۈن، گەپ ئاڭلايدىغان بولىدىكەن؛ ھەتتا ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى ئۇرماسلىقىنى ئۆزىگە بېرىلگەن ئەڭ چوڭ مۇكاپات دەپ بىلىدىغان بولىدىكەن، ۋە سەۋەبسىز تاياق يېمەسلىك ئۈچۈن تېخىمۇ سەگەك، تېخىمۇ گەپ ئاڭلايدىغان بولۇپ، ئىگىسى بىر ئىش قىلىشقا مەجبۇرىي قىلمىسىمۇ، ئۆزلىكىدىن قىلىپ ئىگىسىنى خوش قىلىدىغان بولىدىكەن. ئاخىرىدا مايمۇن ھەتتە ئۆزىنى سەۋەبسىز ئۇرغان ئۇ ئىگىسىدىن ئايرىلالماس بولۇپ قالىدىكەن.

بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، مەن تاسادىبىي پۇرسەت بىلەن ختايدا **2000** يىل بۇرۇن يېزىلغان «شاجۇنشۇ، خەلقنى كونترول قىلىشنىڭ **5** خىل ئۇسۇلى» دېگەن بىر كىتابنى ئوقۇپ قالدىم. ئۇ كىتابتىكى خەلقنى كونترول قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىدا مۇنداق دىيىلگەن ئىكەن. خەلق باي بولغاندا، قورساق تويغاندا، ئويلادىغان ئىشلار كۆپ بولىدۇ، ئەركىنلىككە بولغان تەلىپى يۇقۇرلايدۇ؛ ئۇنداق ئادەملەرنى ئاز نەرسە بىلەن مۇكاپاتلاپ خوش قىلماق، رازى قىلماق تەس بولىدۇ. ئۇلار راھەت تاپقانچە تەلەپلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۇلارنى باشقۇرۇش تەس بولىدۇ؛ ھاكىمىيەتكە تەھدىت بولىدۇ. ئۇلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مال مۈلۈكىنى مۇسادىر قىلىپ، ئۇلارنى ناھايىتى يوقسۇل ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇش كېرەك؛ زىندانلارغا تاشلاپ جازالاش كېرەك. ئادەم يوقسۇل ھالغا چۈشۈپ قالغاندا، قورساق تويغۇزۇشنىڭ غىمىدە بولۇپ، باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا ۋاقتى يەتمەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەر جازالانماسلىقنى، بالا قازاسىز تىنچ ياشاشنى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئەڭ چوڭ

مۇكاپات، ئەڭ چوڭ بەخت دەپ بىلىدۇ؛ ئۇلارنى ئازراق مۇكاپات بىلەن رازى قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر ھەتتا ئازلا مەنپەئەت ئۈچۈن باشقىلارنى ساتىدىغان بولىدۇ.

ھازىرقى زامان پىسخىكا ئىلمىدا روھى ئاسارەت (**enslaved minds**) دەيدىغان بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى ھەر خىل روھىي ياكى پىسخىكا مونوپول قىلىش (**mental manipulation**) ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، قارىشى. تەرەپنىڭ روھىيىتىنى. كونترول قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئىنسانلار دەۋاتقان مىڭە يۇيۇش، كالىللا يۇيۇش، ياكى ئوقۇتۇش، جىن چاپلىشىپ قىلىش دېگەندەكلەرمۇ مۇشۇ كاتېگورىيە ئىچىگە كىرىدۇ. بۇ گەرچە ھازىرقى زاماندا سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنغان بىر ئىلىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ئوخشىمىغان مەقسەتتە ۋە ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا قوللىنىلۇپ كېلىنگەن. مۇستەملىكە دۆلەتلەردە، مۇستەملىكە قىلغۇچى مۇستەملىكە قىلىنغۇچىلارنى قورال كۈچىگە تايانماي كونترول قىلىش ئۈچۈن قوللىنىپ كەلگەن بولسا، دىكتاتور ھاكىمىيەت ئۆز خەلقىنى كونترول قىلىشتا قوللانماقتا. بەزى تەشكىلاتلاردا بولۇپمۇ تېرورلۇقتەشكىلاتلاردا، كىشلەرنى مونوپول قىلىش ئۈچۈن قوللانغان بولغا، ئائىلىدە، ئەر خوتۇننى ياكى ئايال ئېرىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن قوللانماقتا.

ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس **Carter G. Woodson** روھىي ئاسارەت ياكى روھىي قۇللۇقنى ئىنسانلار بوينىغا سېلىنغان ھەقىقىي بۇزۇلماس زەنجىر دەپ ئاتاپ، مۇنداق دەيدۇ: سىز بىر ئىنساننىڭ روھىنى كونترول قىلسىڭىز، ئۇنىڭ سۆز ھەرىكىتىدىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭغا نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشنى، نېمە دەپ نېمە دىمەسلىكنى دەپ بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ئۆزى تۇردىغان "توغرا جاي" نى ۋە سۆزلەيدىغان "توغرا سۆز" نى تاپالايدۇ. ئۇنىغا ئارقا ئىشىكنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق؛ نەدە ئارقا ئىشىك بولسا، ئۆزى ئىزدەپ تاپالايدۇ؛ ھەتتا ئارقا ئىشىك بولمىسىمۇ، تامدىن بىرنى ئۆرۈپ تاشلاپ، ئارقا ئىشىكتىن بىرنى ياسايدۇ. ئۇ ئالغان تەربىيە ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇتىدۇ.


Mental Slavery | The Real Unbreakable Chains

SLAVERY January 3, 2017 Alik Shahadah

Featured 29 Slavery 8

WORSE THAN PHYSICAL CHAINS

When you control a man's thinking you do not have to worry about his actions. You do not have to tell him not to stand here or go yonder. He will find his 'proper place' and will stay in it. You do not need to send him to the back door. He will go without being told. In fact, if there is no back door, he will cut one for his special benefit. His education makes it necessary.'

—*Carter G. Woodson*

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرى بولغاندەك ئۆتكەن يىلى ئامېرىكىدا ئۇيغۇر قانۇنى ماقۇللانغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى قوللىنىپ ئامېرىكىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان

ئىدى. ئامېرىكانىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايىك پومپېئو ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى "ئىرقىي قىرغىنچىلىق" دەپ ئېلان قىلغاندىن ۋە ئامېرىكىدا يېڭى ھۆكۈمەت ۋەزىپە ئۆتەشكە باشلىغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن مايىك پومپېئو ۋە 27 نەپەر سابىق ھۆكۈمەت خادىملىرىغا ئىمبارگو ئېلان قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كونا ئۇسۇلىنى ئىشقا سېلىپ ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى قوللىنىپ، پومپېئوغا قارشى كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات قىلىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن مۇئاھاجىرەتتە ياشاۋاتقان بەزىلىرىمىز، "ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپتۇ" دەپ خوش بولغان بولساق، يەنە بەزىلىرىمىز، "مۇئاھاجىرەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان داۋا ئۈنۈم بېرىپتۇ؛ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنى ئاقلاشقا مەجبۇرىي بوپتۇ" دەپ خوشال بولۇشتۇق. ئەلۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىتىنىڭ بىزنى خۇش قىلىش ئەمەسلىكىنى ھەممەيلەن ئوبدان بىلىمىز.

ئۇنداقتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنداق بىر تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىنىڭ مەقسىتى نېمە؟ خىتاي ھۆكۈمىتى راستىنلا ئەزەلدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان كونا تاكتىكەسىنى قوللىنىپ ئۆزىنى ئاقلاۋاتامدۇ ياكى ئۇنىڭدا باشقا مەقسىتىمۇ بارمۇ؟ ھەممىمىز كۆرۈۋاتقاندەك خىتاي ھۆكۈمىتى گەرچە كۆرۈنۈشتە كونا ئۇسۇلنى تەكرارلاۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق ئەگەر بىز بەزى نۇقتىلارنى ئوبدان كۆزىتىپ باقساق، خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكىدا ھۆكۈمەتنىڭ ئالمىشىشى بىلەن، ئالدىنقى 4 يىلدا يۈزگۈزگەن تاكتىكىلىرىدا بەزى ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىشقا باشلىغانلىقىنى بايقىيالايمىز. بۇرۇن خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكىدا ۋە ياكى خىتاي سىرتىدا يۈز بەرگەن خىتايغا قارشى چوڭ ۋەقەلىكنى خەۋەر قىلغاندا، ئۇنى ئەينەن خەۋەر قىلماستىن، ئامال بار بۇرمىلاپ تەشۋىق قىلغاندىن باشقا، ۋەقەلىكنىڭ كونكېرت مەزمۇنلىرىنى ئۇنچە تەپسىلە خەۋەر قىلمايتتى. بۇ قېتىم خىتاي ھۆكۈمىتى مايىك پومپېئو باياناتىدا ئېلان قىلغان ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇزۇندىن بېرى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان قىرغىنچىلىقلىرىنى، شۇ قىرغىنچىلىقنىڭ بىۋاستە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارغا بىر بىرلەپ ئىنكار قىلدۇرغان.

ئىشىنىمەنكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇ تەشۋىقاتلار ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان مەقسىتى يالغۇز ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ سەپسەتىلىرىگە ئىشەندۈرۈپ، ئۆزىنى ئاقلاش بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنداق ئىككى مەقسىتى بولۇشى مۇمكىن. بىرىنچىدىن، ئالدىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مىليونلارچە ئۇيغۇرلارنى لاگېر ۋە تۈرمىلارغا سولاپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە جازالاش ئارقىلىق ئېلىپ بارغان ئاسىملاتسىيە قىلىش ۋە كاللا يۇيۇشنىڭ يەنى روھىي ئاسارەتنىڭ ئۈنۈمىنى سىناق قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ تەشۋىقاتلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان سېستىمىلىق ۋە پىلانلىق روھىي ۋەيرانچىلىق (**mental breakdown**) ئېلىپ بېرىشىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇلارنى كونكېرت ئىجرا قىلىۋاتقانلار ئۇنچە يۇقىرى سەۋىيەلىك ئادەملەر بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ تەشۋىقاتلارنى پىلانلىغان ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار قانداق ئۇسۇللارنى قوللانغاندا، ئىنسانلارنىڭ پسىخىكا روھىي ھالىتىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى روھىي ئاسارەت ئاستىغا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشى مۇمكىن.

ئىنسانلارنىڭ روھىي ئاسارەت ئاستىغا ئېلىنغاند، ياكى كونترول قىلىنغاندا، ئۇلارنى بەزى ئىشلارغا مەجبۇرىي قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. روھىي ئاسارەت ئاستىغا ئېلىنغان ئىنسانلار، خۇددى ئويۇن قويۇش ئۈچۈن تەربىيىلەنگەن مايمۇنلاردەك، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئاسارەت قىلغۇچىنى خۇش قىلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە ئەھۋالدا ئەندىشە قىلىش، قورقۇش ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ياشايدۇ. روھىي ئاسارەت ئاستىغا ئېلىنمىغان، غورۇرى بار ھەرقانداق بىر ئىنسانغا نىسبەتەن، ئەڭ ئېغىر جازا ئۆلۈم بولماستىن، بەلكى ئۇ ئادەمگە ئۆزى سۆيگەن ئادەمنى ئۆلتۈرگۈزۈش، ئۆزى سۆيگەن ئادەمگە خائىنلىق قىلغۇزۇش، ئۆزى ئۈچۈن ھەق سۆزلىگەن ئادەمنى ھاقارەت قىلغۇزۇش بولۇپ، بىر ئىنساننى ئۆز ۋىجدانىغا قارشى سۆزلەشكە ۋە ئىش قىلىشقا مەجبۇرىي قىلىش، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنسانغا روھىي جەھەتتە بېرىلگەن ئېغىر جازا ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان ھايات قىلىش ياكى مەلۇم ئىمتىيازغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆز ۋىجدانىغا قارشى ئىش قىلىشقا مەجبۇرىي بولغاندا، ئۇ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا توقۇنۇش پەيدا بولىدۇ. يەنى ئۇ ئادەمنىڭ تاشقى كۆرىنىشى ۋە ئېپادىسى بىر خىل، ئىچكى دۇنياسى باشقا بىر خىل بولۇپ، تاشقى ئېپادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرەپ بىلەن ئىچكى دۇنياسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تەرەپ ئارىسىدا ئىزچىل توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ؛ بۇ خىل توقۇنۇش ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغاندا، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ ئادەمنىڭ پسىخكىسىدا ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئىنسانلاردا يۈز بەرگەن بۇ خىل پسىخكا ۋەيرانچىلىقى يالغۇز ئۇلارنىڭ نورمال ھاياتى ۋە تەپەككۇرىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يامەيكانىڭ غەربى ئىندىز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخكاشۇناس پراپسورى فرەدېرىك خىكلىڭ، «نەچچە ئەسىرلىك مۇستەملىكچىلىك زۇلۇم يامايكانىڭ روھىي ساغلاملىقىغا ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇردى» تېماسىدىكى بىر ماقالىسىدا، ياۋروپالىقلارنىڭ يامەيكاغا قۇل قىلىپ ئېلىپ كىلىنگەن ئافرىقىلىقلارغا يۈرگۈزگەن جىسمانىي جەھەتتىكى قۇللۇقتىن بەكراق، روھىي جەھەتتىكى قۇللۇقىنىڭ يامەيكا خەلقىنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا ئېلىپ كەلگەن زىيىنىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ، مۇستەملىكچىلىكتىن كېيىنكى يامايكادا، بىزنىڭ ئەڭ چوڭ روھىي ساغلاملىق خىرىسىمىز 500 يىللىق ياۋروپا ئىرقچىلىقى ۋە مۇستەملىكچىلىك زۇلۇمىنىڭ پسىخكا تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش. يامايكادا قۇل قىلىنغان ئافرىقا خەلقىنىڭ ئەۋلادلىرىغا نىسبەتەن، بۇ مىڭلىغان يامايكالىقلارنىڭ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا قامالغانلىقىنى كۆرگەن مۇستەملىكچىلىك سىياستى ۋە قۇرۇلمىلىرىنى پارچىلاش جەريانى بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، داۋاملىشىۋاتقان قۇرۇلما زوراۋانلىقى ۋە خورلىنىشنىڭ تارىخى مىراسلىرىنى ساقايتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەۋاتىدۇ.

> AS LONG AS THE MIND IS ENSLAVED, THE BODY CAN NEVER BE FREE. PSYCHOLOGICAL FREEDOM, A FIRM SENSE OF SELF-ESTEEM, IS THE MOST POWERFUL WEAPON AGAINST THE LONG NIGHT OF PHYSICAL SLAVERY.
>
> - MARTIN LUTHER KING, JR. -

ئىنساننىڭ روھي قۇل بولغانلىكى مۇددەتتە بەدەن ھەرگىز ئەركىن بولالمايدۇ. پسىخولوگىيىلىك ئەركىنلىك، ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى، ئۇزۇن مۇددەتلىك جىسمانىي قۇللۇققا قارشى ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر.

**.Martin Luther King, Jr**

## سۇيقەست نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرلىرى

ئامېرىكادىكى كورنەل ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقاتچىلىرى 2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىگىچە ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنغان 38 مىليون ماقالىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 1.1 مىليون ماقالىدە توغرا بولمىغان ئۇچۇرلارنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. ئاخىرىدا ئۇلار ئۇ توغرا بولمىغان ئۇچۇرلار ئىچىدە 522472 ئۇچۇرنىڭ ياكى ئۇ توغرا بولمىغان ئۇچۇرلارنىڭ 46% نىڭ سۇيقەست نەزەرىيەسى كاتېگورىيەسىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. 26.4% تى، كوۋىد 19 كېسىلىنى داۋالاشتا مۆجىزە يۈز بېرىدۇ دەپ قارىغان. 4.4% كوۋىد 19 كېسىلىنى يېڭى دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن دېرىن دۆلەت تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان دەپ قارىغان. 3.6%، كوۋىد 19 كېسىلى، دېموكراتىك پارتىيەنىڭ ئويدۇرمىسى دەپ قارىغان. 2.6%، كورونا ۋىرۇسىنى، ۋۇخەندىكى تەجرىبىخانىدا ياساپ چىققان بىئولگىيەلىك قورال دەپ قارىغان. 2.5%، كورونا ۋىرۇسىنى، بىل گەيتس پەيدا قىلغان دەپ قارىغان. 1.3%، كوۋىد 19 كېسىلى نوپۇسنى كونترول قىلىش ئۈچۈن پەيدا قىلىنغان دەپ قارىغان 1.0%، كوۋىد 19 كېسىلىنى، ئامېرىكا دۆلەتلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر شۆبىسىنىڭ دېرىكتورى دوكتور فوچى ئويدۇرۇپ چىقارغان دەپ قارىغان. ئادەمنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، گەرچە بىز ئۇ ۋىرۇسنىڭ خىتايدىكى تەجرىبىخانىدا پەيدا بولغانلىقىغا شۇنداق جەزىم قىلساقمۇ، بىراق ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغانلار ئارىسىدا ئۇ قاراشتىكىلەر ئاران 2.6% نى ئىگىلىگەن. ئەكسىچە، كورونا ۋىرۇسى ياكى كوۋىد 19 كېسىلى يېڭى دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن دېرىن دۆلەت تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان ۋە دېموكراتىك پارتىيەنىڭ ئويدۇرمىسى دېگەننى تەشەببۇس قىلىدىغان ئۇچۇرلار 8% گە يەتكەن. ھەتتا كورونا ۋىرۇسىنى بىل گەيتس پەيدا قىلغان دەپ قارىغانلار ئۇچۇرلارمۇ 2.5% بولغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغانلار ئىچىدە خېلى كۆپ ساندا كىشىلەر بۇ ۋابانى سۇيقەست نەزەرىيەسى بويىچە چۈشىنىشكە تىرىشقان.

### ئۇنداقتا سۇيقەست نەزەرىيىسى دېگەن قانداق نەزەرىيە؟

سۇيقەست نەزەرىيىسى دېگىنىمىز مەلۇم بىر ۋەقەلىك ۋە ياكى مەلۇم بىر ھادىسىنىڭ نورمال چۈشەندۈرۈشىنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇ ۋەقەلىك ۋە ياكى ئۇ ھادىسىنىڭ مەلۇم بىر سىرلىق ئىنسان، بىر سىرلىق تەشكىلات ۋە ياكى بىر سىرلىق كۈچ تەرىپىدىن مەقسەتلىك پىلانلىغان سۇيقەست ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغان نەزەرىيە. ئۇ مەلۇم بىر سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ھادىسىنى مەلۇم بىر شەخس، بىر تەشكىلات ۋە ياكى بىر قارا كۈچ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىغا ئىشىنىشتۇر. ئۇ يەنە بەزى مۇھىم سىياسىي

ۋەقەلەرنى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي يۆزلىنىشلەرنى مەلۇم كۆچ تەرىپىدىن پىلانلانغان سۈيقەستنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراش ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشتۇر.

## سۈيقەست نەزەرىيىسىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى

**1. ھەممە نەرسىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان بىر ياكى بىر توپ كىشىلەر تەرىپىدىن پەيدا قىلىنىدۇ.**

**2. ئۇلار دۇنيانى ياخشى ۋە يامان ياكى يورۇق ۋە قاراڭغۇ دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ؛ ئۆزلىرىنى ياخشى تەرەپ ياكى ھەققانىيەتنى سۆزلىگۈچى ئورنىغا قويىدۇ.**

**3. ئۇلار ھېچقانداق ئىشنىڭ تاسادىپىي يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى، تاسادىپىيلىق دەيدىغان بىر نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى؛ ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنگىنىدەك ئەمەس، ھەممە نەرسە بىر بىرىگە باغلانغان دەپ، باشقىلارنى ئۆز ھېكايىسىگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ.**

**4. سۈيقەست نەزەرىيىسىنى قوللايدىغان بەزى ئىسپاتلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.**

**5. كۆپىنچە ئەھۋالدا مەۋجۇت مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ ئىنسانلارغا يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كەلگەن ۋە ھەل قىلىش ئاسان بولمىغان مەسىلىلەرنى مەركەز قىلىپ، ئۇنى مەلۇم كۈچلەرنىڭ پىلانلىشى بىلەن بولۇۋاتقاندەك كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇ مەسىلىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقان كەڭ خەلق ئاممىسىنى نىشان قىلىدۇ.**

## سۈيقەست نەزەرىيىسى قانداق پەيدا بولىدۇ ۋە خەلق ئىچىدە قانداق يىلتىز تارتىدۇ؟

**1. سۈيقەست نەزەرىيىسى دەسلەپتە مەلۇم ھادىسە ۋە ۋەقەگە گۇمان قىلىشتىن باشلىنىدۇ.**

**2. ئاندىن ئۇلار ئۇ ھادىسە ۋە ۋەقەدىن كىملەرگە پايدا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن دېگەننى ئويلايدۇ.**

**3. ئاندىن ئۇ ھادىسە ۋە ۋەقەلىكتىن پايدا ئېلىش ئېھتىمالى بولغانلارنىڭ ئۇچۇرىنى توپلاش ۋە ئېنىقلاش ئېلىپ بارىدۇ.**

**4. توپلانغان ھەر قانداق ئۇچۇرلار سۈيقەست قىلغۇچىلارنىڭ ئىسپاتى قىلىپ قوللىنىلىدۇ.**

**5. يۈز بەرگەن ھادىسە ۋە ۋەقەلەر بىلەن سۈيقەست قىلغۇچىلار ئارىسىدىكى پايدا مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ئۆز-ئارا باغلانغاندىن كېيىن، سۈيقەست نەزەرىيىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.**

**6. شۇنىڭ بىلەن سۈيقەست نەزەرىيىسى تېز تەرەققىي قىلىدۇ.**

**7. بەزى ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئۇنى رەت قىلىش ياكى ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك تەس بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن تەلەيسىزلىك، كېلىشمەسلىك ۋە ياكى مەغلۇبىيەتلەرنى، ئۆزىنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس بەلكى ئۇ سۈيقەستنىڭ سەۋەبىدىن دەپ قاراشنى تېخىمۇ خالايدۇ.**

**كىشىلەر نېمە ئۈچۈن سۈيقەست نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ ۋە ئۇنى تارقىتىدۇ؟**

**1. سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزىلەر قەستەن باشقىلارغا قۇتراتقۇلۇق قىلىش، باشقىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ۋە باشقىلارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن.**

**2. كۆپىنچە ئەگەشكۈچىلەر مەۋجۇت سىستېمىدىن يېتەرلىك بەھرىمان بولالمىغان ياكى مەۋجۇت سىستېمىغا نارازىلىقى بار كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار سۈيقەست نەزەرىيىسىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىدۇ.**

**3. مەۋجۇت ئەھۋال ۋە ھادىسىگە بولغان چۈشىنىش يېتەرلىك ۋە ئېنىق بولمىغاندا ئىنسانلار سۈيقەست نەزەرىيىسىگە ئىشىنىشنى تاللىشى مۇمكىن.**

4. بەزىلەردە، بولۇپمۇ داۋاملىق سۆيقەست نەزەرىيىسىگە ئىشىنىدىغان سۆيقەست نەزەرىيىسى مەستانىلىرىدا پسىخىكىلىق بىنورماللىق، يەنى خۇمار قىلىش بولۇشى مۇمكىن.

سۆيقەست نەزەرىيىسى پەيدا قىلغان سەلبىي تەسىرلەر

1. جامائەت ئىشەنچىسىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ، جەمئىيەتتە ئىشەنچەسىزلىك ۋە گۇمان پەيدا قىلىشى مۇمكىن.
2. ئىنسانلار ئارىسىدا قايمۇقۇش پەيدا قىلىشى ۋە ئىنسانلارنى نەتىجىسى چىقمايدىغان تالاش-تارتىشقا مۇپتىلا قىلىشى مۇمكىن.
3. ئىنسانلارنى دوست بۇرادەر ۋە جەمئىيەتتىن يىراقلاشلاشتۇرۇپ، ئۇلاردا يالغۇزلۇق ھېس قىلىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن.
4. ئىنسانلارنى ئىلىم-پەنگە ئەمەس، بەلكى سىرلىق نەرسىلەرگە ئىشىنىدىغان قىلىپ قويۇشى ۋە سەۋەبتىن ھەر خىل يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن؛
5. سەلبىي دۇنيا قاراش سۆيقەستكە ئىشىنىشكە سەۋەب بولسا، سۆيقەستكە ئىشىنىش ئىنسانلاردا سەلبىي ۋە پاسسىپ ھېس تۇيغۇ پەيدا قىلىشى مۇمكىن؛

# «ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» دىن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي ھالىتىگە نەزەر

ھازىرقى زامان پسىخىكا ئىلمىدا «ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» دەيدىغان بىر ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ھايات قالغانلاردا، بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلدە گېرمانىيە ناتسىستلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن ھايات قالغان يەھۇدىيلاردا كۆرۈلگەن پسىخىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىش نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە ئىزچىل تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان.

ئۇنداقتا «ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» قانداق تۇيغۇ؟ ئۇ قانداق ئەھۋالدا پەيدا بولىدۇ؟ كىملەر بۇ ھايات قالغانلار قاتارىغا كىرىدۇ؟ ئۇنىڭ كونكېرت ئالامەتلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

«ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» دېگىنىمىز خەتەرگە ياكى تەھدىتكە يولۇققان ئىنسانلار ئىچىدە ھايات قالغانلاردا پەيدا بولىدىغان گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى مەلۇم پاجىئەلىك ۋەقەدە ھايات قالغانلارنىڭ، ئۇ پاجىئەدە زەخمە بولغان ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر ئىش قىلالمىغانلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئۆزىنى ئەيىبلەش تۇيغۇسى بولۇپ، ئۇ بىزدە «تەلەيلىكلەرنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» ئادەتتە ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت، قاتناش ۋەقەسى قاتارلىق ھەر خىل خەتەر ياكى پاجىئەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن. بىراق ئۆزلىرى زەخمىگە ئۇچرىمىغان ياكى ھاياتتا قالغانلاردا، ھەم شۇنداقلا ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست بۇرادەرلىرىنىڭ خەتەر، تەھدىت ۋە پاجىئەلەرگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلالمىغانلار ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ھەرگىزمۇ زەخمىگە ئۇچرىمىغان ۋە ياكى ھايات قالغانلارنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ ياكى پەيدا بولغان ئۇ خىل تۇيغۇنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بەزىلەردە يەڭگىل بولسا، بەزىلەردە ئەھۋال بىر ئاز ئېغىر بولىدۇ. بەزىلەردە تېز بولسا، يەنە بەزىلەردە ئاستا-ئاستا پەيدا بولىدۇ. يەنى بەزىلەردە بولسا ئۇ خىل تۇيغۇ ئۇنچە ئېنىق بولماسلىقى مۇمكىن.

«ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» نىڭ كونكېرت ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە

**1.** زەخمە پەيدا قىلغان ھادىسە ۋە ياكى پاجىئە يۈز بەرگەن نەق مەيدان كۆز ئالدىدىن كەتمەسلىك.

2. زەخمە پەيدا قىلغان ھادىسە ۋە ياكى پاجىئە توغرىسىدا ھەددىدىن زىيادا ئويلاش ۋە ياكى ئۇلارنى ئويلاشتىن ئۆزىنى توختۇتالماسلىق.

3. كەيپىياتى ئاسان بۇزۇلۇش ۋە ئاسان ياكى سەۋەبسىز ئاچچىقلىنىش.

4. چارەسىزلىك ۋە يالغۇزلۇق ھېس قىلىش، ئۈمىدسىزلىنىش، چۈشكۈنلىشىش.

5. ئۆز ئۆزىنى ئەيىبلەش ۋە ئۆزىنى ئىنكار قىلىش؛ بىر تەرەپتىن ئۆزىنى «يېتەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمىدىم» دەپ ئەيىپلىسە،يەنە بىر تەرەپتىن «مەن نېمە قىلسام باكار» دەپ ئۆز ئۆزىنى ئىنكار قىلىش.

6. قورقۇنچ تۇيغۇسى پەيدا بولۇش ۋە روھىي كەيپىياتى قالايمىقان بولۇش.

7. ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلىش ياكى ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ كەم بولۇش.

8. ھاياتتىن ھوزۇرلىنالماسلىق، ھەر دائىم زىددىيەتلىك تۇيغۇدا بولۇش؛ بىر تەرەپتىن «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشىا» دەپ، ئۆز ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنى ھاياتتىن ھوزۇر ئېلىشقا دەۋەت قىلسىمۇ، بىراق ئارقىدىنلا زەخمە پەيدا قىلغان ھادىسە ۋە ياكى پاجىئەلەر كۆز ئالدىغا كېلىپ، ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن ۋاز كېچىش ياكى ئۇنى ئىنكار قىلىش؛ ئۆزى ياقتۇردىغان مۇزىكىنى ئاڭلاپ ياكى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كونسېرتنى كۆرۈپ، يېرىمىغا كەلگەندە، ئۇشتۇمتۇت ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقىنى خاتا دەپ قاراپ، دەرھال ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش، ھەتتا باشقىلارنىڭ شۇنداق قىلىشنى ئەيىبلەش ۋە ئۇلارغا قارشى چىقىش.

9. ئۇيقۇ بىنورمال بولۇش، يەنى بەزىدە كۆپ ئۇخلاش، بەزىدە ئۇخلىيالمالىق؛ داۋاملىق قاباھەتلىك چۈش كۆرۈش؛ يېرىم كېچىدە ئۇشتۇمتۇت ئويغىنىپ كېتىش؛

10. باش ياكى مۇسكۇللار ئاغرىش، دائىم راھەتسىزلىك ھېس قىلىش؛

11. سەۋەبسىز كۆڭلى ئايىنىش ياكى ئاشقازان ئاغرىش؛

12. ئىشتىھاسى ئېبنورمال بولۇش، بەزىدە كۆپ تاماق يېسە، بەزىدە تاماق يېگىسى كەلمەسلىك؛

13. ئىجتىمائىي ئالاقىنى ئازلىتىش، باشقىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، يالغۇزلىقنى خالاش؛

14. ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش خىيالى پەيدا بولۇش ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلاش؛

ئۇنداقتا ئۇيغۇرلار ئىچىدە كىملەر ھايات قالغانلار ياكى تەلەيلىكلەر ھېسابلىنىدۇ؟

ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن دۇنياغا چىققان لاگېر شاھىتلىرى ۋە گەرچە لاگېردا يېتىپ باقمىغان بولسىمۇ ۋەتەندىكى پاجىئەلەرگە شاھىت بولغان ۋە ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئەركىن دۇنياغا قېچىپ چىققانلارنىڭ ھەممىسى ھايات قالغانلار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ۋەتەندە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، دوست بۇرادەرلىرى ئۆلتۈرۈلگەن، لاگېرلارغا قامالغان ياكى ھەر خىل جازالارغا ئۇچرىغان، ئەمما ئۆزلىرى ۋەتەن سىرتىدا بولغاچقا، ئۇ پاجىئەلەرگە دۇچ كەلمىگەن، جۈملىدىن ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، مىللەتنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىدىغان ھەر بىر ئۇيغۇر تەلەيلىكلەر ھېسابلىنىدۇ. مۇھاجىرەتتىكى ھەر بىر ئۇيغۇر ئەگەر ۋەتەن ئىچىدە بولسا، ۋەتەندىكىلەر دۇچ كەلگەن پاجىئەلەرگە يولۇقۇشى

مۇمكىن بولغاقچا، ئەگەر ۋەتەندىكى ۋەزىيەت ياخشىلانمىسا، ئۇرۇق-تۇغقان دوست بۇرادەرلەر ئۇ پاجىئەلەردىن قۇتۇلمىسا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆپ ساندا ئۇيغۇردا ئازدۇر كۆپتۇر «ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» ياكى«تەلەيلىكلەرنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» پەيدا بولۇشى مۇمكىن

مەن **2018** - يىلى يىل ئاخىرىدا توردا بىر تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىدىم؛ ئۇ تەكشۈرۈشكە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان **1100** دىن ئارتۇق قېرىنداشلار قاتناشقان بولۇپ، تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلارنىڭ **56%** تى ئائىلەمدە بىرنەچچە ئادەم لاگېر ياكى تۈرمىدە دەپ جاۋاب بەرگەن؛ **15%** تى كەم دېگەندە بىر ئادەم لاگېر ياكى تۈرمىدە دەپ جاۋاب بەرگەن؛ **24%** تى ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالالمىغان؛ پەقەت **4%** تى ئائىلەمدە تۇتۇلغانلار يوق دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق قول سىياستىنىڭ تەسرگە ئۇچۇرىمىغانلار ناھايىتى ئاز.




ئەگەر بىز مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى پىسخىكا ئەھۋالىغا يېقىندىن دىققەت قىلساق، بىر قىسىم قېرىنداشلاردىكى «ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» نى پەرق ئەتمەك ئۇنچە قىيىن ئەمەس. مەسلەن، ھەر خىل ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا بىر قىسىم قېرىنداشلارنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئاسان بۇزۇلىدىغانلىقىنى، ناھايىتى ئاسان رەنجىدىغانلىقىنى، خاپا بولىدىغانلىقىنى ۋە ياكى سەۋەبسىز ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقىنى ھەر كۈنى

دىگۇدەك كۆرۈپ تۇرىمىز. بەزى قېرىنداشلار ئەگەر ھاياتىدا يۈز بەرگەن خۇشاللىق ئىشلارنى ياكى ئۆز ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكا ۋە سەنئەت كىچىلىكلىرىنى ئىجتىمائىي تارارقۇلاردا باشقىلار بىلەن ئورتاقلاشسا، بەزىلىرىمىز دەرھاللا «ۋەتەندە خەلقىمىز قىرىلىۋاتسا، بىز چەتئەلدە يەنە مەشرەپ ئوينايمىزمۇ؟» دېگەندەك تەنە سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى ئەيىبلەيمىز ياكى ئۆزىمىز بۇرۇن ھوزۇرلىنىدىغان ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن بۇرۇنقىدەك ھوزۇرلىنالمايمىز؛ بىز بىر تەرەپتىن «ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمىدۇق» دەپ ئۆز ئۆزىمىزنى ئەيىبلەيمىز، يەنە بىر تەرەپتىن «بىز نېمە ئىش قىلساق، چوڭ پايدىسى يوق» دەپ ئۆز ئۆزىمىزنى ئىنكار قىلىمىز ۋە چارەسىز ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، يۇقىرىقى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، گەرچە مۇھاجىرەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى قېرىنداشلارنىڭ ئائىلىسىدە بىر ياكى بىر نەچچە ئادەم لاگېر ياكى تۈرمىگە سولانغان بولسىمۇ، بىراق تۇتۇلغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلار ناھايىتى ئاز ساندا؛ يەنى كۆپ ساندىكى قېرىنداشلار گەرچە ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن قولدىن بىر ئىش كەلمىگەنلىكىدىن ئۆكۈنسەكمۇ، ئەمەلىيەت كۆپىنچىمىز بىز نېمە قىلساق بېكار دەپ ئۆز ئۆزىمىزنى ئىنكار قىلىپ، سۈكۈت قىلىشنى تاللىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا بىز دۇنيانىڭ ئاساسەتسىزلىكىدىن، باشقىلارنىڭ بىزگە ياردەم قىلمىغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ، ئاخىرىدا ھەممە نەرسىدىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزۈپ، ئېغىر دەرىجىدە چۈشكۈنلىككە چۆمۈشىمىز، نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەسلىكىمىز مۇمكىن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەكشۈرۈشتە، تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلارنىڭ **4%** تى دائىم ئۆزەمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلايمەن دەپ جاۋاب بەرگەن بولسا، **19%** تى بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزەمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلايمەن دەپ جاۋاب بەرگەن بولۇپ، جەمئىي **23%** ئادەم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلاپ باققان. بۇ نىسبەت ئامېرىكىدا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلاپ باققانلار نىسبىتىدىن تەخمىنەن **6** ھەسسە يۇقىرى بولغان. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلىغان بەزى قېرىنداشلارنىڭ بىلدۈرىشىچە، ئاتا ئانىسى ئۇلارنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە بېقىپ چوڭ قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بېشىغا دەرت ئەلەم كەلگەندە ئۇلارنىڭ يېنىدا بولالمىغان، ئۇلار ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلالمىغانلىقىدىن بەك ئۆكۈنىدىغانلىقى، ۋە شۇ سەۋەبتىن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان. بۇ تىپىك «ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» بولۇپ، ئىشىنىمەنكى بۇ خىل تۇيغۇدىكى قېرىنداشلار مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەرگىز ئاز ئەمەس.

ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىپ بۇ «ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» دىن غالىپ كېلەلەيمىز؟

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» نىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولۇپ، ئۇ ئاخىرلاشمىغىچە، خەلقىمىز ھەقىقىي تۈردە ئەركىنلىككە چىقمىغىچە، بىزدىكى بۇ «ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» تۈگىمەسلىكى مۇمكىن؛ بىراق شۇنداقتىمۇ ئەگەر بىز بۇ مەسىلىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن چارا تەدبىر قوللانمىساق، خەلقىمىز روھىي جەھەتتە ئېغىر مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. ئەگەر مۇھاجىرەتتىكى خەلقىمىز روھىي جەھەتتە زەربىگە ئۇچرىسا، ئۈمىدىنى يوقاتسا، چۈشكۈنلەشسە، بۇ دەل خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۈمىد قىلغىنى بولۇپ، بىز ھەر جەھەتتىن قوشلاپ زىيان تارتىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى ئىنساننىڭ روھىي ھالىتى ۋە پسىخكىسى

ساغلام بولمىسا، ئۇنىڭ تەپەككۇرى ساغلام بولمايدۇ؛ تەپەككۇرى ساغلام بولمىسا، توغرا ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ ۋە نەتىجىدە توغرا تەدبىر ئېلىشقا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ۋە ۋەتەندىكى ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست بۇرادەرلىرى ئۈچۈن روھىي جەھەتتە ساغلام ياشىشى ۋە ھەر خىل پسىخىكىلىق مەسىلىلەردىن ساقلىنىشى كېرەك؛ «ھايات قالغانلارنىڭ گۇناھكارلىق تۇيغۇسى» ئۈستىدىن غالىپ كېلىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك.

1. جاۋابكارلىقنىڭ كىمدە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھەر دائىم ئۆزىمىزنى ئەسكەرتىپ تۇرۇشىمىز ۋە ئۆزىمىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك.

2. كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يېڭىپ، قايغۇنى كۆچكە ئايلاندۇرالايدىغانلىقىمىز توغرىسىدا ھەر دائىم ئۆزىمىزنى ئەسكەرتىپ تۇرىشىمىز، ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويساق، دوستىمىز ئەمەس دۈشمىنىمىزنى خوش قىلىدىغانلىقىمىزنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

3. بىزنىڭ ھايات قېلىشىمىزنىڭ بىزنى سۆيگەنلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەسەللى بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويساق، ۋەتەندىكىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يوقۇتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

4. ئۆزىمىزنى ئەيىبلەشنىڭ ھېچ ئىشقا يارىمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز، ئۇنىڭ ئورنىغا قولىمىزدىن كېلىشىچە ھەرىكەت قىلىشىمىز، تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

5. ئۆز-ئارا ئەيىبلەش ۋە ئۆز-ئارا ئىنكار قىلىشنى توختۇتۇپ، بىر بىرىمىزگە دەستەك بولۇشىمىز كېرەك.

6. زۆرۈر بولغاندا پسىخىكا دوختۇرىغا كۆرۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشىمىز كېرەك.

ئاخىرىدا يازمامنى ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچى ۋە ئەڭ ياخشى سېتىلغان كىتاب ئاپتورى جەسكا ئورتنانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرماقچى.




گۇناھكارلىق تۇيغۇسى ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتمەيدۇ

گۇناھكارلىق تۇيغۇسى كەلگۈسىنى ياخشىلىمايدۇ

گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنىڭ يا باشقىلارغا يا ئۆزىمىزگە ياردىمى بولمايدۇ

گۇناھكارلىق تۇيغۇسى، مەسىلىمىزنى ھەل قىلمايدۇ

گۇناھكارلىق تۇيغۇسى بىزنىڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش، كۈچلىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىمىزنى توسۇپ قويىدۇ.

گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەك.

# غەرب بىزنى قوللامدۇ؟

بۇ بەك چوڭ بىر تېما بولۇپ، ماڭا ئوخشاش سىياسەت ئوقۇمىغان بىر ئادەمگە نىسبەتەن، بۇ بىر مۇرەككەپ ۋە ئاشقان تېما بولىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ تېما توغرىسىدا ئويلىنىپ، ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغانلىرىمنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ماقالىنى يېزىشنى قارار قىلدىم.

مۆرەمدىن ئاشقان تېما بولسىمۇ، بىراق غەربتە جۇملىدىن ئامېرىكىدا 20 يىلدىن ئارتۇق ياشىغان بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇ ھەقتە ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىنى قېرىنداشلار بىلەن ئورتاقلىشىپ ئۆتمەكچىمەن.

مەن 2018 ـ يىلى ۋە 2019 ـ يىللىرى توردا ئېلىپ بارغان راي سىناشتا، قايسى دۆلەتلەر بىزنى ئەڭ قوللايدۇ دەيدىغان بىر سوئال بولۇپ، تۇنجى قېتىملىق راي سىناشتا، راي سىناشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ 52% تى، تۈركىيە بىزنى ئەڭ قوللايدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن بولسا، ئارىدىن 8 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئېلىپ بارغان ئىككىنچى قېتىملىق راي سىناشتا، تۈركىيە بىزنى ئەڭ قوللايدۇ دېگۈچىلەر ئەسلىدىكى %52 دىن 12% گە تۆۋەنلەپ، جەمئىي 59% راي سىناشقا قاتناشقۇچى ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرى بىزنى ئەڭ قوللايدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. مەيلى تۇنجى قېتىملىق ياكى ئىككىنچى قېتىملىق راي سىناشتا بولسۇن، مۇسۇلمان دۆلەتلەر بىزنى ئەڭ قوللايدۇ دەپ قارىغۇچىلار 1% دىن تۆۋەن بولۇپ، تەخمىنەن 20% راي سىناشقا قاتناشقۇچى ھېچقايسى دۆلەت بىزنى قوللىمايدۇ دەپ جاۋاب بەرگەن.

ۋەتەندىكى ۋەزىيەتنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېغىرلىشىشىغا، لاگېر شاھىتلىرىنىڭ جەسۇرلۇق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە مۇئاھجىرەتتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاكتىپلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، ئالدى بىلەن ئامېرىكىدا، خەلقىمىز ئۇزۇن زامان تەشنا بولغان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىستى قانۇنى» رەسمىي تەستىقلاندى؛ ھەم شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ سابىق تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋە سابىق مۇئاۋىن پرىزدېنتى، كۆپلىگەن چوڭ كىچىك سورۇنلاردا ئوچۇق ئاشكارە ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە كۈچلۈك سىگنال بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكىنىڭ سابىق پرىزدېنتى ترامپ، خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان سودا ئۇرۇشىدا، خىتاي ماللىرىغا قويۇلغان باجنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنى سىقىشتۇردى ۋە خەلقىمىزگە زور ئۈمىد ئېلىپ كېلىپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ترامپ قىزغىنلىقى پەيدا بولدى. نەتىجىدە ئامېرىكىنىڭ پرىزدېنت سايلىمى مەزگىلىدە، خەلقىمىزنىڭ سابىق ئامېرىكا پرىزدېنتىغا بولغان ئۈمىد، ئىشەنچىسى ۋە يۇكسەك قىزغىنلىقى تۈپەيلىدىن، ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان سىياسىتىنى پۈتۈنلەي ترامپ ھۆكۈمىتىگە باغلاپ، بايدىن باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك پارتىيەسىگە ئۆچمەنلىك قىلىشتەك ئەھۋاللار شەكىللەنگەن ئىدى. بايدىن پرىزدېنت بولغاندىن بۇيان، يالغۇز ئامېرىكا ھۆكۈمىتىلا ئەمەس، بەلكى ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرى بولغان 30 دىن ئارتۇق غەرب دۆلىتى، خىتاي بىلەن بولغان سودىدا زىيان تارتىش ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئېلىش خەتىرىنى كۆزگە ئېلىپ،

ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغان ھەر خىل قارارلارنى ئالدى ۋە بىر قىسىم خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە خىتاي شىركەتلىرىگە ئىمبارگو ئېلان قىلىشتى.

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غەرب بىزنى قوللايدۇ. ئۇنداقتا مېنىڭ بۇ مەسىلىنى يەنە مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرۇشىمنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە ھەر ئادەمنىڭ بۇ مەسىلىگە ئۆزگىچە چۈشەنچىسى ۋە ئۆزگىچە يەكۈنلىرى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە بىزنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىش ئۈچۈن، بۇ مەسىلە توغرىسىدا تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئارىمىزدا بەزى قېرىنداشلار نوقۇل ھالدا غەرب، جۈملىدىن ئامېرىكا خىتايغا ئۆچ، شۇڭا بىزنى قوللايدۇ دەپ قارىسا، يەنە بەزى قېرىنداشلار بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە زور يەر ئاستى بايلىق بار، غەرب ئۇ بايلىقنى كۆزدە تۇتۇپ بىزگە ياردەم قىلىدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن. بەزى قېرىنداشلار ۋەتەنىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ قۇرۇقلۇق ئارقىلىق غەربكە كېڭىيىشىدىكى قالقان، غەرب خىتاينىڭ غەربكە كېڭىيىشىنى توسۇش ئۈچۈن بىزنى قوللايدۇ دەپ قارىسا، يەنە بەزى قېرىنداشلار، غەرب بولۇپمۇ ئامېرىكا خىتاينىڭ ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر، تىبەت، خوڭكوڭ، تەيۋەنلەرنى قوللاش ئارقىلىق، خىتاينى چەكلەيدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن. ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە نىسبەتەن پەرقلىق پىكىردە بولغان غەربلىكلەر ۋە خىتاينى قوللايدىغان كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئامېرىكا خىتاينىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، خىتايغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ۋاستە قىلىپ قوللىنىۋاتىدۇ، ھەتتا يالغاندىن ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. ئەمەلىيەتتە غەرب جۈملىدىن ئامېرىكا ئۇيغۇرلارغا ھەرگىز كۆڭۈل بۆلمەيدۇ دەپ قاراشماقتا.

ئۇنداقتا غەرب، جۈملىدىن ئامېرىكا ئۇيغۇرلارنى زادى قوللامدۇ يوق؟ ئەگەر قوللىسا نېمە سەۋەبتىن، نېمە مەقسەتتە قوللايدۇ؟ قايسى دەرىجىدە قوللايدۇ ۋە قايسى ۋاقىتتىن قوللايدۇ؟ شەرتلىك قوللامدۇ ياكى شەرتسىز قوللامدۇ؟ ئامېرىكىدىكى قايسى پارتىيە ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ قوللايدۇ؟

ئەگەر دىققەت قىلساق، غەربتە ھايۋانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغدايدىغان تەشكىلاتلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزىدە ئادەم ئەجەبا ھايۋاننىڭ ھەق-ھوقۇقى ئىنساننىڭ ھەق-ھوقۇقىدىن ئۈستۈن تۇرامدۇ دەيدىغان تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. ئۇندىن قالسا غەربتە ئەڭ كۆپ بولغىنى كىچىك بالا ۋە ئاجىز مېيىپلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغدايدىغان تەشكىلاتلار. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى بولمىغاچقا، ياكى ئۆزىنى قوغداشتا پاسسىپ ئورۇندا بولغاچقا، غەربلىكلەر ئۇلار تېخىمۇ قوغداشقا موھتاج دەپ قارىغانلىقتىن. غەربنىڭ قىممەت قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بۇ خىل "ئەخلاقى مەجبۇرىيەت" (مورال ئوبلىگاتىئون)، غەربتە ئومۇملاشقان ئادالەت تۇيغۇسىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇ مەلۇم مەنادىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن غەربتىكى كۆپلىگەن شىركەتلەر، ئۆزلىرى خالىغان ياكى خالىمىغان ھالدا، مەيلى ئۆزلىرى قول قويغان كېلىشىملەرنىڭ چەكلىمىسى ياكى جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن بولسۇن، ئەڭ ئاخىردا خىتايدىن كېلىدىغان كۆپلىگەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىپ، ئۇيغۇر مەسىلىسىدە، ئۆزلىرىنىڭ ئېنىق مەيدانلىرىنى ئىپادىلەپ، ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، غەربتە كەڭ تارقالغان «دۇنيادا ھەقسىز تاماق يوق» دەيدىغان بىر جۈملە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى ھەر قانداق نەرسىنىڭ بىر سەۋەبى ۋە بەدىلى بار دېگەنلىك. يەنى بىر ئادەم ھەقسىز تاماققا ئېرىشكەندە، ئۇنى پۈتۈنلەي ھەقسىز دەپ قارىماي، ۋاقتى كەلگەندە باشقىلارغىمۇ ھەقسىز تاماق تەمىنلەشنى بىلىشى كېرەك. غەرب جەمئىيىتىدە ئەڭ تەشەببۇس قىلىدىغان نەرسە ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت بولۇپ، بۇ دېگەنلىك ھەر بىر ئىنسان ئۆز ھەق-ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك دېگەنلىك؛ بۇ دېگەنلىك ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھەق-ھوقۇقىنى تەكىتلىگەندە، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ھەق-ھوقۇقى بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك دېگەنلىك. غەربتە ھازىر تەشەببۇس قىلىنىغان باراۋەرلىك ۋە ئىنسان ھەق-ھوقۇقلىرى، ھەرگىز ئۆزلىكىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن زامان داۋام قىلغان ھەقسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنى باشتىن كەچۈرۈپ، قان تۆكۈش ۋە بەدەل تۆلەش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، بىر ئىنسان ياكى بىر مىللەت ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغاندا، ئۇ ئادالەتسىزلىكنىڭ كۆنۈلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىگىمۇ كېلىپ قېلىشىنى ئويلاپ، ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغانلارنى قوللايدۇ. ئۇنىڭ شەرتى ۋە بەدىلى ئۇ ئىنسان ۋە ياكى ئۇ مىللەتنىڭ باشقىلارغا ئادالەتسىزلىك قىلماسلىقى ۋە ياكى باشقىلار ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغاندا، ئۇلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىشىدۇر. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بىز ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغان بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئەگەر غەربنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولساق، بىزمۇ غەربنىڭ قىممەت قارىشى بويىچە باشقىلارغا ئادالەتسىزلىك قىلماسلىقىمىز، باشقىلار ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغاندا، بىزمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرالىشىمىز كېرەك. بۇ دۇنيادا بىر مىللەتنىڭ ھەق-ھوقۇقى يەنە بىر مىللەتتىن ئۈستۈن ئەمەس. بىزنىڭ كۈرەشىمىزنىڭ مەقسىتى باشقىلارغا زوراۋانلىق يۈرگۈزۈش بولماستىن، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ھەق-ھوقۇقىمىزغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەت قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقىلارنىڭمۇ بىز بىلەن باراۋەر ھەق-ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش. ئەگەر بىز بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە باشقىلاردىن ئادالەت ۋە ياردەم تەلەپ قىلىپ، ۋاقتى كەلگەندە باشقىلارغا زورۋانلىق قىلىش نىيىتىمىز بولسا، بىزمۇ بىزگە زوراۋانلىق قىلىۋاتقان زالىملاردىن ھېچقانداق پەرقىمىز بولمايدۇ. ئۇ چاغدا غەرب بىزنى ھەرگىز قوللىمايدۇ.

شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، غەربنىڭ بىزگە ياردەم قىلىشىنىڭ سەۋەبى، غەربنىڭ بىزنى ئالاھىدە چوڭ بىلگەنلىكى، بىزنى بەك يېقىن كۆرگەنلىكى ۋە ياكى بىزدىن كېلىدىغان پايدىنى كۆزدە تۇتقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بىزنى ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىنسان كۆرگەنلىكى، ئەگەر ئىنسانلىق نۇقتىسىدىن ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئىنسان ئۈچۈن ھەق گەپ قىلمىغاندا، ئۆزى ئىشەنگەن قىممەت قاراشقا ۋە ئۆزى تۇزگەن دۇنيا رەت تەرتىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىدىندۇر. چۈنكى ئىنسان قانچىلىك بايلىق توپلىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قانچىلىك ئادالەتپەرۋەر ۋە ھەقنى ياقىلاش بىلەن ئالىيجاناپتۇر. مەن بۇ يەردە غەربلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئالىيجاناپ دېمەكچى ئەمەسمەن. لېكىن غەربتە ئومۇملاشقان ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشى ۋە كۆپ ساندا ئىنسانلار قوبۇل قىلغان ئەخلاق پەزىلەت ئۆلچىمى تۈپەيلىدىن، غەربتە ياشاۋاتقان ئىنسانلار تەبئىي ھالدا، كەم دېگەندە شەكىل جەھەتتە بولسىمۇ، ئۇ ئۇنىۋېرسال قىممەت قاراش ۋە ئەخلاق پەزىلەت ئۆلچىمىگە بوي سۇنۇشقا مەجبۇر بولغان. ئەلۋەتتە، ئامېرىكىنىڭ خىتاينى ئۆزىنىڭ رىقابەتچىسى دەپ قاراشتىن، بارا-بارا خىتاينى

ئۆزىگە، ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان قىممەت قاراشقا، ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا تەھدىت دەپ بىلىشكە ئۆزگىرىشى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئامېرىكىنىڭ خىتايىنى چەكلىمەكچى بولغانلىقى، ئۇ بىر سىر ئەمەس.

ئامېرىكا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، غەربتىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىگە يەنىلا كۈچلۈك تەسىرى بار. دۇنيادا ھەر قانداق ئىشنىڭ بىر بەدىلى بولغاچقا، كۆپلىگەن دۆلەتلەر يالغۇز بەدەل تۆلەشنى خالىمايدۇ. ئۇيغۇر مەسىلىسىدە خىتايغا قارشى ئىپادە بىلدۈرۈشتىمۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا كۆپلىگەن دۆلەتلەر يەنىلا ئامېرىكىنىڭ پوزىتسىيىسىگە قارايدۇ. ئامېرىكىمۇ خىتايدەك چوڭ بىر دۆلەتنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشىغا موھتاج. ترامپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن 4 يىل جەرياندا، گەرچە ترامپ خىتايغا بەزى قاتتىق سىياسەتلەرنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، بىراق ترامپنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە سەل قارىشى سەۋەبىدىن، خىتايغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرەلمىگەن ئىدى. ھەتتا ئاخىردا ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاي بىلەن سودا كېلىشىمى تۈزۈشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقان. بايدېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، بەزى جەھەتلەردە ئورتاقلىق ھاسىل قىلىۋاتىدۇ.

ئامېرىكىدىكى ئىككى چوڭ پارتىيە ئارىسىدا گەرچە بەزى كەسكىن رىقابەتلەر بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ئاز ئۇچرايدىغان ئورتاقلىق بەرپا بولغان. مەيلى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق ۋە سىياستى قانۇنى بولسۇن، مەيلى ئامېرىكىدا ئېلىنغان ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا قارارلار بولسۇن، ئۇيغۇر مەسىلىسى ئامېرىكىدىكى ئىككى چوڭ پارتىيەنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. بۇ بىزگە نىسبەتەن ئەڭ چوڭ غەنىمەت. شۇڭا بىز ھېسسىياتىمىزغا تايىنىپ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزدىن ئاچچىق ساۋاق ئېلىپ، تەپەككۇرىمىزنى ئوچۇق قىلىپ، ئالدىمىزغا كەلگەن پۇرسەتلەرنىڭ قىممىتىنى بىلىشىمىز ۋە ئۇنى سۈيئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

# غەربنىڭ دېموكراتىيەسى ۋە ئۇيغۇرلار

غەربتە قىسمەن ئۇيغۇرلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ غەربتە توپلام ياشاشقا باشلىغىنىغا ئەڭ كۆپ بولغاندا 30 يىلدىن ئازراقلا ئاشقان بولسا كېرەك. بىز غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، خۇددى قەپەزدىن چىققان قۇشقا ئوخشاش، قانات قېقىپ ئۇچۇشقا باشلىدۇق. ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەنىڭ تەمىنى تېتىدۇق. ئەمما غەربكە كۆچۈپ بارغان ۋاقتىتكى ياش پەرقىمىز، ۋەتەندە ئالغان تەربىيەنىڭ تەسىرى ۋە ۋەتەندە كۆنگەن ئادەتلىرىمىز تۈپەيلىدىن، بەزىلىرىمىز غەربنىڭ دېموكراتىيەسىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشەنگەن بولساق، بەزىلىرىمىز غەربنىڭ دېموكراتىيەسىنى پۈتۈنلەي خاتا چۈشەندۇق ۋە ئۇنى خاتا قوبۇل قىلدۇق. بەزىلىرىمىز خىتاينىڭ دىكتاتورلۇق تۈزۈمىنىڭ تەسىرىدىن تولۇق قۇتۇلغان بولساق، يەنە بەزىلىرىمىز خىتايدا كۆنگەن تەپەكۇر قىلىش ئۇسۇلىمىزدىن تولۇق قۇتۇلالمىدۇق. بەزىلىرىمىز غەربنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتكە پايدا يەتكۈزۈشكە تىرىشقان بولساق، يەنە بەزىلىرىمىز ئۇنى سۇيئىستېمال قىلىپ، ئۇنى باشقىلارغا خالىغانچە ھۇجۇم قىلىپ، شەخسىي غەرەزلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالدۇق. بەزىلىرىمىز گەرچە ئېغىزىمىزدا دېموكراتىيە، ئەركىنلىك دېسەكمۇ، بىراق ئەمەلىيىتىمىزدە باشقىلارغا دىكتاتورلۇق قىلىپ، ئوخشىمىغان كۆز قاراشتا بولغانلارنى چەتكە قاقتۇق. ھەتتا ئۇلارنى ئىنكار قىلىپ، ئۇلارغا دۈشمەن كۆزى بىلەن قاراشتۇق. بەزىلىرىمىز غەربتە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى خالىغانچە تەنقىد قىلغىلى، ھەتتا ھاقارەت قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىمىزگە ياقمىغان تەشكىلات باشلىقلىرى ۋە پائالىيەتچىلەرنى خالىغانچە ھاقارەت قىلىشتۇق. ئۇلار ئۆتكۈزگەن بەزى سەۋەنلىك ياكى خاتالىقنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى ۋەتەن خائىنىغا چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇندۇق. ھەتتا بىزگە زۇلۇم قىلىۋاتقان دۈشمەننى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۇلار ۋە ئۇلار تەۋە تەشكىلاتلارنى كۈرەشنىڭ نىشانى قىلىۋالدۇق. ئۇلارنى يوق قىلىشقا ئۇرۇندۇق. ئۇنىڭ دەۋاغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنى قىلچە ئويلاپمۇ قويمىدۇق.

ئۇنداقتا غەربتىكى دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ نېگىزى نېمە؟ ئۇ قانداق بىر جەريانلارنى باشتىن ئۆتكۈزگەن؟ ئۇنىڭ رېئاللىقتا ئەمەلىيلىشىشىنىڭ ئاساسى نېمە؟ بىز ئۇنى قانداق چۈشىنىشىمىز ۋە ئۇنى قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك؟

غەربتىكى دېموكراتىيەنىڭ نېگىزى ئىنسانلار ئارىسىدىكى نىسپىي باراۋەرلىك ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىش بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە ئۆزىنى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ھەرقانداق جەمئىيەتتە ھەم ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ھەم پۇقرا، ھەم خوجايىن ھەم خىزمەتچى، ھەم كۈچلۈك ھەم ئاجىز، ھەم باي ھەم كەمبەغەل مەۋجۇت. ئۇلار جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكنىڭ قارمۇ قارشى ئىككى تەرىپى بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەتلەر جەمئىيەتتىكى توقۇنۇشنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. دېموكراتىك تۈزۈلمىدە يۇقىرىقىلار ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىك ۋە زىددىيەتنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، پۇقرالارغا سايلاش ۋە سايلىنىش، شۇنداقلا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى

نازارەت قىلىش پۈرستى يارىتىپ بەرگەن بولسا، خوجايىن ۋە خىزمەتچىلەرگە ئۆز ئارا تاللاش ۋە خىزمەتچىلەرگە خوجايىندىن ئىشلىگىنىگە لايىق ھەق تەلەپ قىلىش پۈرستى يارىتىپ بېرىش، ئاجىز ۋە كەمبەغەللەرنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغداش ئارقىلىق، نىسپىي باراۋەرلىك بەرپا قىلىغان. يەنى بۇ يەردىكى نىگىزلىك مەسىلە ئۆز ئارا قارمۇ قارشى بولغان ئىككى تەرەپ ئارىسىدا بىر بىرىنى تاللاشتىن ئىبارەت نىسپىي بارەۋەرلىك مەۋجۇت. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا غەربتىكى دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك، تەرەپلەر ئارىسىدىكى نىسپىي باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى تەرەپلەرنىڭ ھەق ھوقىدىكى باراۋەرلىك بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىر تەرەپنىڭ ئەركىنلىكىنىلا تەشەببۇس قىلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئەركىنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىش ياكى ئۇنى خالىغانچە ئاياق ئاستى قىلىش دېگەنلىك ئەمەس. ئەپسۇس بەزىلىرىمىز غەربنىڭ دېموكراتىيەسى ۋە ئەركىنلىكىنى خاتا چۈشۈنۈپ، ئۇنى قارشى تەرەپنى خالىغانچە تىللاش، ھاقارەت قىلىش ئورنىدا قوللىنىۋاتىمىز. ۋىللىئام ج. ھ. بوئەتككەر مۇنداق دېگەن ئىكەن: "ئىنسانلار كىشىلىك ھوقۇقىنى بەك تەكىتلەپ، ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇپ قالغاندا، دۆلەت (مىللەت) ۋەيرانلىققا يۈزلىنىدۇ."

ئەڭ موھىمى غەربتىكى دېموكراتىك دۆلەتلەردە جۇملىدىن ھەرقانداق مۇستەقىل دۆلەتتە، خەلقنىڭ ھۆكۈمەت ئۈستىدىن نازارەت قىلىشقا، ۋە ئۆكتىچىلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنى تەنقىد قىلىشقا، ھەتتا ئۇلارنى ھاكىمىيەتتىن ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا پىششىپ يېتىلگەن شەرت شاراھىتى بار. چۈنكى مۇستەقىل دۆلەتلەردە مەيلى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر بولسۇن، ياكى ئۆكتىچىلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ مەقستى دۆلەتنى ۋەيران قىلىش ياكى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھۆقۇقىنى يوق قىلىش بولماستىن، بەلكى دۆلەتنى ئۆزى توغرا دەپ بىلگەن ئۇسۇلدا باشقۇرۇش ئۈچۈندۇر. يەنى ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر بىلەن ئۆكتىچىلەر ئارىسىدىكى كۆرەشنىڭ نەتىجىسى پەقەتلا ھاكىمىيەتتە ئۆزگۈرۈش پەيدا قىلىش ۋە دۆلەتنى ئۆزلىرى ئۈمۈت قىلغان يوسۇندا ئىدارە قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ شۇ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ياكى ئىگىلىك ھوقۇقىغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. ئەمما بىزدىكى تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە كۈرەشلەر، يالغۇز تەشكىلاتلار ۋە خەلقىمىزنىڭ زېھنىنى خورىتىپلا قالماستىن، بەلكىم خەلقىمىزنىڭ ئومۇمى مەنپەتىگە ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىزگە ئېغىر سەلبى تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇندىن باشقا مۇستەقىل دۆلەتلەردە، دۆلەت ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر تەرەپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغان بولۇپ، ئۆكتىچىلەرنىڭ خىزمىتى ھاكىمەت ئۈستىدىكىلەرنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى رىقابەت ھاكىمىيەت بېشىغا كىمنىڭ چىقىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما بىزگە نىسبەتەن، دەۋانىڭ مەقستى ۋەتەننى مۇستەقىل قىلىش بولغاچقا، ئۇنى بىرەر تەشكىلات ھۆددىگە ئېلىۋالغىنى يوق. بىزدە ھەممە تەشكىلاتلارغا يەتكىدەك دەۋا بار. شۇڭا تەشكىلاتلار ئارىسىدىكى رىقابەت، بىر بىرىنى ئىنكار قىلىش ۋە ياكى بىر بىرىگە ئورا كولاش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئورتاق دۈشمەنگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش نەتىجىسى بىلەن ئىپادىلىنىشى كېرەك.

ھەممىمىز بىلگەندەك، ئەينى ۋاقىتتا خىتاي دۆلىتىنى گومىنداڭ پارتىيەسى ئىدارە قىلىۋاتقان بولۇپ، خىتاي كومنىستىك پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى گومىنداڭغا نىسبەتەن ئۆكتىچىلىك رول ئوينىغان ۋە گومىنداڭغا چىش تەرنىقىغا قەدەر قارشى بولسىمۇ، بىراق ياپونىيە خىتاينى بېسىۋالغاندا، خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، خىتاي دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۆز ئارا چىش تەرنىقىگىچە ئۆچ بولغان گومىنداڭ بىلەن كومنىستلار ياپونغا قارشى بىرلىك سەپ

قوروپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلغان. ياپون مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى كاپالەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇلار 4 يىلدىن ئارتۇق ئىچكى ئۇرۇش قىلىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرى ئاخىر ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى گومىنداڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان. شۇڭا بىز دۈشمەننى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز ئارا كۈرەش قىلىدىغان ئۆكتىچىلىكنى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇنىساقمۇ كېچىكمەيمىز. بىزگە نىسبەتەن موھىم بولغىنى ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق دۈشمەنگە قارشى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بىرلىك سەپ قۇرۇپ چىقىش؛ ۋاقتىمىز ۋە چەكلىك ئىنىرگىيەرىمىزنى ئۆزىمىزگە قارشى تۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا سەرپ قىلىش. ئەگەر بىز مۇستەقىل دۆلەتلەردىكى ئۆكتىچىلەرنى ئۆزىمىزگە ئۈرنەك قىلىپ، چەكلىك ئىنىرگىيەرىمىزنى ئۆزىمىز ئىچىدە "ئۆكتىچىلىك" ئويناشقا سەرپ قىلساق، كۈرەشنىڭ نىشانىنى ئۆزىمىز رىقابەتچى دەپ بىلگەن تەشكىلات ۋە شەخسلەرگە قارىتۋالساق، دۈشمەنگە ئويان قويۇپ بېرىشىمىز ۋە يەتمەكچى بولغان مەقسىتىمىزگە مەڭگۈ يېتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن.

ئەلۋەتتە ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نامى بىلەن دەۋا ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسلەرنى نازارەت قىلىش، ئۇلارغا تەكلىپ ۋە تەنقىدى پىكىر بېرىش ھوقۇقى بار، ھەم شۇنداقلا دەۋانى قوللاپ قۇۋەتلەش مەجبۇرىيىتىمۇ بار. ھېچقانداق بىر دۆلەتتە پۇخلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي تۇرۇپ، ھوقۇقتىن بەھرىمان بولىدىغان ئىش يوق. جوھن ف كەنەدي مۇنداق دېگەن ئىكەن: "بىزنىڭ ئىمتىيازلىرىمىز مەجبۇرىيىتىمىزدىن ئۈستۈن ئەمەس؛ ھوقۇقىمىزنى قوغداش مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىشتىن ئۈستۈن ئەمەس."

كەڭ خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن، تەشكىلاتلار ۋە ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىگە تەكلىپ ۋە تەنقىدى پىكىر بەرگەندە، چوقۇم سەممىيەتلىك بولۇشى كېرەك؛ مەقسەت مەلۇم شەخسلەرنىڭ سەۋەنلىكى ياكى خاتالىقى تۈپەيلىدىن، ھەم شۇنداقلا شەخسلەر ئارىسىدىكى ئاداۋەت تۈپەيلىدىن، تەشكىلاتلارغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ياكى تەشكىلاتلارنى ۋەيران قىلىش بولماستىن، بەلكى دەۋانى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. تەشكىلات رەھبەرلىرىگە نىسبەتەن، تەنقىدى پىكىر بەرگەن ۋە ياكى ئوخشىمىغان قاراشتا بولغانلارنىڭ پىكىرىگە ھۆرمەت قىلىش، پىكىر ۋە كۆز قاراشتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، باشقىلارغا دۈشمەن كۆزى بىلەن قارىماسلىق كېرەك. ئەڭ موھىمى، قارشى تەرەپكە ئىسپاتسىز خىتاي ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ياكى خىتاينىڭ ئادىمى دېگەن قالپاقنى كەيگۈزۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئاساسسىز تۆھمەتلەر خەلق ئارىسىدا گۇمان ۋە ئىشەنچسىزلىك پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆز ئارا ئىشەنمەس قىلىپ قويىدۇ؛ ئۇ بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىققا ئېغىر سەلبى تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە مىللەتنىڭ ئومۇمى مەنپەتى ۋە دەۋا ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرايدۇ.

## غەربتىكى مەنبە ئىشەنچلىكلىكى ۋە بىزنىڭ داۋا

ئىنسانلارنىڭ سۆز ئەركىنلىكى، ئاخباراتنىڭ ئۇچۇر ئەركىنلىكى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان، ھەر خىل ئۇچۇر ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كۈندە ھەر خىل ئۇچۇرلار كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولۇپ، قايسىغا ئىشىنىپ، قايسىغا ئىشەنمەسلىكنى تاللاش ناھايىتى قىيىن. غەرب دۆلەتلىرىدە گەرچە قانۇن ـ تۈزۈم نىسبەتەن مۇكەممەل، ئىنسانلارنىڭ قانۇن ئېڭى نىسبەتەن يۇقىرى بولسىمۇ، بىراق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن نۇرغۇن مەسىلىلەردە، يەنىلا ئىنسانلارنىڭ راستچىللىقى ۋە سەمىمىيلىكىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بەزى ئىنسانلاردىكى سەمىمىيەتسىزلىك ۋە ئەخلاق پەزىلەتلىرىدىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، غەرب جەمئىيىتىمۇ يالغان ئۇچۇر ۋە ئالدامچىلىقتىن پۈتۈنلەي خالىي ئەمەس. بولۇپمۇ ئۆز ئارا زىت بولغان ھەر خىل ئۇچۇرلارنىڭ كۆپلىكىدىن، ئادەم بەزىدە قايسىغا ئىشىنىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. ئۇنداقتا غەربتە نېمىگە تايىنىپ، ئىنسانلارنىڭ سۆز ئەركىنلىكى بىلەن سۆزلىگەن سۆزىگە مەسئۇل بولۇشنى، راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىقنى، سەمىمىيلىك بىلەن ساختىپەزلىكنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى نىسبەتەن ساغلام داۋام قىلالىغان؟ غەربتە ئۇ مەسىلىلەرنى ئىجتىمائىي ھۆكۈم نەزەرىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولغان مەنبە ئىشەنچلىكى نەزەرىيىسى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىپ كەلگەن.

ئۇنداقتا غەربتىكى بۇ مەنبە ئىشەنچلىكى نەزەرىيىسى قانداق بىر ئۇقۇم؟ ئۇ قانداق شەكىللەنگەن؟

مەنبە ئىشەنچلىكى نەزەرىيىسى — ئىنسانلارنىڭ باشقىلار ۋە ياكى مەلۇم ئورگانلار، تەشكىلاتلار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلارغا ئىشىنىش دەرىجىسىنى تەتقىق قىلىدىغان نەزرىيە بولۇپ، ئۇنى **1940** ـ يىللىرى تۇنجى بولۇپ ئامېرىكىلىق پسخولوگ كارل ھوۋلاند بىلەن جەمئىيەتشۇناس پسخولوگ مۇزەففەر شەرىف ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ نەزرىيەدە قانداق قىلىپ ئۇچۇر تەمىنلىگۈچى بىلەن ئاڭلىغۇچى ئارىسىدىكى ئىشەنچىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىپ، ئۇ جەھەتتە ناھايىتى ئەتراپلىق كۆز قاراش ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئۇلار ياكى ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان ئۇچۇر ئىشەنچلىكلىكى نەزەرىيىسىدە، ئۇچۇر تەمىنلىگۈچىنىڭ ئىقتىدارى، چىقىشقاقلىقى، تەمكىنلىكى، خاراكتېرى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدارى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئۇچۇر تەمىنلىگۈچىگە ئىشىنىش دەرىجىسىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىقتىدار ئامىلى، لاياقەتلىك، مۇتەخەسسىسلىك، راستچىللىق، ئىشەنچلىك، ئوچۇقلۇق، قىممەت قاراش ۋە ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش بولماسلىق ئەھۋالى قاتارلىق يەتتە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. چىقىشقاقلىق ئامىلى بولسا جاسارەت، دادىللىق، سۆزلەشكە پېتىنىش ئەھۋالى ۋە ئاۋاز

چىقىرىش ئەھۋالى قاتارلىق تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. تەمكىنلىك ئاملى بولسا ھاياجانلىنىش، سالماقلىق، جىددىيلىشىشلىشىش ۋە سوغۇققانلىق قاتارلىق تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. خاراكتېر ئاملى، ئاق كۆڭۈللۈك، ھېسسىداشلىق، شەخسىيەتسىزلىك ۋە گۈزەل ئەخلاق قاتارلىق تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئىجتىمائىي ئالاقە ئىقتىدار ئاملى، دوستانىلىك، خوشخۇيلۇق تەبىئىتى قاتارلىق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

غەربتە ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ ئىشەنچىلىكلىك دەرىجىسىنى ياكى سۆز ساھىبلىرىنىڭ قىلغان سۆزىنىڭ سالمىقى ۋە ئىشەنچىلىكلىك دەرىجىسىنى يۇقىرىقى ئامىللار ئارقىلىق ئۆلچەش تەۋسىيە قىلىنغان بولۇپ، سۆز ساھىبلىرى ياكى ئۇچۇر تەمىنلىگۈچىدە يۇقىرىقى شەرت ياكى ئامىللارنىڭ قانچە كۆپى ھازىر بولغان بولسا، ئۇلار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار شۇنچە ئىشەنچلىك ياكى ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ سالمىقى شۇنچە ئېغىر دەپ قارىلىدۇ. يەنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا غەربتە گەرچە ھەممە ئادەمنىڭ سۆزلەش ئەركىنلىكى بولسىمۇ، بىراق ھەممە ئادەم سۆز ساھىبى بولالمايدۇ ۋە ياكى ھەممە ئادەم سۆزلىگەن سۆزنىڭ سالمىقى ئوخشاش سالماقتا بولمايدۇ. خۇددى بىزدىكى «كېۋەز كۆزدىن، ئىززەت ئۆزدىن» دېگەندەك، كىمنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىززەتكە ئېرىشىشى ۋە قانچىلىك ئېرىششى شۇ ئادەمنىڭ سەممىيىتىگە، بىلىم ساپاسىغا، سىڭدۈرگەن ئەجرىگە، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا، قازانغان نەتىجىسىگە ۋە جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىگە باغلىق. بىر ئادەمنىڭ دەۋالاي دەپ قويغان گېپىنىڭ ھەممىسى گەپ بولمايدۇ. قىلغان سۆزىنىڭ سالمىقى بولۇش بولماسلىقى ۋە قانچىلىك سالمىقى بولۇشىنىڭ ئاچقۇچى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدە.

بىزدە «ئاق ساقاللىق قىلما» دەيدىغان بىر سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «بىلەرمەنلىك قىلما»، «سۆز سالاھىيىتىڭ بولمىغان سورۇندا گەپدانلىق قىلما» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇنداقتا قانداق ئادەم ئاقساقال ھېسابلىنىدۇ؟ ئاقساقاللار ئادەتتە مەھەللىدە ئەڭ سۆز سالاھىيىتى بار ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلار نورمالدا كۆپنى بىلىدىغان ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىنسانلاردۇر. ئۇنداقتا ئاقساقاللارنى ياكى كىمنىڭ سۆز سالاھىيىتى بارلىقىنى كىملەر بەلگىلەيدۇ؟ ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا ئاقساقاللارنى ياكى كىمنىڭ سۆز سالاھىيىتىنى بارلىقىنى خەلق بەلگىلەيدۇ. يەنى بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ بىلىمى، سەممىي، راستچىللىقى، ئادالەتلىكى، مەرھەمەتلىكى، جاسارەتلىكى، سالماقلىقى ۋە ئىزچىللىقى ئارقىلىق خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ ۋە جامائەت تەرىپىدىن ئاقساقال دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر يالغان گەپ قىلمايدۇ، ئىنسانلارغا راست ۋە سەممىي مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان سۆزىنىڭ ئالاھىدە سالمىقى بولىدۇ. جامائەت ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېتىبارغا ئالىدۇ. جامائەت قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ھەر زامان ئۇلاردىن مەسلىھەت ئالىدۇ.

بىزدىكى «مەنبە ئىشەنچىلىكلىكى ئۇقۇمى» تارىختىن بۇيان ئەنە شۇنداق مەھەللە ئاقساقلى ۋە ئەخلاق پەزىلەت، دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا داۋام قىلىپ كەلگەن. يەنى بىز مەھەللە ئاقساقاللارنى ھەر زامان ئىشەنچلىك مەنبە كۆرۈپ، ئۇلارغا ئىشىنىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئۆرنەك قىلىپ كەلگەن. ئەپسۇس، يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندە، بولۇپمۇ بىز خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغاندىن كېيىن، خەلقىمىزنىڭ ئەنەنىۋىي ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ، دىنىي ئېتىقادى چەكلىمىگە ئۇچراپ، ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي

ئىشەنچ ۋەيران قىلىنغان، ھەر خىل يالغان تەشۋىقاتلار ۋە ئالدامچىلىقلار كۆپەيگەن. نەتىجىدە ئىنسانلار نېمىگە ۋە كىمگە ئىشىنىشنى بىلەلمەي قالىدىغان، ھەم شۇنداقلا بىلىپ بىلمەي راس يالغاننى ئارىلاشتۇرىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىدىكەن. بۇ خىل ئەھۋال نۆۋەتتە بىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىمىزغا سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، ئەگەر بىز بۇ مەسىلىنى ۋاقتىدا تونۇپ يەتمىسەك ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەدبىر ئالمىساق، بىزنىڭ خەلقئارادىكى، بولۇپمۇ غەربتىكى ئۆبرازىمىزغا ھەتتا داۋاغا ئېغىر دەرىجىدە سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك، نۆۋەتتە ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەر ئارقا ئارقىدىن «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» دەپ قارارلارنى ئېلىشۋاتقان ۋە ۋەتەنىدە يەتكۈچە زۇلۇم بولۇۋاتقان بوگۇنكى كۈندە، بەزى قېرىنداشلارنىڭ مەنبەسى ئېنىق بولمىغان، مەسجىدلەرگە خىتاي دۆلەت بايرىقى ئاسقان ۋە ياكى ئۇيغۇر دېھقانلار ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلىۋاتقان رەسىملەرنى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى دېگەن سۆزلەر بىلەن يانمۇ يان قويۇپ تەشۋىق قىلىپ يۈرۈشى ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ئەلۋەتتە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتەندىكى ئۇچۇرلارنى قاتتىق كونترول قىلىشى سەۋەبىدىن ۋەتەندىن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئىسپات بولالايدىغان رەسىم ۋە سىن فىلىملىرىگە ئېرىشمەك ئاسان ئەمەس. بىراق بىز ئەگەر ئىسپاتقا ئېرىشمەك قىيىن دەپ قاراپ، مەنبەسى ئېنىق بولغان رەسىم ۋە سىن فىلىملەرنى ۋەتەندىكى زۇلۇم ياكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئىسپاتى قاتارىدا تارقاتساق، ئاخىردا ئۆزىمىزنىڭ پۇتىغا ئۆزىمىز پالتا چاپقان بولىمىز. بىر قىسىم دۆلەتلەردە ۋەتەندىكى زۇلۇمنىڭ خاراكتېرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتكەن ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر بىز مەسجىدكە خىتاينىڭ دۆلەت بايرىقىنى ئاسقان ۋە ياكى دېھقانلار ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلىۋاتقان رەسىملەرنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سۆزى بىلەن يانمۇ يان تەشۋىق قىلساق، ۋەتەندىكى زۇلۇمنىڭ خاراكتېرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن كۆپ دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتكەن بولىمىز. چۈنكى مەسجىدكە دۆلەت بايرىقى ئېسىشنى گەرچە بىز «بىزگە قىلىنغان ھاقارەت» دەپ چۈشەنسەكمۇ، بىراق نۇرغۇن دۆلەتلەردە مەسجىدكە دۆلەت بايرىقىنى ئېسىش نورمال بىر ئەھۋال بولغىنى ئۈچۈن، باشقىلار بىزنى «ئۇلار دەۋاتقان زۇلۇم شۇ ئوخشايدۇ» دەپ خاتا چۈشىنىشى مۇمكىن. دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلىۋاتقان رەسىملىرىگە كەلسەك، ئەگەر ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولسا ۋە ئۇلار مەجبۇرى ئەمگەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك رەسىم بولسا، ئۇ چاغدا بىز ئۇنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى «مەجبۇرىي ئەمگەك» دېگەن سۆز بىلەن يانمۇ يان تەشۋىق قىلساق، تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ. گەرچە بۇلار كۆرۈنۈشكە ناھايىتى كىچىك ئىشلاردەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق ئەگەر بىز مۇشۇ خىلدىكى كىچىك ئىشلار تۈپەيلىدىن باشقىلار نەزىرىدىكى ئىشەنچنى يوقىتىپ قويساق، ئۇ چاغدا ئۇ يوقاتقان ئىشەنچنى قايتا تىكلەش ئۇنچە ئاسانغا توختىمايدۇ. چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ داۋانى يالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن مەيلى خىتاي ئىچىدە بولسۇن ۋە ياكى خەلقئارادا بولسۇن مىلىيارتلارچە دوللار پۇل سەرپ قىلىپ، بىزگە قارشى تەشۋىقاتلارنى كۈچەيتمەكتە.

ئىنگلىز تىلىدا «ناچار كىرەدىت بولغاندىن كىرەدىت بولمىغان ياخشى» دەيدىغان گەپ بولۇپ، ئۇ دېگەنلىك ناچار ئاتاقتا ئېرىشكەندىن كۆرە ھېچقانداق نام-ئاتاقتا ئېرىشمىگەن ياخشى دېگەن مەنادا. يەنە بىزدىكى «كۆلەڭسەڭ ھېجايما» دېگەن ئەقلىيە سۆز بىلەن يېقىن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئەگەر كۈلەلىسەڭ، ئۆزۈڭگە ياراشقىدەك چىرايلىق كۈل، بولمىسا چىشىڭنى چىقىرىپ ھېجىيىپ كۈلۈپ، ئۆز ئوبرازىڭنى بۇزۇۋالما» دېگەن مەندە. ئۇندىن باشقا، بىزدىكى «ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ» دېگەن

ئاتا سۆزىمۇ ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆز ئىشەنچىڭنى يوقاتما دېگەن مەندە. چۈنكى باشقىلار نەزىرىدىكى ئىشەنچنى يوقاتماق بەك ئاسان، بىراق ئۇ يوقاتقان ئىشەنچنى قايتا تىكلىمەك بەك تەس. خەلقئارانىڭ ۋەتەندىكى زۇلۇمغا بولغان تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىشى، ھەرگىزمۇ بىزنىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىپ تارقاتقان مەنبەسى ئېنىق بولمىغان ئۇچۇرلار ۋە ياكى رەسىم، سىن فىلىملىرىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى ۋەتەندىكى كۆپلىگەن خەلقىمىزنىڭ ھاياتى بەدىلىگە شەكىللەنگەن. شۇڭا ھەممىمىزنىڭ ئۇ ئىشەنچنى قەدىرلەش ۋە قوغداش مەسئۇلىيىتىمىز بار.




**ئامېرىكىلىق ئادۇۋكات ۋە قانۇن پەنلەر پروفېسورى مايكىل جوسېفسون مۇنداق دېگەن: «سەممىيەتلىك بولمىسا، ئىشەنچ بولمايدۇ. ئىشەنچ بولمىسا، ئىشىنىش بولمايدۇ. ئىشىنىش بولمىسا، ئىزچىل داۋاملاشقان مۇۋەپپەقىيەت بولمايدۇ.»**

# ئۇيغۇرلار مۇستەقىللىقنى خالامدۇ؟

ئارىمىزدا مۇستەقىللىقنى چۈردىگەن ھالدا «مۇستەقىللىقنى خالايدۇ» ياكى «مۇستەقىللىقنى خالىمايدۇ»، «مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدۇ» ياكى «مۇستەقىللىق تەلەپ قىلمايدۇ»، «مۇستەقىلچى» ياكى «ئاپتونومىيەچى» دېگەندەك تالاش-تارتىشلار داۋام قىلىۋاتقىلى ئۇزۇن زامانلار بولدى ۋە ھېلىھەم داۋام قىلىۋاتىدۇ. ھەتتا بۇ ھەقتە ھەر خىل راي سىناشلار ئېلىپ بېرىلدى. بەزىلىرىمىز باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزدىن گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، «شەرقى تۈركىستانغا مۇستەقىللىق» دېگەن خەتنى تۇتۇپ رەسىمگە چۈشۈپ، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقاتتۇق. يەنى بەزىلىرىمىز «باشقىلار نېمە دېسە دېسۇن» دەپ ئۇنىڭغا ئىپادە بىلدۈرمىدۇق. ئىپادە بىلدۈرگەنلەر، ئۆزىمىزنى «مۇستەقىللىقنى خالايدىغان» ياكى «مۇستەقىلچى» قاتارىغا قويۇپ، باشقىلارنى «مۇستەقىللىقنى خالىمايدىغانلار» ياكى «ئاپتونومىيەچى» قاتارىغا قويۇپ، ئۇلارنى ئەيىپلەشتۇق، ھەتتا بەزىلەر ئىنكار قىلىپ ھاقارەتلەشتۇق.

بىزدە «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دەيدىغان ئاتا سۆزى بولۇپ، ئۇ دېگەنلىك ھايۋاننىڭ رەڭگىنى ھايۋاننىڭ تېشىغا قاراپ بىلگىلى بولىدۇ، ئەمما ئادەمنىڭ رەڭگى ئۇنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، تېشىغا قاراپ بىلگىلى بولمايدۇ دېگەنلىك. بولۇپمۇ سەممىيەتسىزلىك ئەۋج ئالغان بۈگۈنكى دۇنيادا، ئىنساننىڭ ئېغىزدا دېگەن سۆزىگە قاراپلا، ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس.

ھەر قانداق ئىمتىھاننىڭ، ئۇنى تۈزۈپ چىققۇچى تەرىپىدىن بېكەتكەن ئۆلچەملىك جاۋابى بولىدۇ. ئىنسانلار ئۇ ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىش ئۈچۈن ھەتتا ئۆلچەملىك جاۋابلارنى يادقا ئېلىۋېلىشى مۇمكىن؛ شۇڭا ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالغان ئادەم، چوقۇم ئەقىللىق ئادەم بولۇشى ناتايىن. بىر ئادەمنىڭ ئەقلىگە ئەتراپلىق ۋە توغرا باھا بېرىدىغان ئەڭ ياخشى ئۆلچەم ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى، ھەرگىز بىر قېتىملىق ئىمتىھاندا بەرگەن جاۋابى ئەمەس.

ئىنسان چوڭ بولۇپ، مەلۇم ياشقا بارغاندا، يەنى ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى ئىگە چىقالىغۇدەك بولغاندا ياكى شۇنداق تۇيغۇغا كەلگەندە، ھەتتا ئۆزىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئايرىم ئۆي قۇرۇپ مۇستەقىل ياشاشقا ئىنتىلىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەلۋەتتە بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر ئۆمۈر ئاتا ئانىسى بىلەن بىرگە ياشايدىغانلارمۇ بار، لېكىن ئۇلار نىسبەتەن ئاز ساندا. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا مۇستەقىللىققا ئىنتىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت نەرسە.

ئىشىنىمەنكى ئەقلى ھوشى جايىدا ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇستەقىل بولۇشنى خالىمايدىغان ئادەم يوق. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇستەقىل بولۇشنى خالىمايدىغانلار بار دېيىلسە، مۇنداق ئىككى خىل سەۋەبتىن بولۇشى

مۇمكىن. بىرى هازىر مەۋجۇت سىستېمىدىن يىتەرلىك بەھرىمان بولغان، پايدا ئالغان ۋە ئۇ پايدىدىن مەھرۇم قىلىشنى خالىمايدىغانلار. بۇلار سان جەھەتتە بەكلا ئاز. يەنە بىرى مۇستەقىل بۇلالىشقا پەقەت ئىشەنچىسى يوقلار. بۇلارنىڭ سانى نىسبەتەن سەل كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار ھەرگىز مۇستەقىل بولۇشنى خالىمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل بولالاشقا پەقەت ئىشەنچىسى بولمىغاچقا، ھازىرقىدەك قىرىلىپ، ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ تۈگەپ كەتكەندىن كۆرە ئالىي ئاپتونومىيە بولسىمۇ مەيلى دەپ قارايدىغانلار. بۇ خىلدىكى كىشىلەر، ئەگەر مىللەت كۈچلىنىپ مۇستەقىل بولۇشقا كۆزى يەتسە، ئاخىرىدا ئۇلار چوقۇم مۇستەقىللىق سېپىگە قېتىلىدۇ.

ئىشەنچىسىنى يوقاتقات ئادەم خۇددى قۇرۇق تاغارغا ئوخشايدۇ. ناھايىتى ئەپسۇس قۇرۇق تاغارنى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆرە تۇرغۇزغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز قۇرۇق تاغارنى ئۆرە تۇرغۇزىمەن دەپ ئاۋارە بولماي، ئالدى بىلەن ئۇ قۇرۇق تاغارنىڭ ئىچىنى توشقۇزۇشىمىز كېرەك. بىز باشقىلارنى ئۇچى ـ بۇچى دەپ ھاقارەت قىلىپ، ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ ئولتۇرماي، ئالدى بىلەن ئەمەلى ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق خەلقنىڭ مۇستەقىللىققە بولغان ئىشەنچىسىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىشىمىز ۋە ئۇنىڭلىق ئۇچۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، مۇستەقىللىق دېگەن شۇئار توۋلاپ قويغانغا، بىرلىرى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان نەرسە ئەمەس. كۈرەش قىلىپ، بەدەل تۆلەپ ئالىدىغان نەرسە. دۇنيادا بىرسىنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلغىنى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭغا مۇستەقىللىق بېرىدىغان ئىش مەۋجۇت ئەمەس. بۇ دۇنيا كۈچلىنىپ ئۆزىگە تەۋە نەرسىگە ئىگە چىقىدىغان ۋە ئۆز ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان دۇنيا. ئەلۋەتتە ئۇنداق دېگەنلىك كۆڭۈلدىكى ئىستەكلەرنى ئىپادىلىمەسلىك كېرەك دېگەنلىك ئەمەس. بىز كۆڭلىمىزدىكى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىزنى ئىپادىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىزگە تۇشلۇق ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بولۇشى كېرەك.

ئامېرىكانىڭ جەنۇبىي داكوتا شتاتىدا ياشايدىغان لاكوتالىقلار، ئىندىئان قەبىلىسى ئىچىدە، بىرلىككە كەلگەن كۈچلۈك بىر قەبىلە بولۇپ، 1866 ـ يىلدا ئامېرىكا ئەسكەرلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا ئۇستۇنلىكنى ئىگەللىگىنى ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمەت تەرەپ لاكوتالىقلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ئۇلار ياشىغان قارا تۆپىلىك رايوننى لاكوتالىقلارنىڭ زېمىنى دەپ ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇ يەردىن چېكىنىپ چىققان ئىكەن. كېيىن ئۇ يەردىن ئالتۇن بايقىلىپ، ئاق تەنلىكلەر ئۇ زېمىنغا باستۇرۇپ كىرگەن ۋە ئامېرىكا ئەسكىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاق تەنلىكلەر ئۇ زېمىننى ئىگەللىۋالغان ئىكەن. كېيىن ئۇ زېمىن ئامېرىكا فېدىرال ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى 142 يىل داۋامىدا لاكوتالىقلار ئۇ زېمىن داۋاسىنى ھەرگىز توختاتمىغان. 1980 ـ يىلى ھەتتا ئامېرىكا ئالى سوتى ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكا فېدىرال ھۆكۈمىتى ئۇ زېمىننى قانۇنسىز بىسىۋالغان دەپ ھۆكۈم چىقارغان؛ لېكىن ئۇنىڭدىن 38 يىل كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ، دۇنيادا ئەڭ دېموكراتىك ھېسابلانغان ئامېرىكا، ئۆزىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇ زېمىننى لاكوتالىقلارغا تېخىچە قايتۇرۇپ بەرمىگەن.

ھەرقانداق دۆلەتكە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. خەلقئارا قانۇن ـ تۈزۈم دېگەنلەرمۇ، ئەمەلىيەتتە كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۆز دۆلەت مەنپەئەتىنى مەركەز قىلغان ھالدا، باشقىلارنىڭ بوي

سۇنىشى ئۈچۈن تۇزۇپ چىققان قائىدە تۈزۈمدۇر. كۆچلۈك بولغاندا، ئۇنىڭغا بوي سۇنۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ؛ ئاجىز بولغاندا، ئۇنىڭغا بوي سۇنۇپ، كۈچلۈك دۆلەتلەردىن كېلىدىغان ئىلتىپات (يەنى پايدىلىق خەلقئارا ۋەزىيەتنى) كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرى بولگىنىدەك ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچ سىنىششى بولۇپ، ئامېرىكا سوۋېتقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن گومىنداڭنى قوللىغان. **1971** ـ يىلغا كەلگەندە ئامېرىكا يەنە شۇ سوۋېتقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن گومىنداڭ يەنى تەيۋەننى ب د ت دىن سىقىپ چىقىرىۋېتىپ، ختاي كوممۇنىست ھاكىمىيتىنى قوللاپ، ئۇنى ب د ت غا كىرگۈزگەن. ئەمدىلىكتە ختاي كوممۇنىست ھاكىمىيتى ئۆزگە تەھدىت بولغاندا، ختاي كوممۇنىست ھاكىمىيتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تەيۋەننى قايتىدىن قوللاۋاتىدۇ. دېمەك خەلقئارا ۋەزىيەت ئەمەلىيەتتە كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆزگۈرۈپ تۇرىدۇ. بىزمۇ پەقەتلا شۇ «خەلقئارا ۋەزىيەت» نىڭ بىزگە پايدىلىق بولۇپ ئۆزگۈرۈشىنى كۈتىۋاتىمىز. ئەمەلىيەتتە بىزگە پايدىلىق ئۇ خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كىلىشى، يالغۇز بىزنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىزگە ۋە ياكى بىزنىڭ نېمىنى تەلەپ قىلىشىمىزغا باغلىق بولۇپ قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئالدىمىزدا باشقا كۆپ تاللاش بولمىغاندا، بولۇپمۇ كۈچسىز چارىسىز قالغاندا، دەۋانى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ھالدا ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىششىنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

دوختۇرلۇقتا كېسەل داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كۆپلىگەن دورىلارنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئەكس تەسرى بار. ئەمما كېسەل داۋالاشتا باشقا تاللاش بولمىغاندا، ئۇ دورىلارنىڭ ئەكس تەسرى بارلىقنى بىلىپ تۇرساقمۇ، بىز يەنىلا ئۇ دورىلارنى ئىشلىتىمىز. چۈنكى ئۇ دورىنى ئىشلەتمىسەك كېسىلىمىز ئەغىرلىشىپ ئۆلۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن؛ ئەگەر ئۇ دورىنى ئىشلەتسەك، گەرچە ئۇنىڭ بەلگىلىك ئەكس تەسرى بولسىمۇ، سالامەتلىكىمىزگە بەلگىلىك زىيان ئېلىپ كەلسىمۇ، بىراق ئۇ دورا ھاياتىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا زۆرۈر بولغاچقا، بىز ئالدى بىلەن ئۇ دورىنى ئىشلىتىپ ھاياتىمىزنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولىمىز.

مۇستەقىل بولۇش «شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق» دەپ شۇئار توۋلاپ قويۇشتەك ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. بىز بىر بىرىمىزنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق مۇستەقىللىققا ئېرىشەلمەيمىز. بىز «خائىن» ياكى «ئاپتونومىيەچى» دەپ قارىغانلارنىڭ ھەممىنى يوق قىلىۋەتسەكمۇ، ئۇنىڭلىق بىلەن مۇستەقىللىق ئۆزلىكىدىن كەلمەيدۇ. مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرستىشكە، ئىمكانىيىتىمىز يېتىدىغان بارلىق چارە تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا، ئۆز قېرىنداشلىرىمىزغا ئەمەس دۈشمىنىمىزگە قارشى ئورتاق كۈرەش قىلىشقا ۋە بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. ھىندىستان خەلقنى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسىدىن ئازات قىلغان گەندى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ئەگەر سەن دۇنيادا ئۆزگۈرۈش بولۇشنى خالىساڭ، ئەۋەل سەن شۇ ئۆزگۈرۈش بولىشىڭ كېرەك». بىز باشقىلارنى «مۇستەقىللىقنى خالىمايدۇ ياكى ئاپتونومىيەچى» دەپ زېنىمىزنى خورىتىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىمىز مۇستەقىللىق ئۈچۈن كونكېرت تىرىشچانلىقلارنى كۆرستىپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز كېرەك.

بىر ئىنسان ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇپ ئايرىم ئۆي تۇتۇپ، مۇستەقىل ياشىماق دېمەك. يالغۇز ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش دېگەنلىكلا ئەمەس، ئەڭ موھىمى ئۆيىنىڭ يوقىنى بار قىلىپ، بىر ئائىلىنىڭ يۈكىنى توشۇماق دېمەك. دۆچ كەلگەن جاپا مۇشەققەتنى يەڭمەك دېمەك. بالا مەيلى ئەقىللىق تۇغۇلسۇن ياكى دۆت تۇغۇلسۇن، مەيلى ساغلام تۇغۇلسۇن ياكى مېيىپ تۇغۇلسۇن، ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلماق، ياخشى تەربىيىلىمەك، خاتالاش تۈزەتمەك دېمەك؛ ھەرگىزمۇ دۆت ياكى مېيىپ تۇغۇلۇپ قالسا، ئۇنى ئىنكار قىلىپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىش، ھەتتا يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇش دېمەك ئەمە.؛ قىسقىسى ئايرىم ئۆي تۇتۇپ مۇستەقىل ياشىماق دېمەك، ئۇ بىر مەسئۇلىيەت دېمەك. شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇستەقىللىق ۋە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھەرگىزمۇ باشقىلارنى ئىنكار قىلىپ، كۆڭۈلنى خوش قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋەتەننىڭ يۈكىنى بىرگە توشۇش دېمەك؛ ئەڭ موھىمى ئۇ مەسئۇلىيەت دېمەك. ئامېركا پرېزدېنتى جون ف. كەننەدي مۇنداق دېگەن ئىكەن «ۋەتىنىم ماڭا نېمە قىلىپ بىرىدۇ دەپ سورىماي، مەن ۋەتىنىم ئۈچۈن نېمە قىلىپ بەردىم دەپ سوراڭ.» شۇڭا بىز باشقىلار ئۇنى قىلدى، بۇنى قىلمىدى دەپ، باشقىلارنى ئەيىپلەش ۋە ئىنكار قىلىشنىڭ ئورنىغا، مەن نېمە قىلدىم دەپ ئۆز ئۆزىمىزدىن سوراپ باققىنىمىز تۈزۈك.

جەنۇبىي ئافرىقىلىق ئاتاقلىق سىياسىيون ۋە قارا تەنلىكلەرنىڭ لېدىرى نېلسون ماندېلا مۇنداق دېگەن ئىكەن «ئەركىن بولۇش پەقەتلا بويۇنغا سېلىنغان زەنجىرنى پاچاقلاپ تاشلاش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئۇ باشقىلارنىڭ ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ياشاش دېمەكتۇر.»

ئاخىردا ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىل بولۇشىدا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان تۇنجى قېتىملىق ئامەركا پرېزدېنتى گەئورگە ۋاشىڭتوننىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن يازمىنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن، "ئازاتلىق ھەركىتى يىلتىز تارتىشقا باشلىغان ھامان، ئۇ تېز ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈككە ئايلىنىدۇ". ئىشىنىمەنكى ئەگەر بىزنىڭ مۇستەقىللىققە بولغان ئىشەنچىمىز كامال بولسا ۋە بىر نىيەت بىر مەقسەتتە تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك، ھامان بىر كۈنى چوقۇم مۇستەقىل بولىمىز.

# تەلۋە ئات ھېكايىسىدىن پەيدا بولغان تۈيغۇلار

تەلۋە ئات يەنى، كۆپۈنچە ئامېرىكىلىقلارغا نىسبەتەن ناتونۇش بولمىسىمۇ، بىراق بىزگە ئوخشاش ئامېرىكا تارىخى بىلەن، بولۇپمۇ يەرلىك ئامېرىكىلىق ياكى ئامېرىكىلىق ئىندىئانلارنىڭ تارىخى بىلەن ئۇنچە تونۇش بولمىغان يېڭى كۆچمەنلەرگە نىسبەتەن، ئۇ پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان بىر ئىسىم بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا تەلۋە ئات يەنى كىرازي ھورسە دېگەن نەمە؟ ئۇنىڭ قانداق بىر ئالاھىدە ھېكايىسى بار؟

تەلۋە ئات **1840** ـ يىلى بىلەن **1877** ـ يىلى ئارىسىدا ياشىغان ئامېرىكىلىق ئىندىئان چەۋەنداز، لىدىر، ئۆز خەلقىنىڭ زېمىن ۋە ھەق ـ ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بىر قەھرىمانغا، باشقىلار تەرىپىدىن بىرىلگەن لەقەم. **1868** ـ يىلى، يەرلىك ئىندىئانلار بىلەن ئامېرىكا ھوكۈمەت تەرەپىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن، ھازىرقى جەنۇبى داكوتا شتاتىدىكى قارا تاغ رايونىنى ئىندىئانلارغا قايتۇرۇپ بېرىش كېلىشىمى تۈزۈلگەن. ئەمما كېيىن قارا تاغدا ئالتۇن بايقالغاندىن كېيىن، ئاقلار، گېنىرال جورج ئا. كۇستەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىندىئانلارغا تەۋە ئۇ زېمىنغا باستۇرۇپ كىرگەن ۋە ئامېرىكا ھەربىي تەرەپىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. تەلۋە ئات يېتەكچىلىك قىلغان **10** ئىندىئان، **1876** ـ يىلى گېنىرال جورج ئا. كۇستەر قوماندانلىقى ئاستىدىكى ئامېرىكا دۆلەت ئارمىيەسىگە قارشى ئۇرۇشتا **81** مۇنتىزىم ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، ھەم ئىندىئان خەلقى ھەم ئامېرىكا دۆلەت تەرەپىنىڭ قول قويۇشىغا سازاۋەر بولغان. ئامېرىكا دۆلەت تەرەپ شۇ ئېغىر بەدەل سەۋەبىدىن ئىندىئانلارغا تەۋە ئۇ رايوندىن چېكىنىپ چىقىشقا ۋەدە بەرگەن. ئەپسۇس، **1877** ـ يىلى تەلۋە ئات قىلتاققا چۈشۈپ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان ۋە ئاقلارغا سېتىلغان ئۆز ئادىمى تەرىپىدىن بىر پىچاق، ئامېرىكا ئەسكىرى تەرىپىدىن يەنە بىر پىچاق يەپ ئېغىر يارىدار بولغان ۋە ئاخىردا نەبراسكىنىڭ فورت روبىنسوندىكى ھەربىي بازىدا ئۆلۈپ كەتكەن. شۇنىڭدىن ئەتىۋارەن، ئامېرىكا فېدىرال ھوكۈمەت ئىندىئانلارغا تەۋە ئۇ زېمىننى پۈتۈنلەي ئىگەللىۋالغان. **1980** ـ يىلى ئامېرىكا ئالىي سوت، ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكا فېدىرال ھوكۈمەت ئۇ زېمىننى قانۇنسىز ئىگەللىۋالغان دەپ قاراپ، يەرلىك ئىندىئانلارغا **102** مىليون دوللار تۆلەم تۆلەپ بېرىشنى قارار قىلغان؛ لېكىن يەرلىك ئىندىئانلار ئۆزىنىڭ شۇنچىلىك كەمبەغەل ئىكەنلىكىگە قارىماي «ئۇ زېمىن سېتىلمايدۇ» دەپ، ئۇ پۇلنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغان. ئۇ پۇل **1980** ـ يىلدىن ھازىرغا قەدەر بىر تەرەپ بولمىغىنى ئۈچۈن، ئۆسۈمى بىلەن قوشۇلۇپ **1** مىلىيارت دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن.

**1927** ـ يىلدىن **1941** ـ يىلغىچە بولغان **14** يىل ئىچىدە، ئامېرىكىلىق مەشھۇر ھەيكەلتاراش گۇتزون بورگلۇم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى لىنكولن بورگلۇم، ئامېرىكانىڭ جەنۇبى داكوتا شتاتىدىكى قارا تاغقا جورج ۋاشىڭتون، توماس جەفرسون، تېئودور روزۋېلت ۋە ئابراھام لىنكولن قاتارلىق ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر

4 پرىزدېنتنىڭ ھەيكىلىنى ئويۇپ، ئۇلار ئۇچۇن خاتىرە سارىيى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، پولشا نەسلىدىن بولغان ئامېرىكىلىق ھەيكەلتاراش كوركزاك زىئولكوۋسكى **1948** ـ يىلى تەلۋە ئات نى خاتىرلەش ئۇچۇن، ئۇ 4 پرىزدېنت ھەيكىلىدىن ئۇنچە يىراق بولمىغان جايغا تەلۋە ئاتنىڭ ھەيكىلىنى ئويۇشقا باشلىغان ۋە ئۇ يەرگە تەلۋە ئاتنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى مەركەز قىلغان چوڭ كۆلەملىك خاتىرە سارىيى، ئىندىئانلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇزېيىياساپ چىققان. **70** يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ ھەيكەل گەرچە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تېخى تولۇق پۈتمىگەن بولسىمۇ، بىراق ھەر يىلى مىليونلىغان ئىنسانلارنى جەلىپ قىلىپ كەلمەكتە. **1982** ـ يىلى ئامېرىكانىڭ پوچتا ئىدارىسى تەلۋە ئاتنى خاتىرلەش ئۈچۈن مەخسۇس ماركا تارقاتقان.

تەلۋە ئات **1877** ـ يىلى ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن «مېنىڭ زېمىنىم مېنىڭ ئۆلۈكىمنى دەپنە قىلىدىغان يەر» دېگەن بىر كۇبلېت شېئىرنى قالدۇرغان ئىكەن.




ئۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

تارىخنىڭ مۇساپىسى سۆزلەنگەندە
بۇ يەردە ئويۇلغان ھەقىقەتلەر بىلىنسۇن
ۋىجدان مەدەنىيلىكنىڭ مەۋجۇتلىقىنى بەلگىلەيدۇ
بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز ئۇنى دۇنيانىڭ ئالدىدا قويۇش

يىلنامە مەڭگۈ يوقالمايدۇ
كائىناتتىكى ھەممە شەيئىيلەرگە ئوخشاش
مۇقەررەر ھالدا بىز ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىمىز

ناتونۇش كىشىگە پاناھلىق بەرگەن بۇ يەر
ئەسلى مىليون يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ ئىدى
مەدەنىيەتلەر ھەيۋەتلىك ۋە كۈچلۈك
بەھرىمان بولۇشقا بىزنىڭ بايلىقىمىز مول
ئۇلارغا مىننەتدارلىقىمىز ھەممىگە ئايان
ئەمما كېيىن بىزگە زۇلۇم قىلغانلار
قاتىللىق، باسقۇنچىلىق ۋە قانلىق ئۇرۇش

تاجاۋۇزچىلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىگە قارايمىز
مىراسلىرىمىزنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىگىلىگۈچىلەر
بىز ئۇچۇن ئۆتمۈش قەلبىمىزدە
كەلگۈسى ھەرگىز بۇرۇنقى بىلەن ئوخشىمايدۇ
سىلەرگە بۇ تاشقا ئويۇلغان داستاننى قالدۇردۇم
ئەۋلادلىرىڭلار ئۇنى مەڭگۈ بىلسۇن
مېنىڭ زېمىنىم مېنىڭ ئۆلۈكۈم دەپنە قىلىنغان يەر.

«مېنىڭ زېمىنىم.» ئاڭلاشقا نە قەدەر ئاددىي، بىراق نەقەدەر چوڭقۇر مەنىلىك بىر سۆز ھە! بىر ئىنساننىڭ «ئۇ مېنىڭ» دەيدىغان ئىگىدارچىلىق ئېڭى قانچە ياشتىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلايدۇ؟ ئۇ ماڭا بەك ئايان ئەمەس، چۈنكى مەن خىلى چوڭ بولغۇچە بىرەر نەرسىنى مېنىڭ دەپ باققىنىم ئېسىمدە يوق. ئەمما مېنى ھەيران قالدۇرغىنى، ئەركىن دۇنيادا تۇغۇلغان باللارنىڭ ئەمدىلا تىل چىققان ياشلاردىن باشلاپ داۋالىق "ئۇ مېنىڭ" (ئىت ئىس مىنە) دېيىشى بولۇپ، ئۇ "ھەممە نەرسىگە دۆلەت ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان، دۆلەت ئىگىدارچىلىقى تۈزۈمىدە چوڭ بولغان ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىدى. مەن ئويلاپ باقسام، ئۆزۈم پۇل تېپىپ بىر نەرسە سېتىۋالغانغا قەدەر، ھېچ بىر نەرسىنى ھەقىقىي تۈردە مېنىڭ دەپ، ئىگىدارچىلىق قىلىپ باقمىغان ئىكەنمەن. ھازىر بىز ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە، بالا ئۇخلايدىغان ئۆي بالىنىڭ؛ ئاتا ئانا ئۇ ئۆيگە كىرمەكچى بولسا، ئىشىكنى چېكىپ، بالىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ئاندىن كىرىش كېرەك؛ بولمىسا بالا رەنجىشى مۇمكىن؛

بۇ دەسلەپتە ماڭا نىسبەتەن قوبۇل قىلىش ناھايىتى تەس بىر ئەھۋال بولسىمۇ، بىراق ئۇيالاپ باقساق، ئۇ بالىلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى موھىم ئىكەن. بىز بىر تەرەپتىن ھەممە نەرسىگە دۆلەت ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان چوڭ مۇھىتتا ياشىغان بولساق، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىمىزگە تەۋە نەرسىلەرنى باشقىلار بىلەن ھەمبەھەرلىششىنى ئېسىل ئەخلاق دەيدىغان، نەرسىلەرنى مېنىڭ دەپ ئىگە چىقىشنى شەخسىيەتچىلىك بولىدۇ دەپ ئەيىپلەيدىغان تەربىيە بىلەن چوڭ بولغىنىمىز ئۈچۈن، بىزدىكى ئىگىدارچىلىق ئېڭى ناھايىتى كىچىكىپ شەكىللەنگەن ۋە ئۇنچە كۈچلۈك بولمىسا كېرەك.

ئامېرىكىغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن ۋاقىت بولسا كېرەك. بىر كۈنى يەسلىدە بىر بالا يەنە بىر بالا بىلەن ئويۇنچۇق تالىشىپ، ئويۇنچۇقتا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن يىغلاشقا باشلىغاننى كۆرگىنىمدە، مەن كۆڭلۈمدە ئوقۇتقۇچى ئويۇنچۇقنى يىغلىغان بالىغا ئېلىپ بېرىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى، ئەكسىچە ئوقۇتقۇچى پەقەتلا يىغلىغان بالىنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ، ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بەردى. ئەگەر ئۇ ۋەتەنىدىكى يەسلى بولسا، ئوقۇتقۇچى ئويۇنچۇقنى ئىگەللىۋالغان بالىغا چىرايلىق گەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇ ئويۇنچۇقنى يىغلىغان بالىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە كۆندۈرگەن بولاتتى. ئەمما بۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچى ئۇ بالىنىڭ يىغلىغنى ئۈچۈن ئويۇنچۇقنى ئۇ بالىغا ئېلىپ بەرمىدى. رېئال ھاياتتا ھېچكىم يىغلىغانغا ئىچى ئاغرىپ، ئۆزىگە تەۋە نەرسىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرمەيدىغانلىقنى كۆرۈۋاتىمىز. ئىنسان ئۆز ھەق ـ ھوقۇقنى ئۆزى قوغدىشى كېرەك، ئۆز مۈلكىگە ئۆزى ئىگە چىقىشى كېرەك. ئۆز ھەق ـ ھوقۇقىغا ۋە ئۆز مۈلكىگە ئىگە چىقالمىغان ئادەم، قانداق قىلىپ ئۆز زېمىنىغا ۋە ئۆز ۋەتىنىگە ئىگە چىقالىسۇن؟

تەلۋە ئات گەرچە ئەڭ ئاخىردا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆز زېمىنىغا ئىگە چىقىپ، ئۇنى ئاخىرغىچە قوغدىيالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆز زېمىنىغا ئىگە چىقىش روھىي، كېيىنكىلەر تەرىپىدىن مەڭگۈ خاتىرلەنگۈسى.

# يازغۇچى ھەققىدە



مەمەت ئېمىن دوختۇر، 1999 - يىلى ئامېرىكاغا كەلگەن بولۇپ، شۇندىن ئېتىبارەن ئامېرىكانىڭ نيۇيورك شەھرىگە جايلاشقان كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تىببى مەركىزىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئۇ ئاساسلىقى ئۆپكە، نەپەس يوللىرى كېسەللىكلىرى ۋە بەدەندە ئوكسىگېن كەملىكتىن پەيدا بولغان زەخىملەر توغرىسىدا ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، خەلقئارا ئىلمىي ژۇرناللاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقاندا نەپىسى توختاپ قېلىش كېسىلى توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسى 2016- يىلى دۇنياغا داڭلىق «ئىلىم-پەن» ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان.

دوختۇر مەمەت ئېمىن خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا خەلقىمىزنىڭ ساغلاملىق ساپاسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، كۆپلىگەن تىببى ساۋاتلارنى تەييارلاپ، ۋەتەن ئىچى، سىرتىدىكى تور بەتلەردە ئېلان قىلغان ياكى ئىجتىمائى تاراتقۇلاردا خەلقىمىز بىلەن ئورتاقلاشقان. تىببى جەھەتتە مەسلەھەتكە ئېھتىياجلىق بولۇپ، ياردەم سورىغانلارغا ئىنچىكە تۈردە مەسلەھەت بېرىپ كەلگەن. ئۇندىن باشقا، ئۆزىنىڭ ئامېرىكادا كۆرگەن بىلگەنلىرىگە ئاساسەن، خەلقىمىز كۆڭۈل بۆلىدىغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ھەر خىل تېمىلاردا سېلىشتۇرما خاراكتېرلىك ماقالىلارنى يېزىپ، خەلقىمىز بىلەن ئورتاقلىشىپ كەلمەكتە.

# غەرب دېموكراتىيىسى ۋە ئۇيغۇرلار

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مەسىلىلىرى ھەققىدە ماقالىلەر توپلىمى



ئۇيغۇر پروجېكت فوندى